

تارىم
3
1991
AltunOq

ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار







باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : ئارسلان
مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان. ئابدۇروسۇل ئۆمەر. ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

www.uyghurkitap.com

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

3

AltunOq

1991

41 -يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## ماقالىلەر


خەن رۇيتىڭ ..... سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيەتـ
لىك ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك ..... 145
ئە. ئۈمەر ..... يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ ..... 150


## نەسرىي ئەسەرلەر


غ. مۇھەممەت ..... كىم ئەيىبلىك (ھېكايە) ..... 12
ت. ئابلەت ..... تۇنجى مۇھەببەت (ھېكايە) ..... 28
ق. مۇھەممەت ..... تام (ھېكايە) ..... 36
ق. جېلىل ..... قايتىش (ھېكايە) ..... 52
ج. قاسىم ..... كۆز يېشىدا يۇيۇلغان خەت (ھېكايە) ..... 69
ق. ئېلى ..... «ياشلىق» ۋە باشلىق (ھېكايە) ..... 78
ھ. تۇردى ..... ئۇ نېمە ئۈچۈن يالغان كۈلدۇ (ھېكايە) ..... 81
س. دۇگايلى ..... پاسىل (پوۋېست) ..... 100


## شېئىرلار


ت. ھۈسەيىن ..... شېئىرلار ..... 4
ك. ئابدۇللا ..... يۈرىكىمدە ئىز قالدۇردى گۈلچى قىز ..... 7
ئا. تۇرسۇن ..... سۆيگۈ ئىلھاملىرى ..... 8
م. ھەسەن ..... ھايات ..... 9
پ. ئىسمايىل ..... مەن گوياكى چېقىلغان چاقماق ..... 9
ئا. ئابدۇرېھىم ..... ئەكس تۇيغۇلار ..... 10
ئا. ئىدرىس ..... دولقۇنلىغان ھېسلىرىم ..... 10
م. خالىق ..... مەن ھاياتنى سۆيدۇم ئۇلۇغلاپ ..... 11
پ. ھەسەن ..... ئامانىسا ..... 11
م. راشىدىن ..... غەزەللەر ..... 40
م. زەيىدى ..... شەھەرلەر باقىيدۇر ..... 44

ئا. ئابدۇرېھىم ........ بەختلىكمەن سۆيگۈگۈلەردىن گۈزەللەر ........ 45
ئا. توختى ........ سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرى ........ 45
ت. ئۆمەر ........ كۈلدى بەخت قىزى ئاخىر جىلمىيىپ ........ 46
ئە. مۇھەممەت ........ ھايات قايناق سېنىڭدە سەھرا ........ 47
ن. قىيۇم ........ باھار ........ 47
ئو. مەتنىياز ........ تەھرىر ........ 48
س. قاۋۇز ........ شائىر مېھرى ........ 49
ت. ئابدۇۋېلى ........ ئىككى شېئىر ........ 49
ئۆ. شاۋدۇن ........ بۇلاق بويىدا ........ 50
م. داۋۇت ........ سەھرا قىزلىرى ........ 50
ر. ئىمىر ........ سېنى ئىزدەپ ........ 51
م. زايىت ........ تۈگىمەس دىئالوگلار ........ 95
ئە. داۋۇت ........ تېپىۋالدىم ئۆزۈمگە باپ يول ........ 97
ئا. مۇھەممەت ........ سەن كۆكلەم، مەن يىللىق شامال ........ 98

## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

ۋ. بارىي ........ ئىجادىيەت ھەققىدە ........ 154

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ج. ستويات ........ مۇھەببەت (ھېكايە) ........ 158

* * *

مۇقاۋىدا: توختىماس ئىبقىن ... سۇماۋچۇن فوتوسى.

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنئاي ھۇسىيىن

# شېئىرلار

### ئاپتور ئىنىمغا

ئۆزىڭىزنى تونۇمىسامىمۇ،
مەن بىلىمەن ئادرېسىڭىزنى.
ئىزاھاتسىز ئۇقىمەن ئېنىق
تەخەللۇس ھەم ئۆز ئىسمىڭىزنى.

پەش، چېكىتنى قويىسىز قانداق؟
تونۇيمەن ھەم ئىملايىڭىزنى؛
بىر بەت خەتنى يېزىپ بولغۇچە
قىلغان نەچچە خاتايىڭىزنى.

سۆز ئۈنچىسى تىزىلىپ قۇرغا،
نۇر چاقنىسا مىسرايىڭىزدا،
ئۇسسىغاندا ئىچكەندەك شەربەت
شادلىنىمەن شۇ بانىڭىزدا.

گەر ئالدىراپ ئىجاد بېغىدىن
مېۋىڭىزنى ئۈزسىڭىز خامراق،
قامىغاندەك بولدۇ چىشىم
توڭ غورىنى يېگەندەك شۇ چاغ.

ئىجادىيەت دەرىخىڭىزدە
ياۋا شاخلار قالغاندا ئۇچراپ،
باغقا ئاشنا باغۋەندەك خۇددى
ئايىماستىن قويىمەن چاتاپ.

گەر ئۇچرىسا قۇرلىرىڭىزدا
نا خىل مېۋە، ناباپ بىرەر سۆز،
مەن تۈزەيمەن بولۇپ بىر زەرگەر
زەر ئۈزۈككە قويۇپ ياقۇت كۆز.

ئىجادىيەت گۈلزارلىقىدا
گۈللىرىڭىز چاچسا خۇش پۇراق،
شادلىنىمەن خۇددى سىز كەبى،
ئۆز ئەسىرىم چىققاندەك شۇنداق.

سىز تاپسىڭىز ئاتاق ۋە شۆھرەت،
مەن تاپقاندەك بولىمەن ئۇنى.
گەر قەلبىڭىز سەزسە بىر غۇرۇر،
مەن بەرگەندەك بولىمەن شۇنى.

ماختىنىمەن ئەسىرىڭىزنى
چىقارغىنىم ئۈچۈن تەھرىرلەپ،
كىتابخانى كىتابىڭىزنىڭ
تۇنجىسى مەن بولىمەن ئەبەد.

چېھرىڭىزنى تونۇمىسامىمۇ،
ئۆزىڭىزنى بىلىمەن ئېنىق.
مەلۇم ماڭا ئىستەكلىرىڭىز،
مەلۇم ھەتتا سىز تىنغان تىنىق.

مەن رازىمەن ئىجادىڭىزغا
سەرپ بولسا ئەقلىم جەۋھىرى،

مەن خۇشالمەن قۇرىڭىز ئارا
پۈتسە سىزىپ كۆزۈم گۆھىرى.

**ئانامغا**

جېنىم ئانا، مېھرىبانىم، جانجان،
سېنى دېسەم ئاقار كۆزۈم چەشمىسى.
تۈگىتالمايمەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئۆكسۈسەم،
دىلنى ئۆرتەر سەنسىز ئۆمرۈم كەچمىشى.

تۇرالمايتتىڭ جېنىم ئانا «بالام» دەپ،
باقمىغانتىڭ بىزدىن بىردەم ئايرىلىپ.
قانداق ئۆتتى يىگىرمە يىل سېنىڭسىز،
ئۆتتى گويا قاناتسىز قايرىلىپ.

ئەستىن چىقماس يېقىملىق، ئۇز چىرايىڭ،
كۆزلىرىڭنىڭ مېھرى ئاتەش زىياسى،
جان بالام دەپ كېچە ـ كۈندۈز غەملەر يەپ
كۆچكەن ئىدى چاچلىرىڭنىڭ سىياسى.

ئانا جېنىم، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېسەكەپ،
كېلەر سېنىڭ ھىدلىرىڭنى ھىدلىغۇم.
گاھى غەمگە چۆكسەم، كېلەر بويىنۇڭغا
گىرە سېلىپ ھالىم ئېيتىپ يىغلىغۇم.

ئانا بولماق تەسكەن «بالام» دەر ئىدىڭ
گاھى چاغدا مېنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ.
بىلمەپتىمەن جېنىم ئانا تەسلىگىن
بىلدىم ئەمدى ئىككى بالا ئۈستۈرۈپ.

ئالتىمىزنى قانداق باققان بولغىيدىڭ،
ئۇتقا، سۇغا بەرمەي ساغلام چوڭ قىلىپ.
ھەمدە سەپكە قانداق قوشقان بولغىيدىڭ،
زېرەك قىلىپ، ئەقىل ـ ھوشلۇق ئۇك قىلىپ.

گاھ بالىدىن غەم يەپ تىنماي ئەنسىرەپ
يوقار ئارام كېچىسى ھەم كۈنلىزكى.
ئانا بولماق تەسكەن ئانا، بالىنىڭ
مۇمكىن ئەمەس ئانا دەردىن بىلمىكى.

جەبىردىمىزنى تارتىپ كەتتىڭ جان ئانا،
راھەت دېگەن ساڭا نېسىپ بولمىدى.
يۈرىكىمدە قاينار شۇڭا ھەسرىتىم،
دەيمەن ساڭا ھايات نېسىپ بولسىيدى.

كۆرسەڭ ئىدىڭ ئۆزۈڭ تىككەن نىھالنىڭ
ئۆسۈپ شېرىن مېۋىلەرگە كىرگىنىن.
بىلسەڭ ئىدىڭ ھەر پەرزەنتىڭنىڭ قەلبىنى
ئانىسىزلىق دەردى قانداق تىلغىنىن.

بەك ياش كەتتىڭ جېنىم ئانا، نەۋجۇۋان،
بولساڭ ئىدىڭ قىلسام ئىدىم ئىززىتىڭ.
كۆرپە سېلىپ تەگلىرىڭگە يەتتە قات،
كېچە ـ كۈندۈز قىلسام سېنىڭ خىزمىتىڭ.

باشقا ئېلىپ ئايلاندۇرسام جاھاننى،
ئادا بولماس ئىكەن ئەجرىڭ ـ ھىممىتىڭ.
تۈنلەر بىدار، سوغۇق بۆشۈك قۇچاقلاپ
بىر كېچىلىك چەككەن جاپا ـ مېھنىتىڭ.

بالا ئىدىم، نادان ئىدىم ئۇ چاغلار،
بىلمەپتىمەن جېنىم ئانا قەدرىڭنى.
ئانا بولدۇم، بولغان چاغدا باللىق
بىلدىم پەرزەنت ئۈچۈن تارتقان جەبرىڭنى.

جېنىم ئانا، مېھرىبانىم، جانجان،
سېنى دېسەم ئاقار كۆزۈم چەشمىسى.
تۈگىتالمايمەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئۆكسۈسەم،
دىلنى ئۆرتەر سەنسىز ئۆمرۈم كەچمىشى.

## بالىلارغا

قىرانلىق پەيتنى ئۆتكۈزۈپ چىنار
كەتكەندەك سۆلتى، باشتىن كۆركەم تاج.
ئاتا ـ ئانىلارمۇ قېرىپ ئاجىزلاپ
بالىدەك بوپ قالار بىر كۈن نائىلاج.

قەلبىدە نى ئارزۇ ـ ئارمانلار يانار،
دەرمان يوق، ئارمانغا يەتمەكى قىيىن.
ئۇلار بىر زېمىندۇر، پەرزەنتلەر يامغۇر،
يامغۇردىن كۆكلەيدۇ ئېلىپ ئۇلار سىن.

ئاتا دەپ، ئانا دەپ كەلسەڭ گەر يىقلاپ،
ئالەممۇ ئۇلارغا بولىدۇ گۈزەل.
رازىدۇر بېشىدىن چاچمىساڭمۇ زەر
ئېغ سېنى كۆكسىگە ياققىنى ئەۋزەل.

ئۇلار بىر دەريايى ئەزىمدۇر گويا،
باغرىدا بېلىقتەك يايرىۋال پەقەت.
ئەزىز پەرزەنتىنى ئېلىش بىر ھىدلاپ
ئۇلارغا بەختتۇر، ئۇلارغا راھەت.

ئون بالا باقىدۇ بىر ئاتا ـ ئانا،
ئون بالا ئۇلارنى كۈتەلمەس ئەجەپ.
ئۇلارنىڭ نۆۋىتى شۇ بولار تەكرار،
بۇ دۇنيا ئاشۇنداق كېلەر چۆگىلەپ.

بۇ دۇنيا ئاشۇنداق كېلەر چۆگىلەپ،
ئارمان بار، دەرمانسىز بولارسەن بىر كۈن.
ئاتاڭنى، ئاناڭنى ئىززەت قىل كۆپرەك،
نېمىنى تېرىساڭ ئالارسەن بىر كۈن.

## مارستىكى ساھىبخان

ياسىدى تەتقىق قىلىپ ئالەم كېمىسى،
مارىيە كيۇرى① زېھنىن قىلىپ جەم.
ژۇلىيۇكيۇرى② دوستلىرى بىلەن
كېمىگە ئولتۇردى ئۈچتى كۆككە ھەم.

يەر شارى قالدى پەس، كىردى ئۇ كېمە
چۆگىلەپ مارسنىڭ ئوربېتىسىغا.
ئالەمنى تەكشۈردى كيۇرى خانىم
ئۈيقۇنى، تاماقنى ئالماي ئېسىگە.

مارسقا قوندى ئۇ ئالەم كېمىسى
ئايلىنىپ ئالەمنى ئېسەنۇ ئامان.
ژۇلىيۇ بۇيرىدى خانىمنى شۇ چاغ
دوستلارغا تەييارلاش ئۈچۈن داستىخان.

مارىيە كيۇرى ئالدى ساپلىقنى،
تاماققا تۇتۇندى پەشتاما تارتىپ.
ژۇلىيۇ بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن
يەپ تاماق، كېتىشتى ئاشلىرى ئارتىپ.

## ئاسمان

قىلىچلىشىپ چاقنىتار چاقماق
سۇر رەڭ بۇلۇت ئىلكىدە ئاسمان.
پەلەك قىزى ياقىسىن يىرتسا،
تۆكۈلىدۇ بوينىدىن مارجان.

كۆك پەرىسى تىترەك زېمىنغا
شەپقىتىنى تۆكۈپ ئاۋارە.
ھۆكۈنەكتەك ئۆگزىلەر بۇدەم
نانىدەك يۇمشاپ بولىدۇ پارە.

ئۇۋىسىدا تىترەيدۇ قۇشقاچ،
ھۆل چۈشەكتە ئەھۋالى مۈشكۈل.
قەلبىم مېنىڭ يالغۇز ياپراقتەك
دىرىلدەيدۇ، تىترەيدۇ پۈتكۈل.

---

① ② مارىيە كيۇرى، ژۇلىيۇ كيۇرى ئاتوم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئەر ئايال ئالىملار.

ئاسمان يىمەس غىمنى يەرنىڭ،
چاقنار زەردىن تاقاپ گۈزەل تاج.
زىمىن باغرى تىلىنار چاك - چاك،
ئۆكسۈپ قويار بەزەن نائىلاج.

**قىش قۇياشى**

قىش قۇياشى چىقتى كۆكتە ئىگىلىپ،
نۇرى بىلەن يەر - زىمىننى يىلىتىپ.
ئىسسىق ئۆيلەر بالكۇندا چاقنىدى
كۈنگەيلەرنىڭ قار - مۇزىنى ئېرىتىپ.

تەسكەيدىكى پەنجىرىگە باقمىدى،
توڭلىغاننى قويدى يەنە تىترىتىپ.
چاپانسىزنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتتى،
جۇۋىلىقنىڭ بەدىنىنى قىزىتىپ.

**قىش**

تېخى قۇشقاچ دان تاپالماي يۈرىدۇ تىترەپ،
ئىزغىرىندا شاختىن ئۇچار قاخشال بىر ياپراق.
قاراسلايدۇ قەھرىتاندا توڭلىغان چاتقال،
قار جۇۋىدا تاتلىققىنە ئۇيقۇدا تۇپراق.

تۈلكە يۈرەر توشقانلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ،
توشقان غاجار يەم تاپالماي چاتقالدىن قوۋزاق.
بار نەرسىنى ئايىغاق قارلار كۆمىدۇ لەپ - لەپ،
ئوۋچى ھوشيار تۈلكە ئۈچۈن قۇرىدۇ توزاق.

ئويناق سۇلار دەريالارغا سالىدۇ كۆۋرۈك،
شۇ كۆۋرۈكنى تىرەپ تۇرار كىرىستال تۈۋرۈك.

سۈنىڭ ئاستى جىمجىت ئەمەس، ئېچىلغان
كاچكۆل،
بېلىقچىلار بېلىقلارغا تاشلايدۇ يەمچۈك.

ئەتراپ ئايىغاق، قىش - زىمىستان قۇترايدۇ
تىنماي،
دىل سۆيگۈسى تولۇپ تاشار باھارنى ئەسلەپ.
قىش نېمىدى، ئۇزۇن ئەمەس ئۈنىڭمۇ ئۆمرى،
باھار! دېدىم پۈتتۈم شېئىر سەھەردە دەسلەپ.

**كەچۈر، دوستۇم**

كەچۈر، دوستۇم، يۈرەك زەرداب بولمىسۇن،
خاپىلىقنى تاشلايلى بىز كەينىگە.
كەچۈر، دوستۇم، ئۆتكەنكىگە سالاۋات،
ئۆمۈر، يىللار يانماس مەڭگۇ كەينىگە.

كەچۈر، دوستۇم، مەندىن ئۆتسە ئەپۇ قىل،
سەندىن ئۆتسە ئۇنتۇپ كېتەي تا ئەبەد.
كەچۈرمىسەك بىر - بىرىمىزنى بىز - بىز
جان دوستلارمۇ رەقىب بولغاي ئاقىۋەت.

كەچۈر دەيدۇ كۆڭلى سۈتتەك ئاق كىشى،
قەلبى ئىزگۇ خىسلەتلەرگە يار كىشى.
كەچۈر دېمەس، كەچۈرۈشنى ھەم بىلمەس
كۆڭلى تۈندەك قارا، دىلى تار كىشى.

كەچۈر دېدىم، كەچۈر دېدىڭ، كۈلدى دىل،
ئېرىدى مۇز، بولدى ئالەم گۈلىستان.
كەچۈرمىسەك، قىساس تىغى چاقنىسا
بولىدىغانمۇ يورۇق ئالەم گۆرىستان.

كەرىمە ئابدۇللا

## يۈرىكىمدە ئىز قالدۇردى گۈلچى قىز

**گۈلچى قىز**

قۇلىقىڭغا گۈل قىسىپسەن گۈزەل قىز،
گۈلدىن گۈزەل كۆرۈنىسەن كۆزۈمگە.
شەبنەم ئوخشاش ماڭلىيىڭدا كۆمۈش تەر،
سىن بېرىپتۇ ئۆزگىچە ئاي ھۆسنىڭگە.

www.uyghurkitap.com

«گۈلخۇمار» سەن، ئىسمىڭمۇ زەپ چىرايلىق،
گۈل ئۆستۈرۈپ گۈلچى قىز، دەپ نام ئالدىڭ.
كىردۇىدىم گۈل بېغىڭغا تۇنجى رەت،
ھەر خىل گۈلنى كۆرگىنىمدە تاڭ قالدىم.

ئەي گۈلچى قىز قايىل بولدۇم ئىشىڭغا،
مېھنىتىڭدىن جەننەت بەرپا قىلىپسەن.
بولغاچقا شۇ ئەمگەك سۆيەر خىسلىتىڭ،
ئۇلۇغلىنىپ تىلدا داستان بولۇپسەن.

گۈل ئارىلاپ يۈرگىنىڭدە سەزدۈرمەي،
تارتىۋالدىم گۈلچېھرەڭنى سۈرەتكە.
تالاشمىغىن سۈرىتىمنى بەرگىن دەپ،
يۈرىكىمدە ساقلاي ئۇنى ئەبەتكە.

### يۈرىكىمنى بىلدۈرەي

نەمۇنىچى ئىشچان قىز،
گۈل تاقىدىڭ كۆكسۈڭگە.
يارىشىپتۇ ئاشۇ گۈل
ئاي يۈزۈڭگە، ھۆسنىڭگە.

ھەممە قايىل ئىشىڭغا،
غەيرىتىڭگە ئىشچان قىز.
ماڭغان ھەر بىر يولۇڭدا
قالدۇرغاچقا ئۆچمەس ئىز.

ئالقىشلىدى سېنى ئەل
مىننەتدار بوپ ئىشىڭدىن.
يۈرىكىمنى بىلدۈرەي
ئورۇن ئېلىپ قېشىڭدىن.

### يۈرىكىمدە قالدۇرۇپ بىر ئىز

سۇبھى بىلەن ياغدى تۇنجى قار
ئاق چېچەكنى ئەسلىتىپ ماڭا.
زوققا تولۇپ كۆڭلۈم باشقىچە،
قەلەم ئالدىم قولۇمغا يانا.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ،
قارلىق تاشلاپ قاچتى گۈزەل قىز.
كۆزلىرىمدىن يىتتى ئۇ بىراق،
يۈرىكىمدە قالدۇردى بىر ئىز.

### سۆيگىنىم ۋاپادار، ئەزىز بىر سەنەم

تاپشۇرۇپ ئالدىمەن خېتىڭنى شۇ دەم،
كۆز يېشىم قىلدى ئاھ كىرپىكىمنى نەم.
كۆڭلۈمگە ئاراملىق بەرمىدى زىنھار،
بى ھاجەت مەن ئۈچۈن تەسەللىمۇ ھەم.
ھېس قىلدىم مەن ئەمدى بەكمۇ كېچىكىپ،
قەلبىمنىڭ پەقەتلا بىرلا يېرى كەم.
مەن شۇنداق چېنىققان، بېرىمەن بەرداش،
تاغ بولۇپ باسسىمۇ قايغۇ ۋە ئەلەم.
ئويلىما سەن مېنى يارسىز قالدى دەپ،
سۆيگىنىم بار مېنىڭ ـ دىلكىشىم قەلەم.
ئورتاق ئۇ قايغۇ ۋە شادلىقىمغىمۇ،
ئۇ شۇنداق ۋاپادار، ئەزىز بىر سەنەم.
يېتىمىز ئاداققى گۈزەل مەنزىلگە،
تاشلىدۇق قول تۇتۇپ، ئالغا بىز قەدەم.

ئايتۇرسۇن تۇنىياز

## سۆيگۈ ئىلھاملىرى

### چاقچاق

جانانىم، لەۋلىرىڭ چىلىلىسا كۈلكە، خىيالەن باغاشلاپ ئاتەش جىسمىڭنى،
يۈرىكىم سۆيگۈدىن كەلدى لەرزىگە. بوغۇلدۇم ئىشقىڭنىڭ سۆيگۈ قەرزىگە.

تارتىنىپ ناز بىلەن باقتىڭ سەن يەرگە،
نىگاھىڭ ئۇچقۇنى ياسىدى چاقماق.
ئۆركىدىڭ، تۇتۇلدى ئۇماق چىرايىڭ،
رەنجىمە، ئۆز بىلىپ قىپتىمەن چاقچاق.

ۋە لېكىن سۆيگۈمنى بىلمىگىن چاقچاق،
جىسمىمغا ئاتەشنى ياققان سەن ئۆزەڭ.
نىگاھىڭ قورشاۋى قىلغاندا ئەسىر،
يالغانمۇ ياكى شۇ يېقىملىق كۈلكەڭ؟!

جىسمىمنى ئورىغان سۆيگۈ ئاتەشى
قېينىسا بىر دەقىق چىدالارسەنمۇ؟
رىشتىمىز چېتىلىپ كۈلسە مۇھەببەت،
شۇ چاقچاق جاۋابىن بېرەلەرسەنمۇ؟

ئاي

تۇمانلىق بىر كېچە، ئەتراپ قاراڭغۇ،
كائىنات مۈگدىگەن چۆمۈپ سۈكۈتكە.
كۆز قىسقان يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەس بۇدەم،
قاپقارا بۇلۇتلار ھۆكۈمران كۆكتە.

بىردىنلا بۇلۇتنىڭ باغرىنى يېرىپ،
ئاي چىقتى خۇشلىنىپ مۇڭ ئۆيى بىلەن.
يېپىندى كائىنات كۈمۈش رەڭ لىباس،
ئۆزگىچە جىلۋىدە چاقنىدى چىمەن.

بۇلۇتلار يوقىلىپ، چىمىرلىتىپ كۆز،
ئاي بىلەن سىردىشىپ كۈلگەندە يۇلتۇز؛
تىڭشىدى سۆيگۈنىڭ ۋىسال كۈيىنى،
شۇ سۆيگۈ ۋادىسى، سېخى ئالتۇن كۈز.

ئاي نۇرى كۈلبەمگە چۈشكەندە تال - تال،
يار ئۈچۈن ئۇيقۇسىز بولدۇم مەن غەمناك.
ئاھ، دېدىم، ھىجراننى يەڭدى بىر سادا،
دېرىزەم رىتىملىق ئۇرۇلدى تاك - تاك.

شۇ تونۇش سادادىن تىترىدى جىسمىم،
سۆيگۈسىز دەقىقە كەتتى يىراقلاپ.
ئاي كۈلگەن دىياردا ياڭراتتۇق ناخشا،
مۇھەببەت پەيزىدىن كۈلدۇق قاقاقلاپ.

مېھرىگۇل ھەسەن

## ھايات

مەيلى چەككىن ھەسرەت - نادامەت،
ۋە يا باسسۇن سېنى پالاكەت.
قىقاس سېلىپ كۈلدۇ ھەر چاغ،
يەتمەس ئۇڭا ھېچبىر مالامەت.

گاھ كۈلدۈرسۇن، گاھى يىغلاتسۇن،
تاپماس ئۇنىڭ كۆڭلى قانائەت.
ئۆزگەرمەستىن ئاشۇ خۇي پەيلى،
داۋام قىلار ئەبەدىل ئەبەد.

پەرىدە ئىسمايىل

## مەن گوياكى چېقىلغان چاقماق

مەن گوياكى چېقىلغان چاقماق،
تۇغۇلمەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم،
قاراشلىرىم ئۆتكۈر تىغ كەبى،
بارچە ئالەم ھەيران سۆزلىسەم.

قۇياشنىڭمۇ ئامالى يوقتۇر،
گاھ سامادا شۇنداق كۆرۈنسەم.

نۇردىن نەيزە ياساپ ئاتىمەن،
بۇلۇتلارغا بولار سۆيۈنسەم.

بەستىم بىلەن ئويغا سالىمەن،
كائىناتنى، كەڭرى جاھاننى.

ۋۇجۇدۇمدىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن،
تاپقۇزىمەن قۇدرەت ماكاننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادالەت ئابدۇرېھىم

## ئەكس تۇيغۇلار

### سۇئال

سۈرىتىمنى قىلدىم يادىكار،
تەلپۈنگىدىن چىقالماي باھار.
سۈرەت بىلەن يادىمغا ئالاي،
دېگەنلىرىڭ ماڭا كەلدى ھار.

قەدىرلىسەڭ دوستلۇقنى ئەگەر،
ئاۋۋال ئەسلەپ، ئاندىن ئېلىپ كۆر.
رەسىم بىلەن ئېسىڭگە كەلسەم،
بىزلەر قانداق بولالايمىز جۇر؟

### يىغىن

كۆزلەر يۇمۇق، تەنلەر ئېزىلگەن
شىرەلەردىن چىقىدۇ خورەك.
ۋاراقلىنار رومان - پوۋېستلار،
قۇرۇق سۆزدىن خىيال ياخشىدەك.

قارا گەۋدە كاپشار قۇرۇق گەپ
خالايىقنىڭ رايىغا باقماي.
چىقىپ كېتەر تۇيغۇنلار سەپ - سەپ،
ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ قالماي.

ئولتۇرىدۇ جانسىز، سانسىز بۇت،
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تىڭلاپ.
قارا گەۋدە سۆزلەيدۇ بىخود،
ئۆز گېپىنى ئۆزىلا ئاڭلاپ.

### سابا

شېئىردىي كۈيلەر ئېيتقان شوخ سابا،
كىرپىكىمنى بولدى، قايرىما.
قانىتىڭنى سۈركە باغرىمغا،
خۇشال ناخشا توۋلا، ئاھلىما.

قۇچاقلىغىن ئىشتىياق بىلەن،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىگىن ياپراق.
چاچلىرىمنى ئۇچۇرغىن ئويناپ،
كەتسۇن ئۇچۇپ ھىجرانلىق پىراق.

كۆكرىكىمگە باش قويغىن چاڭقاق،
مونچىقىمنى ئوينا قولۇڭدا.
پېشانەمگە لەۋلىرىڭنى ياق،
سېنى سۆيەي، يېتەي قەدرىڭگە.

ئايسىمە ئىدرىس

## دولقۇنلىغان ھېسلىرىم

### شادلىق بەردى ماڭا بۈك ئورمان

گۈكۈم چېغى ئۇچۇپ كەلگەن شوخ شامال،
ئېلىپ كەتتى خىيالىمنى يىراققا.
قىزارغاندا گۈلگۈن شەپەق، بۈك ئورمان
قەلبىم بۇدەم چۆكتى ئوتلۇق پىراققا.

سىم - سىم يامغۇر تامچىلىدى ئاشۇ دەم،
سالقىنلىدى مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم.
ئورمانلارمۇ ياشاردى ھەم شۇ مەھەل،
چېكەتكىلەر چىرىلداشتى بىتىنىم.

ئاياپ دەسسەپ بارماقتىمەن چۆپلەرنى،
ئاي ئېسىلىپ تۇرار كۆكتە يېگانە.
ۋۇجۇدۇمنى ئورىۋالغان ئازابىم،
قىلار مېنىڭ يۈرىكىمنى سەكپارە.

توختاپ قالدى يۈرىكىمنىڭ مۇڭلىرى
نازۇك شاخنىڭ شىلدىرلىغان كۈيىدە.
قۇرۇپ كەتتى ھەسرەت يېشى ئاشۇ دەم،
سىر بارمىكىن پادىچىنىڭ نېيىدە؟!

سۇكۇتتىكى گۈزەل يېشىل ئورماندا،
ئارام تاپتى دولقۇنلىغان ھېسلىرىم.
خىيالىمغا شادلىق تامدى ياپراقتىن،
ئەجەب تاتلىق مېنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىم.

يېشىل چۆپلەر تاتلىق شىۋىرلاپ،
باش كۆتۈردى شېرىن ئۇيقۇدىن.
نەم تۇپراقتا سوزۇلدى بىر ئىز
سازاڭلارنىڭ قىمىرلىشىدىن.

### سەھەردىكى كۆل

قۇياش كۆلدى يېرىپ ئۇپۇقنى،
ياپراقلارنىڭ قالدى سايىسى.
ئاق بۇژغۇنلار پەسلىدى ئاستا،
تۆكتى چېچەك باغنىڭ ئالمىسى.

يىراقلاردىن ئاڭلاندى لەرزان
خورازلارنىڭ يېقىملىق ئۈنى.
شېرىن كۈيگە جور بولۇپ شۇدەم،
كەتتى تاراپ قەلبىمنىڭ مۇڭى.

**ماھىرە خالىق**

## مەن ھاياتنى سۆيدۈم ئۇلۇغلاپ

ھايات ماڭا قۇچاق ئاچماقتا،
مەن ھاياتنى سۆيدۈم ئۇلۇغلاپ.
ھايات ماڭا بېرىپ چىغىر يول،
كەلدى ماڭا ئۈمىد بېغىشلاپ.
ھايات مېنى سۆيدى قۇچاقلاپ،
مەن ھاياتنى سۆيدۈم ئۇلۇغلاپ.

ھايات بەردى ماڭا نېسىۋە،
مەن باغلىغاچ ئاڭا ئەقىدە.
ئەجرىم بىلەن سۇ ئىچەر چوقۇم
چاك-چاك بولغان چۆل ۋە جەزىرە.
مەن باغلىسام چۆلگە ئەقىدە،
چۆللەر بېرەر ماڭا نېسىۋە.

**پاتىمگۈل ھەسەن**

## ئامانىسا

خۇش كۈيلەر قىلغاندا كۆڭلۈمنى ئەسىر،
غەزەللەر تىترەتتى قەلبىمنى تارىنى.
چىرمىشىپ تۇيغۇلار لەرزان ئاھاڭغا،
سېغىندىم ياد ئېتىپ مۇقام شاھىنى.

ئەتىرگۈل بەرگىدەك لەۋلىرى قىزىل،
قاشلىرى يېڭى ئاي ئۆرلىگەن گويا.
جور بولۇپ ساتارنىڭ لەرزان ئۈنىگە،
ئېيتىدۇ مۇڭلىنىپ مۇقام كۈي-ناۋا.

كۆكتىكى پارلىغان يۇلتۇزلار كەبى
كۆرۈندى كۆزۈمگە ئامانىساخان.
تارىخنىڭ ئۆچمىگەن ئۇچقۇنلىرىدەك،
ياندۇردى قەلبىمدە قايتىدىن گۈلخان.

نۇر چاچار تارىخنىڭ سەھىپىسىدە
ئىجادىي ئەمگىكى «ئىشرەتۇ ئەنگىز».
«ئەخلاقى جەمىلە»، «دىۋان نەفىس» نى
ئەڭگۈشتەر قىلىمەن سۆيۈنۈپ چەكسىز.

شەلىبە مۇھەممەت

# كىم ئەيىبلىك

(هېكايە)

تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن خەتلەرنى كۆرۈۋېتىپ، كۆزۈم قېلىن بىر كونۋېرتقا چۈشتى. قىزىق يېرى، كونۋېرتتا خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ نە ئادرېسى، نە ئىسمى يوق ئىدى. بۇ سىرلىق خەت مېنى قىزىقتۇردى. مەن دەرھال كونۋېرتنى ئاچتىم. ئادەتتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى قول ئۇچىدا ئالدىراپ يېزىلغانلىقتىنمۇ، ئوقۇماق تەس ئىدى. ئەمما قولۇمدىكى بۇ خەت بولسا شۇنداق رەتلىك ھەم چىرايلىق يېزىلغان. پەش - چېكىتلىرىمۇ جايىغا قويۇلغانىدى. خەتنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەۋەسىم كېلىپ بىر ئولتۇرۇشتىلا ئوقۇپ چىقتىم. خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر! قولىڭىزدىكى بۇ خەت سىزگە ناتونۇش بىر ئايالنىڭ — مېنىڭ كەچۈرمىشىم. مەن بۇ خەتنى يېزىش - يازماسلىق ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. يازمىسام، بۇ قاباھەتلىك كەچمىشىمدىن ئىبرەت قالمايدۇ، يازسام خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىمەن. ئويلا - ئويلا، ئىبرەتنىڭ رەسۋاچىلىقتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۇرمۇش يولىدا ئىشەنچىنى يوقىتىپ، داۋالغۇپ قېلىۋاتقان

بىر مۇنچە ئاياللارغا مېنىڭ بۇ كەچمىشىم ساۋاق بولۇپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ شۇڭا بۇ خەتنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم. ئەمما نومۇس - ھايا ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلىشىمغا يول قويمىدى. سىز بۇ خەتنى كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا مەن بارمۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن ئەمدى مېنى تونۇيدىغان، بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە قايتا كۆرۈنمەيمەن. بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن «جاھان ماڭا ھارام بولدى» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىسام پەقەتلا چۈشىنەلمەيتتىم. شۇ تاپتا بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى مەندىنمۇ بەكرەك چۈشەنگەن ئادەم يوقتۇر دەپ ئويلايمەن.

مەن سىزگە كەچمىشلىرىمنى خۇدانى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، راستچىللىق بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن مېنىڭ ئۆتمۈشۈمگە گۇمان بىلەن قارىسىڭىز، ماڭا تولىمۇ ئۇۋال قىلغان بولىسىز. ئۇ چاغدا سىز ئۆتكۈزگەن گۇناھ مېنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پاك ئادەمنى قارىلاشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولامدۇ؟ ئىشەنمىسىڭىز ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ. «باشقىلارنىڭ نەزەرىدە مەن شۇنداق ئادەم بولغاندىكىن، بولدىلا،

يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگىچە يەپ تۇرۇپ تۆلەي» دەپ ئۆزىنى نابۇت قىلىۋالغانلار ئازمۇ؟ بۇنىڭ گۇناھى كىمگە؟ نابۇت بولغۇچىمۇ ياكى نابۇت قىلغۇچىمۇ؟ ھالبۇكى ھازىرقى كۈندە بۇنداق جىنايەتنىڭ سورىقى يوق. ھەتتا بەزىلەر بۇنىڭ جىنايەت، جىنايەت بولغاندىمۇ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. شۇڭا نابۇت قىلغۇچىلار كۆرەڭلەمەكتە. نابۇت بولغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ كۆپلەپ، تېخىمۇ بولمىغۇر گەپلەرنى تېپىپ، شۇ پىتنە - پاساتلىرى بىلەن يۈز - ئابروي قازىنىپ، سورۇنلارنىڭ تۆرىدە گىدىيىپ ئولتۇرماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە ھايات يولىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان قايسىبىر بىچارىلەرگە ئۇلارنى قىزارتىدىغان، ئوسال قىلىدىغان بىرەر پاكىت تېپىش ئۈچۈن تىكىلگەن، ئۇلارنىڭ بۇ مەنىۋى جىنايەتلىرىنىڭ سورىقى بولمامدىكىنە؟ بولسا قاچان؟ بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ؟!

ئۆز سۆزۈمگە كەلسەم، مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ماڭا ئىچ ئاغرىتىشنى، ھېسداشلىق قىلىشنى ياكى نەپرەتلىنىش، غەزەبلىنىشنى قويۇپ تۇرۇپ ئويلىنىڭ. بۇ خەتنى مەن شۇ مەقسەتتە يازدىم.

ئەمدى مەن سىزگە ئۆزۈم توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي:

مەن بىر تەقۋادار، خۇراپىي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. دادام ھەر دائىم ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «قىز بالا دېگەن تالاغا چىقىپ كۆزگە قانچە كۆرۈنگەنسېرى شۇنچە كۇرسى چۈشىدىغان نېمە» دەيتتى. دادامدىن ھېيىقىپمۇ ياكى ئۆزلۈكىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ تالا - تۈزگە كۆپ چىقمايتتىم. ئىشتىن كېلىپ ئۆيدە ئاپامنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ كۈنۈم ئۆتەتتى.

20 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن ئاپام داستىخان راسلاپ قوشنا ئاياللار بىلەن بىللە مەھەللىمىزدىكى بىر قوشنىمىزنىڭ بالىسىنىڭ تويىغا چىقىپ كەتتى.

ئەگەر بىرەر ئىشنى ئالدىن بىلىش مۇمكىن بولسا، شۇ كۈنى ئاپامنى شۇ تويغا چىقىشتىن توسۇپ قالغان بولسام قانداق ياخشى بولغان بولاتتى. ئاپامنىڭ شۇ تويغا كىرىشى، ئاخىرقى ھېسابتا، مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلىدى. ئاپام بەكمۇ ياۋاش ھەم مۇلايىم ئايال ئىدى. مەن ئەقلىمگە كېلىپ ئۇنىڭ مەھەللىدە بىرەرى بىلەن گەپ تەگىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغىنىنى بىلمەيمەن.

تويغا چىقىپ كەتكەن ئاپام بىر كەمدە ئىشىكتىن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە كىرىپ كېلىۋاتامدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىق يىغلىغىنىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇ بىزنىڭ گەپ سوراپ قېلىشىمىزدىن ئۆزىنى قاچۇردىمۇ، ئۇدۇل ئىچكىرىكى ئۆيگە مېڭىۋىدى. دادام ئۇنى توسۇۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ...

ئاپام گەپ قىلالمىدى.

— نېمە بولدۇڭ دەۋاتىمەن، ئىچىمنى تىتىلداتماي ئېيتقىنا، نېمە گەپ زادى؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، — ئاپام كىچىك بالىدەك ھېقىقلاپ كەتتى.

— ھېچ نېمە بولمىساڭ... ئەستا... — دادام تىت - تىت بولغىنىدىن ئىزىدا

www.uyghurkitap.com

تۇرالماي قالدى، ــ زادى نېمە بولدۇڭ؟ گەپ قىل دەيمەن، بىرسى بىر نېمە دېدىمۇ؟

ــ بىرسى ئاپامنى سورىۋېدى، شۇڭغا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ...

مەن ئاپامنىڭ ياش يامراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭدا سېغىنىش مەيۈسلۈكى ئەمەس، ئازاب ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇنى ياد ئېتىش مىسكىنلىكى ئەمەس، خورلۇق ئەلەمى خۇنۇكلەش ـ تۈرگەندى.

دادام ئاپامنى زۇۋانغا كەلتۈرەلمىـ گەندىن كېيىن قېيىدىغاندەك قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىلسەم تويدا مەھەللىمىزدىكى بىرنەچچە هازازۇل خوتۇن بىرلىشىپ مەن توغرىسلىق ئاپامنى بەكلا ئوسال قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەسكەن، بىچارە ئاپام ھەر قېتىم توي ـ تۆكۈنگە كىرسە بىرتالاي ئاھانەت يۇتۇپ چىقىدىكەن. مەن ئاپامغا ئاھانەت كەلتۈر ـ گۈدەك ئىش قىلغان قىز ئەمەسمەن، مەن ساپلىقىم، پاكلىقىم بىلەن ئۆزۈمنى بىر ساناپ يۈرگەن قىزمەن. ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى ئائىلىمىزنىڭ تەبىئىتىمۇ كۆتۈر ـ مەيدۇ. ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇنچە جۈرئەتلىك ھالدا مەن توغرىسلىق ئاپامغا ئاھانەت قىلالايدۇ؟ بايا ئاپام يىغلاپ كىرگەندىلا كۆڭلۈم شۇنى تۇيغانىدى. مەھەللىدىكى بۇ غەيۋەتچىلەر بۇقىنىمۇ تۇغدۇرالايدۇ. توۋا، توۋا، ئۇلارغا بۇ كېسەل نەدىن يۇققاندۇ؟ ئۇلار ئەرسىز ھاياتنى ھايات دەپ تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ، بىرسى شۇنداق يالغۇز قېلىپ بولغۇچە ئۇ ـ نىڭ ئۇياتلىق يېرى ئېچىلىپ قالغاندەك مازاق قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەر ھەممە بارلىقىنىڭ بارلىقى، قولىغا كەلتۈرگەن ئۇتۇق، قازانغان نەتىجە، ياراتقان مۆجىزە ئەر ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇكى، ئېرىڭ بارمۇ دېسە، بار دېيەلىگەن خوتۇن ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن يۈزلۈك، ھەممىدىن كۈچلۈك، گويا ھېچكىم ئالالمىغان ئەڭ ئالىي ئۇنۋاننى شۇ ئالغان ـ دەك. ئۇلار ئۈچۈن ئەر ماختىنىشنىڭ، مەيدە كېرىشنىڭ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ دەسمايىسى.

شۇڭلاشقىمۇ يېشىم 20 گە بارا ـ بارماي بىر مۇنچىلارنىڭ نەزەرى ماڭا يۆتكىلىپ، مېنىڭ ئەر مەسىلەم ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ــ باشقا گېپىگىمۇ پىسەنت قىلمىغان ـ تىم، ــ دېدى ئاپام ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ تۇرۇپ، ــ قاچانغىچە ساقلايسەن، سېغىنىپ ئېچەمتىڭ، ئەر چىقمايۋاتامدۇ، تېپىشىپ بېرەيلىمۇ، دېيىشىدى، پەقەتلا چىداپ تۇرالمىدىم. توي ـ تۆكۈنلەرگە كىرىدىـ غانغا شۇنچىلىك يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتىمكىن ...

ئاپامنىڭ پىششىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئالمىدەك يۇمشاق، سەل ساڭگىلاپ قالغان مەڭزىنى بويلاپ تارام ـ تارام ئېقىۋاتقان يېشى يۈرەك باغرىمنى زەھەر تامغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. مەن شۇ كۈنى كېچىسى پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم، ئاپاممۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇھ ـ ئۇھلاپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپلا چىقتى.

بىز تولۇق ئوتتۇرىغا چىققان يىلى سىنىپىمىزدىكى بىر نەچچەيلەن ئۆزئارا جۈپ بولۇشۇۋالغانىكەن. سىنىپ مەسئۇ ـ لىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر كۈنى سىنىپ يىغىنىدا بۇ خىل

ئەھۋاللارنى تەنقىدلەپ كېلىپ: «ئىنسان ھامىنى بىر كۈنى ئائىلە قۇرىدۇ، شۇڭا ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، ئائىلە قۇرۇشقا ئالدىراش — ئۆز-ئۆزىنى قەپەسكە سولاشقا ئالدىراشتۇر» دېگەنىدى. شۇ چاغدىلا مەن ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلۇپ قالغانىدىم. شۇڭا مەكتەپتە پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئوقۇشقىلا بېرىلىپ، باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل چاچمايتتىم. قىرىشقاندەك ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى رېماتىزىم كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ساق بىر يىل ياتتىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇممۇ بىكار بولدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارمانلىرىم، يېتىشنى نىيەت قىلغان ئارزۇ-ئىستەكلىرىم بار ئىدى. مېنىڭچە جاھاندا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش نېمە دېيىلسە ئارزۇ-ئىستەكسىز ياشاش ئىدى. ئەگەر شۇلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق قوشۇلسا بۇ جاھاندا نېمە ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ؟

ئەمما ھېلىقى مەھەللىنى بېشىغا بىر كىيىپ يۈرگەن، ئېرىدىن، تۆت تېمىدىن، بىر-ئىككى پارچە گىلىمى بىلەن ئۈچ-تۆت تاۋار يوتقان-كۆرپىسىدىن باشقا ئارزۇ-ئىستىكى يوق خوتۇنلار ئۆزلىرى ئاز كەلگەندەك مېنىمۇ بۇ خىل ياشاش يولىغا ئۈندىمەكتە. ھەتتا پاتراق بولۇشقا زورلىماقتا ئىدى. گويا ھەممە ئايال كىشىنىڭ بارلىق ۋە ئاخىرقى مۇراد-مەقسىتى پەقەتلا بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەتتەك، مېنىڭ ئۇلارغا پەقەتلا پىسەنت قىلغۇم كەلمەيتتى. ھەتتا مەنسىتمىگەن بولاتتىم. بىراق مەن ئاپامنىڭ ئاشۇ خورلۇقتىن خۇن بولۇپ كېتىۋاتقان ھالىغا پىسەنت قىلماي تۇرالايتتىممۇ؟ بىچارە ئاپام مېنى تۇغقان گۇناھىغا شۇنچە يىل جاپايىمنى تارتىپ، كۆزىنىڭ قارىسىغا دەسسىتىپ دېگۈدەك بېقىپ چوڭ قىلغىنى ئاز كەلگەندەك، مەن تۈپەيلى ھاقارەتلىنىشى لازىممىكەن؟ ئۇ ماڭا ئارتۇق گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈمىدلىك بىر ھالەتتە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن مەندىن نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ مەندىن ئۇنى بۇ ئىزا-ئاھانەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمنى ئۆتۈنمەكتە ئىدى. يۈرىكىم چىداپ تۇرغۇسىز بىر ئازاب ئىچىدە قالدى. پەرزەنت بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان تۇرۇپ، ئۇنى ئاشۇ بىر نەچچە ھازازۇل خوتۇننىڭ ئالدىدا تىرناق تاتىلىتىپ، بويۇن قىستۇرارمەنمۇ-ھە؟!

ئاپام ئاڭلىغان ئۇ ئاھانەتنى داداممۇ ئاڭلىدىمۇ ياكى ۋاقتى-سائىتى كەلدىمۇ، بىلمىدىم، شۇ كۈنلەردە ئۆيىمىزنى بىرەيلەن ئەگىشكە باشلىدى. ئۇ كىم دېسىڭىز مېنىڭ ھازىرقى ئېرىم. دەسلەپ ئۇ ھەپتىدە بىرەر قېتىمدىن كېلەتتى، كېيىنچە كۈن ئارىلاپلا پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر نەچچە ئېغىز سالام-سائەتتىن كېيىن يەرگە قاراپ قولىنى ئۇۋۇلاپلا ئولتۇراتتى، ئوشۇق-تۆشۈك بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. بىرەر ئېغىز گەپ ئۇياق-بۇياق بولۇپ كەتسە، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن ۋىژژىدە تەر چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ئالدىغا قويغان تاماقنى خۇددى مۈشۈككە ئوخشاش ئۈن-تىنسىز چىقارماي يەيتتى. كېيىن ئۇقسام ئۇ دادامنىڭ بىر يۇرتلۇقىنىڭ تونۇشى بولۇپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا دېيىشكەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— بۇ بالىنىڭ ئوقۇشىمۇ پۈتۈپ قالدى. قارىغاندا ياۋاش، ياخشى بالىدەك قىلىدۇ، قىزىمىزنى شۇنىڭغا بېرەيلى، تولىمۇ كىشى قويۇپ كەتتى، — دېدى دادام.

— راستىنلا ياۋاش، تىكەنسىز بالىكەن، ئوقۇش ـ تۆشۈك كېپىمۇ يوق، قىزىمىزنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئاغرىتماس، — دېدى ئاپام.

ئادەم ئوقۇش گەپ قىلمىسا، پارقىراپ چېكىتتەك تۇرسىلا ياخشى بولامدۇ؟ ياۋاشلىق ياخشىلىق دېمەكلىكتۇر، ياۋاش بىلەن ياخشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغىلى بولامدۇ؟

ئۇ موللامنىڭ مۆشۈكىدەك جىمجىتلىقى بىلەن ئاتا ـ ئانامغا ياراپ كەتتى. مەنمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغىنىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئاپامنىڭ تارتقان خورلۇقى ئۈچۈن ياق دېيەلمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۆيلەنگەنلا بىر يەردىن تويىمىز بولۇپ كەتتى. ئاھ قانداق قىلاي. كونىلارنىڭ «ئۇنى بۇزۇپ ئۇماچ ئەتتى، قىزنى بۇزۇپ جۇۋان ئەتتى» دېگەن گېپىنى ھەر بىر ئۆيلەنسام، بۇ گەپ خۇددى ماڭىلا قارىتىلغاندەك ھېس قىلىپ ئىچىم ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ھېلىقى خوتۇنلارنىڭ ئارزۇسى قاندى بولغاي، ئۇلار خۇشالمىكىن؟ ...

ئەمدى مەن سىزگە تويدىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، بۈگۈن بۇ خەتنى يېزىۋاتقان چېغىمدا ئۇنى ماڭا سايە قىلغان داداممۇ، ئاناممۇ بۇ ئالەمدە يوق. لېكىن مەن بۇ ئىشلارنى ھەرگىز ئۇلاردىن كۆرمەيمەن. ئەر كىشى دېگەنگە ۋاپا قىلىدىغان، ئىشىنىدىغان نەرسە ئەمەسكەن. ھەر كىم ھەرقانچە قىلسا مەن قىلغانچىلىك قىلار. بۇ ئەرگە ئۆيدىكىلەر مېنى بىكارغا دېگۈدەك بەرگەن. ئوقۇشنى يېرىمىلا پۈتتۈردۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچنېمەم يوق، يېتىممەن، دەپ سارغىيىپ تىترەپ تۇرسا، دادام جان بولسا جاھان، ئادەم ياخشى بولسا بولدى، ئادەم تېپىلمايدۇ، قالغان نەرسە تېپىلىدۇ بالام، دەپ مېنى ئۇنىڭغا يېتىلتىپ قويدى. بىر ئىككى يىلغىچە مېھماندەك چىرايلىق ئۆتتۇشتۇق، بېرىك دېگەن يېرىگە باردىم، تۇرۇك دېگەن يېرىدە تۇردۇم،«نىكاھ ئىسسىق» دېگەن گەپ راستىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ئىچىكىپ قالدىم. ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىر چىشلەم نەرسە تاپسام ئۇنىڭسىز گېلىمدىن ئۆتمەيتتى. بىرەر ئەر كىشىدىن شۇنچىكى بىرەر ئېغىز چاقچاق گەپ ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسام، شۇ زامان ئۇ كۆز ئالدىمدا تۇغرا تۇرۇۋالاتتى ـ دە، ئۆزۈمچە ئازابلىنىپ كېتەتتىم. ئايال كىشىنىڭ ساداقىتى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ تويى قىلىشتىن ئاۋۋال «تانسا ئوينىمىسىڭىزكەن» دېۋىدى، كۆردى ـ كۆرمىدى دېمەي بىرەر قېتىممۇ تانسىغا بارمىدىم. ئېرىمگە پەيغەمبەرگە ئىختىرا قىلغاندەك ئىختىرا قىلىپ ئولتۇردۇم، ئاز تاپتىڭ، جىق تاپتىڭ دېمىدىم، ھەتتا كىچىك بالامغا قورساق كۆتۈرگەندە، ماندارىنغا سېزىك بولغانتىم. شۇ ئاي شۇ كۈنلەردە ئىقتىسادتىن تازا قىسىلىۋاتاتتۇق، ئېرىمگە دېسەم خىجالەتچىلىك تارتىپ قالمىسۇن دەپ ماندارىننىڭ شۇپىكىنى تېرىدىن كېلىپ، شۇنى پۇراپ سېزىكىمدىن چىققانمەن. ئۇچىنى تۇغدۇم، بۇرنۇمنى ئېرىتىدىغان قول ياغلىق چاغلىق بىر نەرسە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالدۇرمىدىم. بولمىسا مېنىڭ تۇغقىنىمىمۇ
خەقنىڭ تۇغقىنىغا ئوخشاش بالا، مەنمۇ
شۇ خەق يېگەن ئاچچىق تولغاقنى يېگەن.
ھەر بىر تۇغسا ئۈستىبېشىنى نەچچە
قۇر جابدۇتۇپ، توي قىلدۇرىدىغان خوتۇن-
لارمۇ ماڭا ئوخشاشلىغۇ، ماڭا بۇلارنىڭ
ھەممىسى بەرىبىر ئىدىغۇ. مەيلى، كۆڭلۈم
ئاغرىمىسا، قەلبىم يىللىقلىق تاپسىلا بول-
مىدىمۇ، كۈنلىرىمگە شۈكۈر قىلاي، دېدىم.
لېكىن كۆرۈۋاتقان كۈنگە ھەددىدىن
زىيادە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئادەمنىڭ قىممى-
تىنى پەسلەشتۈرۈپ، دەپسەندە قىلىنىشقا
ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىد-
كەنمەن. بارا - بارا ئۇنىڭ گېپىمۇ چىقتى.
مەن كۆزىگە سىغمايدىغان، قىلغان ئىشلىرىم
دىتىغا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. خالىسا
گەپ قىلىدۇ، خالىمىسا قىلمايدۇ، خوشى
كەلسە چاقىرىدۇ، خوشى كەتسە قاراپمۇ
قويماي يۈزىنى ئۆرۈپ يۈرۈۋېرىدۇ. بىر
چىقىپ كەتسە كېچىلەپ كىرىشى بار،
تۇرۇپ - تۇرۇپ نېمىگە خۇيى تۇتۇپ
قالىدىكىن، يوق ئىشلارنى باھانىداپلا قوناق
سوققاندەك ئۇرۇۋېتىدۇ. ئىشى چىقسا
پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ «ھوي، ئانى قىلە،
مانى قىلە» دەپ بۇيرۇيدۇ. كىچىك بالىدەك
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلىمەن. ئەزان
توۋلاپ، يەتتە دوملىتىپ قويغان ئىسمىم-
مۇ يوق، «ھوي» بىلەنلا تۈگەيدۇ.

بىر كۈنى يان قوشنام نان يېقىپتۇ.
«ئىسسىق نان بىلەن چاي ئىچىپ چىقىڭ»
دەپ چاقىردى، كىردىم، ئەمدىلا ئولتۇرۇ-
شىمىزغا ئېرى ئىشتىن كەلدى. «پاھ
جەننەت پۇراپ كېتىپتۇغۇ بۇ ئۆي» دېدى
ئۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرىپلا، ئاندىن ئۆيگە
بىر قۇر قاراپ چىقىپ، «تېخى ئۆيلەرنى
تازىلاشقىمۇ ئۈلگۈرۈپسەن - دە، مۇشۇنداق
يەرلىرىڭنى دەيمەن - دە» دېدى ۋە ماڭا
قاراپ «تاللاپ ئالغانغا چۈشلۇق چىقتى
ئەمەسمۇ بۇ ھەدىڭىز» دەپ كۆزىنى قىسىپ
قويدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئايالى
قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي ئەمدىلا دەملەپ
ئىچىشكە باشلىغان چاينى تۆكۈۋېتىپ يېڭى-
دىن چاي دەملىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدا ھار-
غىنلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. بۇنى
كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولدىكى،
ئەگەر مېنىڭ ئېرىمىمۇ مۇشۇ ئەرگە ئوخ-
شاش ئەقدەمنى بىلگەن بولسا، ھېچبولمى-
غاندا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ ماختاپ
قويسا ئۆي ئىشلىرىنى پۇتۇم بىلەن ئەمەس،
بېشىم بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلاتتىمغۇ.
بەزىدە خىيالىمدا ئۇنى ئاشۇنداق ئەرلەر-
دىن قىلىپ ياساپمۇ باقاتتىم، بىراق مېنىڭ
بۇنداق خىياللىرىمنى، شېرىن چۈشلىرىم-
نى، ئۇنىڭ مۇزدەك چىرايى، خۇددى بۇت-
تەك ھېسسىياتسىز قىياپىتى يوق قىلىۋې-
تەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تەلەتىدىن
مېھرىنىڭ ئىزناسىنى، سۆيگۈنىڭ بەلگىسىنى
تېپىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنىڭ
مۇڭدىشىم ئەمەس نازارەتچىم، ھەمراھىم
ئەمەس باشلىقىم، ھايات يولىدىكى دوستۇم
ئەمەس بەلكى قارانچۇقۇم ئىدى. مېنىڭ
ئاياللىق نازاكىتىم، ھېسسىياتىم ئۇنىڭ ئال-
دىدا ئېغىزغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق ئەرزى-
مەس نەرسە ئىدى. كۆڭلۈمنى ئاختۇرسام
ئۇ ئىسسىتىۋاتقان، ئۇنىڭ مېھىر - نۇرى
چۈشۈۋاتقان بىرەر بۇرجەك بولسا كاشكى!
شۇنداق بولسىمۇ بالىلىرىم بار دەپ چىشىم-
نى چىشلەپ يۈردۈم.

بىر كۈنى يوتقان تىكىپ قوياي دەپ
بازاردىن ئىككى تور پاختا ئالدىم. ئاپتوبۇستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم بەكمۇ جىق ئىكەن، مىلىك تەستە چىقتىم. چۈشەر چېغىمدا ئىشىك ئېچىلىش بىلەن تەڭ مەن ئۆزۈمنى ئوڭلاپ بولغۇچە خەق گۈررىدە ئالدىغا ئىتتىرۇۋېدى، يەرگە ئارقىمچىلاپ، قاڭقىپ چۈشتۈم. بېلىم يولنىڭ سېمونت قىرىغا تېگىپ كەتتى. ئاغرىق دەستىدىن خېلى بىر چاققىچە خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن، كۆزۈمنى ئاچسام بېشىمدا بىر توپ ئادەم. ئۇلار نېمىدۇر دېيىشىپ گۇدۇڭشۇپتۇ، ئورنىمدىن تۇرۇپ كېتەي دېسەم مىدىرلىيالمىدىغان. ئومۇرتقام چىقىلغاندەك ئاغرىيتتى، نومۇستىن ئۆلەي دېدىم، ئاخىرى تونۇمايدىغان ئىككى ئايال ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىلىپ قويدى، يېتىپلا قالدىم. كەچقۇرۇن ئېرىم ئۆيگە كىرىپلا «يېتىپسەنغۇ كالىچاراپ» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بولغان ئىشنى دەپ بەرسەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «كۆزۈڭگە قاراپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ» دەيدۇ تېخى. بۇغداي نېنىڭ بولمىسا بۇغداي گېپىڭ يوقمۇ-ھە؟ ئۆينىڭ غېمى بىلەن بىرىپ ئەجەب پېشكەللىككە ئۇچراپ قاپتا ماۋۇ بىچارە، بىر-ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، ئاغرىغان يېرىنى تۇتۇپ، كۆڭلىنى يىللىتىپ قوياي دەيدىغان يېرى يوق، تېخى تامدىن تارشا چۈشكەندەكلا: «قورساق ئاچتى، تاماقنى قانداق قىلىمەن» دەيدۇ. ئاچچىقىمدا «مېنى يەڭ» دەپتىمەن. ئىككى كۈنگىچە مىدىرلىماي ياتتىم، باللىرىم ئەتراپىمدا چۇقۇرۇشۇپ يۈرۈيدۇ، ئېرىمنىڭ بولسا قايغۇسى ئېچىلار ئەمەس، ئۈچىنچى كۈنى چىشىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇرلار رەسىمگە ئېلىپ: «ئومۇرتقا سەل زەخىم يەپتۇ» دېدى. بېشىمغا تاغ يېقىلدى. ساق تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان كۈنۈم بۇ، ناۋادا ھېيتماق بولۇپ قالسام نېمە كۈن كۆرەرمەن، دەيمەن. ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئىدارىگە باردىم. شۇ غەم بىلەن ئۆستەلگە بېشىمنى قويۇپ ئولتۇرسام بىر خىزمەتدىشىم كىردى. ئۇنىڭ بىلەن ئاندا-مۇندا سالام-سائەتىمىز بار ئىدى، بېشىمغا كېلىپ: «نېمە بولدى، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟» دېۋىدى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم. شۇنچە يىللاردىن بىر ئۆيدە، بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىللە ياشىغان، ياشلىقىمنى، ھاياتىمنى قۇربان قىلىپ بېرىۋاتقان ئېرىمنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك بىر ئېغىز گەپ چىقسا نېمە بولار ئىدى-ھە؟! ناھايىتى ئېغىزنىڭ ھورىنۇ؟ ئەگەر شۇنچىلىك بىر ئېغىز گەپ قىلغان بولسا بېشىم ئاسمانغا يېتىپ، ئاغرىقىمۇ بىلىنمەس ئىدى.

— نېمە بولغانسىز، بولالمىسىڭىز مەن دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ-يا؟ — دېدى خىزمەتدىشىم سەممىي تەلەپپۇزدا. كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى، ئىزا تارتمىغان بولسام بوينىغا ئېسىلار ئىدىم. «شۇنداق دېگەندىڭىزگە مىڭ رەھمەت» دەپ بىرمۇنچە تەكەللۇپلار بىلەن ئۇنى ئاران ياندۇردۇم. دوختۇر «ئەتە بىر خىل ئوكۇل سالىمىز، ئۆيدىكى بىرسى بىللە كەلسۇن، ئۇ بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوكۇل» دېگەندى، كەچتە ئېرىمگە دېسەم، «سېنىڭ ئاغرىمايدىغان يېرىڭمۇ بارمۇ؟ چېچىڭمۇ ئاغرىيدىغۇ دەيمەن» دەپ قوپال تەگدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ھالىمغا كۆز قىرىنى سالارى يوق. ئەتىسى دوختۇرخانىغا يالغۇز باردىم. نېمە ئوكۇل سالدىكىن، قانداق قايتىپ كېلىۋاتقىنىمنى،

ئىشىكتىن قانداق كىرگىنىمنى
بىلمەيمەن. كىرگەنچە ئۆزۈمنى مۇزدەك
نەم يەرگە ئاتتىم. ئىچىمدە بىر پار-
چە ئوت گۇركىرەپ كۆيىدۇ، تىنىن
ئالغۇدەك ھالىم يوق، ئۆزۈمنى
ئۇياققا ئاتىمەن، بۇ ياققا ئاتىمەن،
شۇنداق ياتسام يولدىشىم كەلدى، «نېمە
بوپتۇ ماۋۇنىڭغا» دەپ قويۇپ، يانداپلا
ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھايال
ئۆتمەيلا ئۇنىئالغۇدىن ناخشا ئاۋازى
ئاڭلاندى. «ئۆيىنىڭ غېمىنى يەپ چۈشكەن
ھالىم شۇمۇ، ئۆلۈپ كەتسەم ئامالىم يوق،
خۇدايىم شىپالىق بېرىپ ساقىيىپ قالغۇ-
دەك بولسام بۇنداق ئۆيىنىڭ كۈلىنى كۆككە
سورۇۋەتمەيدىغان بولسام، خەپ» دەپلا قالدىم.
كۈنلەر ئۆتۈپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.
ئىشقا بېرىۋىدىم، خىزمەتداشلىرىم ھەممىسى
كىرىپ ھال سورىدى، چىرايىمنىڭ ئۆڭلىنىپ
قالغانلىقىدىن تارتىپ، روھىي ھالىتىمگى-
چە باھالاپ چىقتى، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپلا
قالدى، شۇ چاغدىلا مەن بىر ئادەمنىڭ
زادى نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەن-
دىم. ماڭا لازىمى ئېرىمنىڭ سالاپىتى،
يۈز-ئابرويى، يەنە بىر نېمىسى ئەمەس،
سەممىيلىك بىلەن ئېيتقان تۆت ئېغىز
گېپى، ماڭا ئىنسان قاتارىدا مۇئامىلە
قىلىشى ئىكەن. ئېرىمدىن كۆڭلۈم شۇنچىلىك
سوۋۇدىكى، زادى ئاجرىشىپ كېتەي دېگەن
قارارغا كەلدىم. بەزى ئەقىلسىز ئەرلەر
ئاشۇنچىلىك كىچىككىنە يەرلەردىن ئۇت-
تۇرۇپ قويىدىكەن، بېشىڭ ياستۇققا يەت-
كەندە «ھالىڭ نىچۈك» دېيىشكە يارىمى-
غان ئادەمدىن يەنە نېمە كۈتەتتىڭ. ئۇن-
داق ئادەم ئۇچۇن جېنىڭنى ئۇپىرىتىپ
ھاياتىڭنى سېلىپ بېرىشىڭنىڭ نېمە ئەت-
ۋارى؟ شۇ ئوي بىلەن كېتىۋاتسام بىر

ساۋاقدىشىم ئۇچراپ قالدى، مەكتەپ-
تىكى چاغدا ئەخلاقتا بولسۇن،
ئەقىلدە بولسۇن، قىزلارنىڭ كۆزى ئىدى،
لېكىن تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قېلىپ،
ئىككى يىل ئىلگىرى ئېرىدىن ئاجرىشىپ
كەتكەنىدى. «نېمانداق كۆرۈنمەسلا بو-
لۇپ كەتتىڭ» دېسەم بىر ھال ئوقۇپ
كەتمەسمۇ، «خوتۇن كىشىنىڭ ئېرى بول-
مىسا، بۇخارادىن ئىتلار كېلىپ بېشىغا
تېزەكلەيدۇ، دېگىنىمۇ راستكەن، پايتىمىسى
ئالتە كۈنلۈك يەردىن سۆرۈلۈپ كەلسىمۇ
ئەر ئاتلىق بىر ئىنساننىڭ ئېتىدا ئولتۇر-
مىساڭ كۈن كۆچۈرمەك تەس ئىكەن ئاداش،
يوقاپ كەتتىڭ دەيسەن، راستىنلا ھازىر
ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدىم، باشقا
دەردلەر ئازدەك، خەقنىڭ گېپىنىڭ دەر-
دىنى تارتىپ بولالمىدىم، نېمە بولدى،
بۇ خەقنىڭ ئاغزىغا بالا تەگدىمۇ، بىلمەيمەن،
ئىشقا بارساڭمۇ شۇ، ئۆيدىمۇ شۇ، تويغا بار-
ساڭمۇ شۇ، ھەتتا ئۆلۈمگە بارساڭمۇ، ئۆ-
لۈكنى يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، كىم كىم-
گە تېگىپتۇ، كىم بىلەن كىم ئاجرىشىپتۇ،
كىم تۇلكەن، كىم بويتاقكەن، شۇلا گەپ.
جاھاندا بۇنىڭدىن باشقا گەپ يوقتەك،
قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل، ساق پۇل
ئەمەس، ساراڭ پۇل دېگەندەك، خۇدايىم
نەدە بىر تايىنى يوق ئادەملەرنىڭ تەلىيى-
نى بېرىدىكەن، ئۇ نېمىلەرنىڭ چوكچى-
لىقى، ئۆزلىرىچە تۇرمۇشتا بەختسىز بو-
لۇپ قالغانلار ئەسكىلىكىدىن شۇنداق بولۇپ
قالغاندەك يېنىچە، قىرىچە قاراپ، شۇنداق
بىزار بولدۇمكىن، كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن،
قۇلىقىممۇ ئاڭلىمىسۇن دەپ بىر يەرگىمۇ
بارمايمەن» دەيدۇ. ئويلىنىپ قالدىم،
راست ئەمەسمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئەرگە تەگمىسەك، تۆت خوتۇننىڭ بېشى بىر يەرگە كەلسىلا كۇسۇرلىشىپ «مانا ئەر چىقماپتۇ، قېرىپ كەتتى» دەپ يەر ئاستىدىن قاراشقا باشلايدۇ، قانچە ـ قانچە قىزلار شۇ گەپتىن قورقۇپمۇ كۆڭلى تارتمىغان، سىناشمىغانلارغا تېگىپ سالىدۇ، تېگىپ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولماي قالسا ئۇ چاغدا تېخى بەش پاتمان گەپ. ساۋاقداشلىرىمنىڭ گېپىنى ئويلىغانچە ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق تۇرسا، كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال دەپ بىر دەردنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندا يەنە بىر دەردنى قايسى ئۈششەمگە ئارتارمەن، ئۆي تۇتۇۋېرەي دېسەم مۇشۇنداق ئەر بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆمۈر ئۆتكىلى بولار؟ ئادەم بېشىغا كېلىدىغان كۈننى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالامدۇ؟ ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ، «ئۈچ نەزىرىمدە قىلغىنىڭ بۇ، يەتتە نەزىرىمدە نېمە قىلارسەن» دەپ، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشى بۇ، ئۇنىڭغا بەكرەك مۇھتاجلىقىم چۈشكەن كۈنى نېمە قىلىدۇ؟ ئاجرىشىپ كېتىپ تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن تۈزەشتۈرەي دېسەم بىرىنچىدىن، بالىلار، ئىككىنچىدىن ھېلىقىدەك گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدايىم مەن ئويلىغاندەك ئادەمنى يولاتسىغۇ مەيلى، ئوغرىدىن قېچىپ قاراقچىغا تۇتۇلۇپتۇ، دېگەندەك، تېخىمۇ بەتتەررەك بىرىگە ئۇچراپ بۇنىڭدىنمۇ پۇشايمانلىق كۈنلەرگىمۇ قالارمەنمۇ دەپ ئويلايدىغانلا بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى ئىدارىدىكىلەر بىلەن بىر خىزمەتداشىمىزنىڭ تۇغۇتىنى يوقلاپ بېرىپ سەل ئولتۇرۇپ قالدۇق، ھەممىسى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق ئاياللار. لېكىن ئۇلار كاردىسىمۇ يوق بەخىرامان يايراپ ئولتۇرۇشتى. مەن ھېلىدىن ـ ھېلىغا سائەتكە قارايمەن، ئىشىككە قارايمەن.

— ئولتۇرالمايلا قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى مېنىڭ تەشۋىشلىك ھالىتىمنى تۇيغان بىرسى.

— ئۆيدىكىلەر، مېنى قاچان كېلەر دەپ ئولتۇرىدىغاندۇ تايىن.

— تىرىك جان بولغاندىن كېيىن بىرەر ۋاق ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى جۆندەپ تۇرۇشنى بىلەر، سىز ئۇلارغا 360 كۈن باقىۋەندىمىدىڭىز، كۈندە بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار ئەمەسقۇ بۇ، خاتىرجەم ئولتۇرۇڭە، — دېيىشتى ئاياللار تۇشمۇ ـ تۇشتىن.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ ئۆزرە سوراپ ئۆيگە ياندىم. كەلسەم ئەرنىڭ قاپىقى باراڭغا ئالغۇدەك بولۇپ ساڭگىلاپ كېتىپتۇ، سومكامنى تاشلاپلا ئوچاققا ئوت ياقتىم، يۈگۈرۈپ چىقىپ سەي ئەكىردىم، ئاسان پىشسۇن دەپ گاڭپەن قىلدىم، قولۇم ئىشتا، ئاغزىم گەپتە. ئالدىرىغانلىقىم، لېكىن چىقالمىغانلىقىم توغرىسىدا چۈشەندۈرۈۋاتىمەن، لېكىن ئېرىمدىن زۇۋان چىقمىدى، ئاخىرى ئاشنى پىشۇرۇپ ئالدىغا ئەكىردىم.

— يېمەيمەن، — دېدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ۋارقىراپ، — كىم گاڭپەن يېگۈدەك.

مەن گەپ قىلمايلا بالىلارنىڭ ئېشىنى بېرىۋېتىپ، لەغمەنگە خېمىر يۇغۇردۇم، خېمىرنىڭ يېيىشىنىمۇ كۈتمەستىن قايتا ـ قايتا ئېشىپ ئىنچىكىلىتىپ سالدىم، ئاشنى ئالدىغا ئەكەلسەم:

— يېمەيمەن، قورساق ئاچقاندا تەييار بولمىغان بۇنداق ئېشىڭنى ئىتقا بەر، — دېدى ئۇ ئاشنى تەخسە بىلەن

كۆتۈرۈپلا يەرگە ئېتىپ. ئاش يەرگە بىر بولۇپ تېرىلدى، قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ چاچراپلا قوپۇپ كاچىتىمغا بىرنى سالدى، يۈزۈمنى تۇتقىنىمچە كەيىنىمگە داجىدىم. ئەگەر ئىشىكتىن كىرگەن ۋاقتىمدىلا مۇشۇ شاپىلاقنى يېگەن بولسامۇ ئانچە هار ئالماس ئىدىممىكىن، ئىت جېنىدا قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىپ سۇۋۇنۇپ قويسا، بېشىنى سىيلاپ قويىدىغۇ كىشى.

— قورسىقىڭ ئاچقان بولسا قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش بولغاندىن كېيىن ئېتىپ يېسەڭ بولمامتى؟ — دېدىم خورلۇق هەم ئاغرىققا چىدىماي.

— نېمە؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى غەلىتە قىسىلىپ، قىزاردى، — سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟

سول مەڭزىمگە قاسلا تەگكەن بىر شاپىلاقتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاچراپ كەتتى.

— نېمە ئۇرىسەن؟ — دېدىم جان ئاچچىقىمدا ۋارقىراپ.

— نېمە ئۇرىسەن؟ ئۇرماي كىمتىڭ سەن؟

قولاق تۈۋۈمگە مۇشت تەگدىمۇ، بازغان تەگدىمۇ بىلمەيلا قالدىم، قۇلىقىمدا بىر شاۋقۇن-سۈرەندىن ۋاڭشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن نېمە بولدىكىن بىلمىدىم، بىركەمدە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئاستا كۆزۈمنى ئاچسام يەردە ياتىمەن، ئۇ ماڭا دېۋەيلەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئىزىمدا ئولتۇرۇۋېلىپ:

— هۇ نامەرد! — دەۋەتتىم، — ئوغۇل بالا بولساڭ مۇشتۇمىڭنى نەچچىنى تۈگۈپ ئۆرە تۇرغۇدەك هالى قالمىغان خوتۇن كىشىگە ئاتماي، بىرگە بىرنى ياندۇرالىغۇدەك يىگىتكە ئاتمامسەن!

بۇ گېپىم ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى بولغاي، ئۇ خۇددى رەقىبىگە ئېتىلغان شىردەك ماڭا تاشلاندى، مۇشتىمۇ تېگىۋاتىدۇ، پەشۋامۇ تېگىۋاتىدۇ، دەسسىلىۋاتىمەن، ئىڭراۋاتىمەن ... يېتىپلا قالدىم، بەدەنلىرىمگە ئالا قالماي كۆك چۈشۈپ كەتتى، ئىشقىمۇ بارالمىدىم.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئۆيگە بىر دوستۇم يوقلاپ كېلىپ قالدى ۋە هالىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. مەن گەپ قىلالماي بويىنىغا ئېسىلىپ هۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئۆپكەم سەل بېسىققاندىن كېيىن بولغان ئەهۋالنى بىر باشتىن سۆزلەپ بەردىم، ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ:

— هەي سارالىڭ، ئەر دېگەن سەندەك خوتۇننى تاپسا بوزدەك قىلماي نېمە قىلاتتى؟ ئۆيۈڭگە بېكىنىپ چىقماي ئولتۇرساڭ، ئېرى پېشىدە ناماز ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن تېخى. هالىڭ شۇمىدى، قوپ، كىيىمىڭنى كەي، — دېدى.

— نەگە؟

— سوراپ نېمە قىلىسەن، ئىشقىلىپ ئېرىڭدەك خارلايدىغان يەرگە ئاپارمايمەن، — دېدى دوستۇم.

بارمايمەن دېسەم، ئۇنىمىدىغان، هەر نېمە بولسا يۈزۈمنى قوغداپ قالالايتتىكەنمەن، ئۆزۈممۇ ئەردىن، ئۆيدىن تويۇپ ئاران تۇرغاندا كىيىمىمنى كىيىدىم، ئۇ مېنى ياساندۇرۇپ ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ: «مەن نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ كەتتىم، ئاداش؟ قانداق ئايال ئىدىم، ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، بېشىغا كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ، دەپ ئادەم بېشىغا كەلمىگىچە بىلمەيدىكەن. دەرد دېگەن يامانكەن. ئاياللارنى بۇزۇلدى، تۈزەلدى دەيدىكەنمىز، بۇزىدىغانمۇ، تۈزەيدىغانمۇ ئەر كىشى ئىكەن، ئەقلى بارلىرى كوچىدىن ئالغان بۇزۇق خوتۇننىمۇ تۈزەپ ئادەم قىلىۋالىدىكەن، ئەقلى يوقلىرى پەرىشتىدەك خوتۇنىنىمۇ بۇزۇپ كېرەكتىن چىقىرىدىكەن. ئەر دېگەن ساراڭ ئىكەن ئاداش. ئىشلىق خوتۇن، ئىشەك خوتۇن دېگەن راست گەپكەن. مىڭ قېتىم ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىۋىتىنىڭ بىلەن ۋاقتانى - ۋاق كەلسە يۈرىكىڭ ۋاقىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئىسىت - ئىسىت دېگۈزۈۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ. ئەركىشى دېگەننى ئەسلى قانچە ۋايىجان دەپ تۇۋلاتسا شۇنچە ياخشى خوتۇن بولىدىغان گەپ ئىكەن. ئەر كىشىگە قانداق خوتۇن بولۇشنى سەن تېخى بىلمەيسەن، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەچكە مەن بىلىپ بولدۇم. مەن دېگەندەك قىلساڭ، قاراپ تۇر، ناۋات خوتۇن بولۇپ كەتمىسەڭ ...» دېدى دوستۇم.

ئۈستەل ئۈستى تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن توشقان بىر سورۇنغا كىردۇق. ھەممىسى «ۋاي كېلىشسىلە» دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي كەتتى. دەسلەپ بىر ئاز قورۇندۇم. سورۇن يات بىلىندى، يىغلىغۇم كەلدى. بولۇپمۇ ماڭا رومكىنى تەڭلىگەن چاغدا ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم. شۇ يېشىمغىچە ئاغزىمغا چايدىن باشقا نەرسە ئېلىپ باقماپتىكەنمەن. بۇنى دوستۇم سېزىۋالدى ۋە: «ئېرىڭنىڭ ئاپتاپتەك يىللىق چىرايى، ناۋاتتىن تاتلىق تىللىرى، پاختىدىن يۇمشاق مۇشتلىرى ئېسىڭگە كېلىۋاتامدۇ؟» دەپ تەنە قىلدى.

شۇ تەنىگە چىدىمىدىممۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئالدىمغا كەلگەننى ياندۇرماي ئىچىۋېرىپتىمەن، ئىچكەنسېرى ئىچىمدىكى دەرد - ئەلەملەر نەگىدۇر غايىب بولغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. ئىسىت، ئىسىت، ئەر كىشى ئۈچۈن خوتۇن كىشىنىڭ ئەخلاقىدىنمۇ ئارتۇق تۇرىدىغان بەخت بولارمىدى؟ ئەر كىشىنىڭ تەلىپى دېيىلسە بۇ ئالدى بىلەن شۇ ئەر كىشىنىڭ نامىدا ئولتۇرغان خوتۇننىڭ ئەخلاقى ئەمەسمۇ؟ بىر ئائىلىنىڭ شۆھرىتى نېمىگە باغلىق؟ ئۇ شۇ ئائىلىنىڭ پۇلى، مال - مۈلكى ۋە گەپ - سۆزىگىمۇ؟ ياكى شۇ ئائىلىدىكى ئايالنىڭ ئەخلاقىغىمۇ؟ ئەگەر ئايال كىشى ئەرنىڭ يۈزىگە كەينىدىن قارا سۈرتۈپ ماڭسا ئۇ چاغدا شۇ ئەر بىلەن شۇ ئائىلىنىڭ شۆھرىتى يەر بىلەن يەكسان ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك بىچارە، قانچىلىك ئاجىز، قانچىلىك ئەرزىمەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ - ھە؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئېتىزلىقتا قاداپ قويغان قارانچۇققىلا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەرنىڭ گېپى پەقەت ئەخلاقلىق ئايال بىلەنلا پۈتۈن ۋە كۈچلۈك، ئوبرازى ئاشۇنداق ئايال بىلەنلا يارقىن، بېشى ئاشۇنداق ئايال بىلەنلا تىك. بىر ئائىلىنىڭ نام - شۆھرىتى ئاشۇنداق ئايال بىلەنلا قايىل قىلارلىق. بۇ مەن ئۆي تۇتقاندىن باشلاپ ئويلاپ كېلىۋاتقان نۇقتا ئىدى. ئۆز ئائىلەمنىڭ نام - شۆھرىتىنى قوغداشنى بۇرچۇم دەپ ھېسابلايتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ سىزغان سىقىمغا قاراپ قەدەم ئالغاندىم. لېكىن ئۇ

بىلمىدى، ئۇ مېنىڭ ئاڭلىقلىقىمنى ئاجىزلىق، ئىتائەتمەنلىكىمنى گالۋاڭلىق، كۆيۈمچانلىقىمنى نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىرىغانلىق دەپ قارىسا كېرەك. ئۇنىڭ قىلغانلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر ئۆتتۈۋىدى، كۆڭلۈم مۇزلاپ قېتىپلا قالدى. ھارغىنچە ئويناپتۇق، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىرەيلەن ئەكىلىپ قويدى. كۆڭلۈمدە «ئېرىم ئەمدى نېمە دەپ، نېمە ئېيتىپ كېتەر» دەپ ئويلىدىم. يەنە تۇرۇپ: «توختا، ئۇنى شۇنچە چوكچى قىلىۋەتكەن كىم؟ مەن، مەن ئەخمەق، ئەرلىك غۇرۇرى سۇنمىسۇن دەپ ھېساب بىلەن ئىش قىلىپ شىللىمگە چىقىرىۋېلىپ قالغان كۈنۈم ماۋۇ، ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، نېمە بولسا بولمامدۇ، بولسا بولا، بولمىسا ئىز پۈلى بولا، شۇنچە قىلىپمۇ ياخشى بولالمىغانتىم، ئەمدى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتەرمەن؟ بولمىغان يېرىگە كەلسە بۇنداق سۆلىتى بار، دۆلىتى يوق ئەردىن تۇيدۇم، تۇرمۇش دېگەن مېنىڭكىدەكلا بولمايدىكەنغۇ» دەپ ئويلىدىم-دە، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيدەمنى كېرىپ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنىمۇ سېلىپ قويماي ئىشىكنى تاقىدە تېپىپ كىرىپ كەلدىم. مەن ئۆز كۆڭلۈمدە بۈگۈن كۆرگۈلۈكۈم بارغۇ دەپ ئويلىغانتىم، لېكىن ئۇ ماڭا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گەپ-سۆز قىلماستىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى-دە، يېنىپ چىقمىدى. ئۆزۈم يالغۇز يېتىپ، خېلى بىر چاقىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، توۋا دەيمەن، ئۇ نېمىشقا مېنى سوئال-سوراق قىلمىدى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەلپازىدىن ئەسەرمۇ يوقتۇ؟ دوستۇم دېگەندەك ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويغىنىمنىڭ رولى بولدىمۇ-نېمە...

شۇنداق قىلىپ مەن ئەركىنلىككە چىقتىم، دەسلەپ قىلغان ئىشىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. يەنە تۇرۇپ توختا، شۇنچە يىل ئەقىدە قېپتىم، شۇ ئەقىدەم زادى نېمىگە ياردى، دەپ ئويلىدىم. چۈشتە كوچىغا چىقتىم، بىر-ئىككى قۇر كىيىم ئالدىم. كىيىم دېگەن تاياقىمۇ يارىشىدىكەن. نەچچە يىللار بوپتىكەن، ئۇچامغا ياقىسىدىن تۇتۇپ يېڭىراق بىر نەرسە سالمىغىلى. ئېرىم دىۋانىگە سەدىقە بېرىشكە رازى ئىدىكى، ماڭا پايپاق چاغلىق نەرسە ئېلىپ بېرىشكە رازى ئەمەستى، مەنمۇ شۇنىڭ رايىغا بېرىپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمەن، ئۆيگە كەلسەم:

— قالتىسقۇ، — دېدى.

— قالتىسمىكەن، خەقكە ياراشقان كىيىم بىزگىمۇ يارىشامدىكەن، ئالماي دېسەم ئۇچامدىكىسى تۆكۈلۈپ چۈشۈپ قالسا، كوچىدا يالىڭاچ قالغۇدەكمەن، — دېدىم.

ئىنسابى كەلدىمۇ، يا مېنىڭ پەيلىمنىڭ سەل يامانلىغانلىقىنى سەزدىمۇ:

— بوپتۇ، — دەپ قويدى.

شۇندىن كېيىن ئۆيمۇ ئاستا-ئاستا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىر پۇتۇم ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا، بىر پۇتۇم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆينىڭ ئىچىدا، ئويۇن دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ، تازا ئوينىدىم. ئۆيگە كەلسەم چاي تەييار، ئاشمۇ تەييار، تەييارنى يەپ نازلىنىپ ياتىمەن، ئۆي بۇزۇلۇۋاتامدۇ، تۈزۈلۈۋاتامدۇ چاتىقىم يوق.

كىيىممۇ كۆپەيدى، تويۇمدا تاقالمىغان ئالتۇن ئۈزۈكمۇ قولۇمغا چىقتى. ئېرىم بولسا ئۇستىبېشىمغا گۇمان بىلەن زەن قويىدۇ، تىلىمنىڭ ئۇستىخىنى يوق، گەپ دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى پومىلىغۇدەك گەپ بولسىلا دەۋەردىم. بۈگۈنكى كۈندە خەق قىلغان ئىشىمىزغا ئەمەس، ئۇچىمىزغا قارايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇستىبېشىمىز ياخشى بولمىسا كەش بازىرىدا قالىسىز، خوتۇنىغا قىلىپ بەرگىلى قورسىقى ئاغرىيدىغان نوچىلارنىڭ كۆزىمۇ ئاشۇ پال ـ پۇل، ۋال ـ ۋۇل خېنىملاردا تۇرسا، مېنىڭ ئايالىممۇ كىيسە شۇلاردىن نەرى كەم، دېيىشمەيدۇ، ئەر كىشى دېگەننىڭ يۈرىكى سۆيمەي كۆزى سۆيىدىكەن ئەسلى.

شۇ تەرىقىدە تويىمايلا بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەن مەستلىكى تېخى تولۇق يېشىلىپ كەتمىگەن ئادەمدەك گاراڭ بىر ھالەتتە بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەرلەردە يۈردۈم. ئاخىرى چوڭ قىزىمغا ئەلچىمۇ كەلدى. ئەلچىلەرنى مېنىڭ بولغۇسى قۇدام كېلىدىغان كۈنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدىكى چوڭلاردىن ئىككىنى ئېيتىپ قويدۇم. نېمىشقىدۇر سۇر بېسىپ، جىددىيلىشىپ قالدىم. قىزىمغا قارىسام كۆزۈمگە ياش ئەگىپ باشقىچە بولىمەن. بەلكى بالا چوڭ قىلىپ تۇنجى قېتىم قىلىۋاتقان ئىش بولغاچقا شۇنداقتۇ ياكى قىزىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قىيىنىدىمىكىن؟ ئەكسىچە قىزىم شۇنچىلىك خۇشال ۋە نازلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەتىگەندىلا ئۆي يىغىشتۇرۇش، ئۇستەل راسلاش قاتارلىق ئىشلىرىمغا ياردەملىشىپ بەرگەندىن كېيىن، دوستى بىلەن چىقىپ كەتتى.

مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئېرىمگە قارىسام ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرى پارقىراپلا كېتىپتۇ، ياڭاق گۆشلىرى تارتىشىپ بىر قىسىملا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. مېنىڭ ھاياجىنىم ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى. ھەممىنىڭ ئاخىرى قۇدىمىز كەلدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز تەڭ دېگۈدەك ئىشىككە چىقتۇق.

— كېلىشسىلە، — دېدى ئېرىم ئېگىشىپ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئۇستىگە قارا سارجىدىن كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىغا قالپاق كىيىۋالغان سالاپەتلىك بىر گەۋدە بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى ـ دە، ئېرىمگە قول ئۇزاتتى. شۇ دەقىقىدە مېھمان بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. دەھشەت! مۇشۇ يالت قىلىپ بىر قاراشتىن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك بىر چاقماق باش ئۇستىمىزدىلا چاقتى، ھەر ئىككىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىمنى بۇژژىدە تەر بېسىپ كەتتى، يۈزۈم دەھشەتلىك يالقۇن تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك كۆيۈشۈپ ئېچىشتى، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ تىنالمايلا قالدىم، لاغىلداپ تىترىگىنىمچە يەرگە قارىۋالدىم. ئۇنىڭمۇ تىنىقىغا تىنىق ئۇلاشماي پۇشۇلداشقا باشلىغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ ئېرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن

ئىچكىرى مېڭىشقا مەجبۇر بولدى، ئەمما قەدەم ئېلىشلىرى ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىكى سالاپەتلىك ھالىتىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. بېشىنى سالغان ھالدا خۇددى بىرسى بوينىدىن باغلاپ سۆرەۋاتقاندەك سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى نەگە قويۇشۇمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغان ئىزىمدا تۇرۇپلا قالدىم.

— مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىرمەمسەن؟ — دېدى ئېرىم مېنى نوقۇشلاپ پىچىرلاپ.

ئۆينى تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەيمىكىنمۇ دېدىم، لېكىن دۇنيالىقتا بىر تال قىزىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى تۇرسا، قانداق چىقىپ كېتەلەيمەن. ئامال يوق كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما يەرنى يۈزۈمدە دەسسەۋاتىمەنمۇ، پۇتۇمدا دەسسەۋاتىمەنمۇ بىلەلمىدىم، چاينى مەن ئەكىرىۋاتىمەنمۇ، چاي مېنى ئەكىرىۋاتامدۇ، ئۇقالمىدىم. ئېرىم تېڭىرقىغان بىر ھالەتتە ماڭا قارىدى. ئۆزۈمگە شۇنچىلىك قەتئىيەت بېرىپ تۇرسامۇ كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىك پۇت - قولۇمنى كالۋالاشتۇرۇپ تۇتقان - قويغىنىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى سىزگە چۈشەندۈرۈشۈم ئارتۇقچىمۇ ياكى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيمۇ؟ قايسى ئاغزىم، قايسى تىلىم بىلەن دەي؟!

ماڭا قۇدا بولماقچى بولغان ئادەم بىلەن ئىككىمىز نەچچە يىلدىن بۇيان كۆڭۈل خۇشى قىلىشىپ ئۆتكەن، قىلىشمىغان ئىشىمىز، دېيىشمىگەن گېپىمىز قالمىغان.

مېھمانلار ھېچنېمە توغرىلىق ئېغىز ئاچماي چىقىپ كەتتى. ئېشىمىز ئاشلىقتا، سېپىمىز سەيلىكتە قالدى. ئۆيدىكىلەر بىر بىرىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

— قانداق خەق بۇ، كاللىسىنىڭ سۈيى بارمۇ - نېمە؟ مەقسىتىدىن بىر ئېغىز گەپمۇ ئاچماي، تاماقنىمۇ ئولتۇرماي، ئالدى - كەينىگە قارىمايلا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ - يا؟ — دېدى مەن چاقىرغان تۇغقانلاردىن بىرى ھەيران بولۇپ.

— كۆڭلىگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغاندىمىز؟ — دېدى يەنە بىرى گاڭگىرىغان ھالدا.

— سېنىڭمۇ خېلى - خېلى سورۇنلارنى باشقۇرغۇچىلىكىڭ بار ئىدى، تەمتىرەپ، قىلىدىغان ئىشىڭ بىلەن گېپىڭنى تاپالمايلا قالدىڭغۇ؟ — دېدى ئېرىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا نېرىدىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. ھېچكىمگە قارىغۇم، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشكۈم يوق ئىدى. نامازشامغا يېقىن قىزىم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۆزى بىلەن ئۆزى پىسسىڭگىدە كۈلۈشلىرىدىن، ماڭا ئەندىكىپ - ئەندىكىپ يەر ئاستىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى، ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى، بىرەر ياخشى خەۋەر ئاڭلاشقا تەقەززا تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۈندىمەيلا يېتىۋالدىم. قىزىم كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەرگىگە گۈل چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە ئاق رەخت تارتتى. ئارقىدىن شىلدىرلىتىپ تىكىشكە باشلىدى، يېرىم كېچىدىن ئاللىقاچان ئاشقاندىمۇ ئۇ ماشىنا ئالدىدىن تۇرمىدى.

شۇ كۈنى ماڭا تۈنجى قېتىم ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پەيزىنى سۈرۈپ كەلگەن شېرىن، تاتلىق ئۇيقۇ ھارام بولدى.

ياتىمەن، ئەمما ئۇيقۇم يوق، ئوت ئۈستىدە ياتقاندەك ئۆرتىنىمەن، تىكەن ئۈستىدە ياتقاندەك تولغىنىمەن. قىزىمنىڭ قولىدىكى ئۇچى ئەگمەك رەشلىيە قايچىسى رەختنى ئەمەس، يۈرىكىمنى قىيىۋاتقاندەك، شىلدىر-شىلدىر ئاۋاز چىقىرىپ تىكىۋاتقان يىڭنە يۈرىكىمگە سانجىلىۋاتقاندەك كىرىپكىم ئېلىنماي تاڭ ئېتىپ كەتتى. قىزىم كېچىچە ئۇخلىماي دېگۈدەك ئىش تىككىنىپ چىققاچقىمۇ مەن ئىشتا ماڭغىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ كۈنى قىزىم ئۆيگە ئادەتتىكىدىن خېلىلا كەچ قايتتى. ئۇ ئادەتتە ئىشىكتىن ماڭا قاراپ پىسسىڭگىدە كۈلگەن ھالدا كىرەتتى، يېنىمغا كېلىپ ئۆيياندىن، بۇ ياندىن نەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۈگۈن ئۇ ئىشىكتىن كىردى ـ دە، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۇدۇل ئۆزى ياتىدىغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. شۇنداقلا قارىسام يۈز ـ كۆزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالدى، لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە كەينىمگە داجىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. شۇ مىنۇتتا مەن شۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدىمكى، ئەگەر ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەقىقىي، چىن بولىدىغان بولسا قىزىم كۈلۈپ، يايراپ كىرگەن بولاتتى. چۈنكى مېنى نەچچە يىللار ئىگىلەپ كەلگەن ھېلىقى دەيۈز مېنىڭ ئالدىمدا ھەر نېمە بولماقچى، پەيتى كەلسە ھەر ـ ھەر قۇربانلارنى بەرمەكچى ئىدى.

ئەمما قىزىم قان يىغلاپ كىردى، «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇنىڭ قىزىغا يەنە يول ماڭىدىكەنسەن، ئاتا-بالىلىقتىن ئۇدۇنيا- بۇدۇنيا كېچىشىپ كېتەيلى» دەپتۇ ھېلىقى قارا يۈز ئوغلىغا. مەن تىت ـ تىت بولغىنىمدىن تۇرالماي قىستاپ سوراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىزىم ماڭا نەپرەت بىلەن قادىلىپ تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى دەپ بەردى ـ دە، ئۆزىنى يەنە كارىۋاتقا تاشلاپ ئۆكسۈشكە باشلىدى. ئۇ كېچىچە ئاشۇنداق دۆم يېتىپ يىغلاپ چىقتى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندە يىغلىغان، لېكىن ئۇ چاغدىكى يىغىسى خۇددى كىچىك بالىنىڭ يالغان يىغىسىدەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى قارىسام ئۇنىڭ يىغىسىمۇ باشقىچە، ھەسرىتىمۇ باشقىچە، ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇرىدۇ، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلدايدۇ، ئىڭرايدۇ، يەنە بۇقۇلدايدۇ. قىزىم كۆزۈمچىلا تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ـ ھە؟ ئۆزۈمنى نەگە قويۇشۇمنى بىلمەي قالدىم. ناۋادا شۇ تاپتا چۆچەكلەردىكىدەك تاغ يېرىلسا ئۆزۈمنى ئاتسام، يەر يېرىلسا ئۆزۈمنى تاشلىسام، قىزىم ماڭا قادالغان چاغدا كۆزلىرىدىن چاچراپ چىققان نەپرەت، ئۇمچىيىپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىدە نامايان بولۇپ تۇرغان خورلۇق يۈرىكىمنى تىغ تىقىپ مالتىلغاندىن ئۆتە ئازابقا گىرىپتار قىلغانىدى. ئەمدىكى ئۇنىڭ پەريادى جىسمىمنى بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتكەندىن ئۆتە كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

خورلىنىش، نەزەرگە ئېلىنماسلىق تۇيغۇلىرى بىر مەزگىل بالا چوڭ قىلىۋاتقانلىقىمنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىش، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە ئولتۇرۇش ھېسابىغا ئويناپ ـ كۈلگەن

ئىكەنمەن، ھەممىنى بالىلىرىمغا قىلغان ئىكەنمەن. ئەجەب، باغرىمنى يېرىپ چىققان بالىلارنىڭ بەختى مېنىڭ بەختىم ئەمەسمىدى؟ بۇ نۇقتىنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىم؟

ئىشتىن قايتىپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى تۇتقان پېتى يا ئېچىشنى، يا ئاچماسلىقنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. دەل شۇ پەيتتە خۇددى مېنىڭ كېلىپ ئاڭلىشىمنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا ئۆيدىن ئېرىمنىڭ: «ياق، ئۇنداق ئەمەس بالام، ئاپاڭلار ئەسلى ياخشى ئىدى» دېگەن گېپى ئاڭلىنىپ قالدى.

يۈزۈمگە نېمىدۇر ھۇپپىدىلا تەپتى، نەپىسىم بوغۇلدى، كۆزۈمگە لىممىدە ياش كەلدى ۋە مەڭزىمنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىپ كەتتى. ئاۋازىمنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورقۇپ دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلدۈم ـ دە، ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتىم ئۆيدىن يىراقلاپ كەتتىم.

ئەمدى مەن ئۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىيەلمەيمەن. بۇ قارا يۈزۈم بىلەن ئېرىمنىڭ ھەم بالىلىرىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازابنى ھەم ئىچ ئاغرىقىنى تارتىپ بولالمايمەن، مېنىڭ ئاشۇ ئىپلاسلىقلىرىم بىلەن ئۇلارنى شۇنچىلىك بىچارە ۋە بەختسىز قىلغىنىمىمۇ يېتىپ ئاشار...

مەن خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئۇزاق ئويلاندىم، ئاخىرى بۇ خەتنى شۇ پېتى ژۇرنالغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭچە بۇ خەتنى قەدىرلىك كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ چىققىنى ياخشى. ئوقۇغاندا «كىم ئەيىبلىك؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**



# تۇنجى مۇھەببەت

تۇرسۇنئاي ئابلەت

(ھېكايە)

سالام، دوستۇم بەرنا، ياخشىمۇ سەن؟

يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەندەك بىر غەمكىن دوستۇڭنى ئەسلەپ تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت! خېتىڭدە ساق-سالامەت يەڭگىۋالغانلىقىڭنى يېزىپسەن، مۇبارەك بولسۇن! قىزىڭمۇ بەلكىم ساڭا ئوخشاش چىرايلىقتۇ-ھە؟ ئارىلىقىمىز يېقىنراق بولغان بولسا، بېرىپ سىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، يوقلاپ كەلگەن بولاتتىم.

بەرنا، خېتىڭدە مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە توي قىلمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سوراپسەن. ئىلگىرىكى خەتلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ مەسىلىنى سورىغىنىڭدا، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانىدىم. بۇيپتۇ، بۇ قېتىم سېنى نائۈمىد قالدۇرماي! (سىر ساقلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.)

دوستۇم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا ئىنتايىن شوخ، ئەركە، غەمسىز بىر قىز ئىدىم. ساۋاقداشلىرىم مېنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئوغۇللار دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇسلاردا، مۇزاكىرىلەردە مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا، چاقچاقلىشىشقا خۇشتار ئىدى. مەن پات-پاتلا ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەت

خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتىم. بۇلارنىڭ
ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەم باشقا
فاكۇلتېتلارنىڭ مەن تونۇمايدىغان ئوقۇغۇ-
چىلىرىمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ مۇ-
ھەببەت ئىزھار قىلىشلىرىنى ئىنتايىن
كۆلكىلىك ھېس قىلاتتىم. ئاجايىپ شېرىن
سۆزلەر بىلەن تولغان بۇ خەتلەرنى كۆر-
گەندە، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرەتتىم ـ دە، ھارغىچە كۈلەتتىم.

دوستۇم، ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزۈمـ
نىڭمۇ كۆڭلەرنىڭ بىردە مۇھەببەت تورىغا
چۈشۈپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئوقۇشىمىزنىڭ 3 ـ يىلى بىزنىڭ سى-
نىپ مۇدىرىمىز چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقى-
دىغان بوپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا 30
ياشلار چامىسىدىكى ئىرپان ئىسىملىك ئو-
قۇتقۇچى بىزگە سىنىپ مۇدىرى بولدى. ئۇ
يېڭىلا ياپونىيىدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ
قايتىپ كەلگەنىكەن. كۆڭلەر ئۆتكەنكىرى
قەلبىمدە مۇئەللىمگە نىسبەتەن بىر خىل
قىزىقىش، زوقلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بو-
لۇشقا باشلىدى. ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئىرپان مۇئەل-
لىم بىزگە سىنىپ مۇدىرىلا بوپ قالماي،
يەنە دەرسىمۇ بەردى. مەن دەسلەپتە
ئۇنىڭ دەرسلەرنى قىزىقارلىق، چۈشىنىش-
لىك قىلىپ سۆزلىشىگە، ئاۋازىنىڭ يېقىملىق
چىقىشىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇردۇم. كې-
يىنچە ئۇنىڭ يېشىغا ماس بولمىغان ھالدا
ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇشلىرىغا، ئوماق،
ساددا قىلىقلىرىغا قىزىقىدىغان بولۇپ قال-
دىم. مەن بۇ قىزىقىشلىرىمنىڭ ئاخىرى
ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدى-
غانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بەرنا، شۇنىڭ-
دىن كېيىن مىجەزىم تۇيۇقسىزلا ئۆزگەر-
دى. بۇرۇنقى كۈلكەمدىن، شوخلۇقلىرىمدىن
ئەسەرمۇ قالمىدى. بارغانسېرى جىمجىت
خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ
قالدىم. دوستۇم! شۇ يىلى سىنىپىمىزدا
«يېڭى يىل كېچىلىكى» ئۆتكۈزگەنلىكىمىز
بەلكىم ئېسىڭدە باردۇر. ئولتۇرۇش يېرىمـ
لاشقاندا سىنىپ باشلىقىمىز ئەكرەم:

ــ ساۋاقداشلار! ئىرپان مۇئەللىم
گىتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانـ
داق؟ ــ دېدى. ساۋاقداشلار گۈلدۈراس
ئالقىش ياڭراتتى. ئىرپان مۇئەللىم ئوڭايـ
سىزلانغاندەك بولدى ـ يۇ، گىتارنى قولىغا
ئېلىپ ناخشا باشلىۋەتتى.

ساڭا تەلپۈنۈپ ئۆتتى نەچچە يىل،
چېكەمدە قورۇق، چاچلىرىمدا ئاق.
يۈرەككە ئوتنى سەپ قويۇپ ئۆزۈڭ،
نېمىشقا بىغەم يۈرىسەن بۇنداق؟

ئاھ ... نېمىسىنى ئېيتاي! بۇ مەن
ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ناخشىغۇ؟!...
ناخشا يۈرەكلىرىمنى جىغىلداتتى. مەن ناخـ
شىنىڭ سېھىرلىك كۈچىدىن بىھوش بو-
لۇپ، مۇئەللىمنىڭ گىتار تارىلىرىنى ئوي-
نىتىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈيلەرنى ياڭرى-
تىۋاتقان بارماقلىرىغا تىكىلگىنىمچە ئولتۇ-
رۇپ كەتتىم. مۇئەللىم ناخشىدىن توختىدى.
ساۋاقداشلار يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭـ
راتتى. مەنمۇ چاڭقىمىدىن تۆكۈلەيلا دەپ
قالغان ياشلىرىمنى زورىغا بېسىپ، چاۋاكـ
لارغا قوشۇلدۇم...تانسا باشلاندى. ئەكرەم
ئۇدۇللا كېلىپ مېنى تانسىغا تارتتى. مەن
خۇشياقماسلىق بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.
ۋالسنى تۇنجى قېتىم ناھايىتى ئېغىر قەدەمـ
لەر بىلەن ئوينىدىم. ئەكرەم ماڭا قاراپ
نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى. لېكىن مېنىڭ
ئۇنىڭغا قارىغۇدەك ھالىم يوق. كۆزلىرىم
ھامان ئىرپان مۇئەللىم تەرەپكە كېتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالاتتى. ئىرپان مۇئەللىم يېنىدىكى ئوغۇللار بىلەن نېمە توغرىلىقتۇ قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مۇزىكا تۈگىشى بىلەن مەن ئورنۇمغا بېرىپلا باشقىلارنىڭ تانسىغا تارتىپ ئاۋارە قىلماسلىقى ئۈچۈن، بېشىمنى پارتىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ ئولتۇرۇۋالدىم.

— دىلدار، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

بۇئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئىرپان مۇئەللىم مېنىڭ ئالدىمدا تۇراتتى.

— ياق...ھېچنېمە...— ئوڭايسىزلانغانلىقىمدىن سۆزلىرىممۇ قولاشماي قالدى.

— كېلىڭ، تانسا ئوينايلى، — دېدى ئىرپان مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن ئۆزۈممۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇئەللىم قولۇمنى تۇتتى. ياق...! قولۇمنى ئەمەس بىر پارچە يالقۇنجاپ تۇرغان چوغنى تۇتتى! پۈتۈن بەدىنىم توك تەپكەندەك لەرزىگە كەلدى. يۈرىكىم خۇشاللىقتىن خۇددى مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشقاندەك تىپىچەكلەشكە باشلىدى ... بىز لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ۋالىسقا پىرقىرىدۇق. ئىرپان مۇئەللىم ۋالىسنى بەكلا ياخشى ئوينايدىكەن. مەن خۇددى ئۆزۈمنى جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەردەك سەزدىم. كۆزلىرىم خۇمارلىشىپ، بەدىنىم قىزىپ كەتتى.

— دىلدار، تانسىنى بەك پەيزى ئوينايدىكەنسىز جۇمۇ، — دېدى ئىرپان مۇئەللىم تانسا ئويناۋېتىپ. ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەنلىكىمنى سەزدۇرمەسلىككە تىرىشىپ:

— بەكلا ماختىۋەتتىڭىز... — دېدىم ئارانلا.

— ماختىغانلىقىم ئەمەس. راستىنلا ياخشى ئوينايدىكەنسىز.

«تانسىنى ياخشى ئوينايدىكەنسىز» دېگەن بۇ گەپنى ئوغۇللاردىن تالاي قېتىم ئاڭلىغا بولسامىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك يېقىملىق ئاڭلانمىغان، ھازىرقىدەك تاتلىق ھېسلارغا چۆمدۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى مۇئەللىمنىڭ بوشقىنا تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدىن ئاجرىلىپ، يۈگۈرگىنىمچە سىرتقا چىقىپ بار ئاۋازىم بىلەن «مەن نېمىدېگەن بەختلىك! ...» دەپ ۋارقىرىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتىم. مەن مۇشۇ ھالەتنىڭ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى، بەختتىن قېنىپراق لەززەتلىنىشنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم!

ئەپسۇس! مۇزىكا ئاخىرلاشتى. مەن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. خۇشاللىقىم چىرايىمدىن ئىپادىلەنگەن بولسا كېرەك.

— دىلدار، باشقىچە چىرايلىقلىشىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدىڭ سەن شوخلۇق بىلەن كۆزۈڭنى قىسىپ.

— نەدىكىنى... — دېدىممەن قىزىرىپ ۋە ئاستا سېنىڭدىن سوردىم:

— بەرنا، ئىرپان مۇئەللىمنىڭ ئايالى قانداقراقتۇ - ھە؟

— ئىرپان مۇئەللىم تېخى توي قىلمىغان. ھەددەمنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ يۈرگەن قىزىمۇ ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەن. مۇشۇ يېقىندا تويى بولغىدەك، — دېدىڭ سەن پەرۋاسىز ھالدا. بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا سوغۇق ئېقىم تارالغاندەك بولۇپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويايلا دېدىم. بەلكىم چىرايىم تاتىرىپ، لەۋلىرىم تىترەپ كەتكەندۇ. بەختىمگە سېنى بىرسى تانسىغا

تارتىپ كېتىپ، كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشنى سېزەلمىدىڭ.

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. يۈرىكىم قاتتىق سىقىلاتتى. قەلبىمدە مىڭ بىر خىل ئازابلىق ھېسلار ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن قار كېچىپ، ئاستا مېڭىپ سىنىپنىڭ كەينىگە ئۆتتۇم ـ دە، ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەن يوغان ئاكاتسىيە دەرىخىنى قۇچاقلاپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم...

ئاھ، خۇدا! ماڭا نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغانسەن!؟ تېخى ھېلىلا بەخت قۇچىقىدا ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلاتقان قوللىرىڭ بىلەن ئەمدىلىكتە قىلچە رەھىم قىلماي ئىتتىرىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟! مەن ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم!؟...

ئاھ، قەدىرلىك دوستۇم! ئۆزۈڭ چىن دىلىڭ بىلەن ياخشى كۆرگەن، سۆيگەن ئادىمىڭنىڭ توي خەۋىرى ساڭا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىنمۇ دەھشەتلىك ئاڭلىنىدىكەن! مەن شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. پەقەت پۇت ـ قوللىرىمنىڭ سوغۇقتىن توڭۇپ، ئېچىشىپ كېتىشىدىن ئېسىمگە كەلدىم. ئەمدى سىنىپقا كىرىشنى كۆڭلۈم تارتمايتتى. مەن ياتاققا قايتىپ كەلدىم ـ دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.

جېنىم دوستۇم، تۇنجى مۇھەببىتىمدىلا مەغلۇپ بولۇشۇمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئىرپان مۇئەللىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن «ئېزىتقۇ» غا شۇنداق تارلىقىم كەلدىكى، ئەگەر ئۇ ئالدىمدا بولسا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايتتىم.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ، ئازابلىرىمغا يېڭى ئازابلارنى قوشۇۋەردى. دېگەندەك، باھار بايرىمىدا مۇئەللىمنىڭ تويى بولدى. مەن سىلەرنىڭ زورلاشلىرىڭلارغا قارىماي، مىجەزىم يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، تويغا بارمىدىم. ئەلۋەتتە، مۇئەللىمنىڭ يېنىدا توي كىيىملىرىگە پۈركىنىپ مەغرۇر ئولتۇرغان ئاشۇ ئامەت ئىگىسىنى كۆرۈشكە چىدىشلىق بېرەلمەيتتىم!

دوستۇم، دەردلىرىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟!

مەن شۇنىدىن كېيىن بۇرۇنقى دىلدارنىڭ تامامەن ئەكسىچە بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدىم. مۇھەببەت كۈچىنىڭ بۇنچىلا زور ئىكەنلىكىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. بۇرۇن مۇھەببەت ئوتىدا پۇچىلانغانلارنى قانچىلىك مەسخىرە قىلغان بولسام، ئەمدىلىكتە شۇ قىلمىشلىرىمغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلدىم.

ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەت خەتلىرى يەنىلا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. بىراق مېنىڭ ئۇ خەتلەرگە قاراپ، ئەلەملىك كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا نېمە ئامالىم بار دەيسەن؟! ...سەن مېنىڭ روھىي كەيپىياتىمغا قاراپ ئەجەبلىنەتتىڭ، لېكىن ئىچكى ئازابلىرىمنى ئۇقمايتتىڭ.

كەچۈر، بەرنا! سەن مېنىڭ بىردىنبىر سىرداش دوستۇم بولساڭمۇ، كۆڭلۈمدىكى بۇ ئازابلىرىمنى ساڭا ئاشكارىلاشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايتتىم. گەرچە جەمئىيىتىمىزدە مۇھەببەت ئەركىنلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن چوڭراق بىرسىنى، بولۇپمۇ بىلىم بېرىۋاتقان ئۇستازنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشنى باشقىلار توڭگۇل، ئەڭ يېقىن دوستۇم بولغان سېنىڭمۇ ئەخلاقسىزلىق، نومۇس دەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قارىشمىغان تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يوشۇرۇن ئازاب گەرچە مېنىڭ نازۇك تېنىمنى ياپراقتەك تىترىتىپ، جىسمىمنى قۇرۇتاي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىمنى يوق قىلىۋېتەلمىگەنىدى. مەن بىر تەرەپتىن كوندىلىك دەرسلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرسەم، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم. كىشىلەر «ئاشىقلىقتىن شائىرلىق چىققىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىمىغانىكەن. شېئىرلىرىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. مەن مۇھەببەت لىرىكىلىرىم بېسىلغان ژۇرناللارنى كۆكرىكىمگە باسقىنىمچە: «ئىرپان مۇئەللىم بۇلارنى كۆرەمدىغاندۇ! ئۆزىگە ئاتاپ يازغىنىمنى ئۇقامدىغاندۇ!...» دەپ ئازاب ئىچىدە پىچىرلايتتىم. شۇنداق قىلىپ ئوقۇشىمىزنىڭ 3 - يىلىمۇ ئازاب ئارىلاشقان جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئوغۇللار ماڭا «ھاكاۋۇر پەرى» دەپ ئىسىم قويۇشۇۋالدى. مەن بۇنىڭدىن رەنجىمىدىم. ئۇلار مېنىڭ ئاشۇ «ھاكاۋۇر» لۇق پەردىسى ئاستىغا قانچىلىك ئازابلارنى يوشۇرغانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن!

بەرنا، ئېسىڭدىمۇ؟ ئوقۇشىمىز پۈتىدىغان يىلى مۇئەللىمنىڭ ئايالى تۇنجى تۇغۇتىدا قوشكېزەك پەرزەنتلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. بۇ زەربە مۇئەللىمگە خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تونۇغۇسىزلا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالدى. بۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلەتتى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال بولغۇم كېلەتتى. دوستۇم! بىراۋنىڭ قايغۇسىغا، بەختسىزلىكىگە خۇشال بولۇش ئىنسانغا مۇناسىپ ئىش ئەمەس!

لېكىن بۇ بەختسىزلىك مېنىڭ ئاللىقاچان ئۆچكەن ئۈمىد ئوتلىرىمنى ئۇچقۇندايتتى. قانداق قىلاي! مۇھەببەت ئادەمنى شۇنداق شەخسىيەتچى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ناھايەت ئوقۇشىمىزمۇ پۈتتى. مەن مەكتەپنىڭ ئۆزىدە قالدىم.

بەرنا، ئۈرۈمچىدە قالغان ساۋاقداشلار شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تولىراق مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتۇق. مەن شۇ مەكتەپتە بولغاچقا ئۇلارغا چاي - پاي تەييارلاش، تاماق ئېتىش ئىشلىرىنى تەبىئىي ھالدا ئۈستۈمگە ئالاتتىم. دوستۇم، شۇنداق ۋاقىتلاردا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلغانسەن!

مەن بەزىدە مۇئەللىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيلىرىنى تازىلاپ - رەتلەپ بېرەتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلات ئىدى. بەزىدە بىز ئۆتكەن ئىشلار، ساۋاقداشلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتۇق، كىشىلىك ھايات، مۇھەببەت توغرىسىدا مۇنازىرىلىشەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى خۇددى ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم، ھاياجانلىناتتىم. ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغۇم، ئوتلۇق ھېسسىياتىمنى ئىزھار قىلغۇم كېلەتتى. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى بۇنىڭغا قىزلىق غۇرۇرۇمدىن كۆرە، ئۇستاز - شاگىرتلىق ھاياسى يول قويمايتتى. ياتاققا قايتىپ كېلىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلايتتىم - دە، كېچىچە يىغلاپ چىقاتتىم...

جېنىم بەرنا! سەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ: «مۇئەللىم سېنىڭ ھالىتىڭدىن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىمۇ؟» دەپ سورىشىڭ

مۇمكىن. مۇئەللىم ھەر قانچە دىققەت قىلمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنىڭ كەيپىياتىمدىن ھېچ نەرسىنى سەزمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟! بىراق، مۇئەللىم قەستەن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، ئۇقمىدىم، مۇئامىلىسى باشتىن-ئاخىر بىر خىللا! مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزۈم كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى بىر خىل پەرۋاسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرەتتىم.

دوستۇم، بۇ ھال مەن خىزمەتكە چىقىپ ساڭا بۇ خەتنى يازغىنىمغا قەدەر توپتوغرا ئۈچ يىل داۋاملاشتى.

بەرنا، مەن ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان نەرسە كۆز ئالدىمدىلا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي، يەتكۈچە دەرد تارتتىم. ھېلىمۇ ياخشى خۇدا ماڭا ئۇنداق ئازابلارنى سالغىنى بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چىداشلىقنىمۇ ئاتا قىلغانىكەن. بولمىسا ئاللىقاچان تۈگىشىپ كېتەركەنمەن!

دوستۇم! بۈگۈن ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. خەتنىڭ ئاخىرىنى يېزىشقا قېيىنلىۋاتىمەن! ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆز چانىقىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق ياشلار ئالدىمدىكى قەغەزگە تاراملاپ ئاقماقتا! بوپتۇ، يېزىۋېرەي! سىرلىرىمنى بىلىپ، ئازابلىرىمنى چۈشەنگەن بىردىنبىر كىشى سەن بوپ قالغىن! بەرنا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ ئەزەلدىن قان ئازلىق كېسىلىم بار ئىدى. بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن قان بېسىمىم تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ، بالنىستا يېتىپ قالدىم. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىپ، پۈتۈن بەدىنىم چوغدەك قىزىپ كەتتى. لەۋلىرىم قۇرۇپ، پۇت-قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزۈمگە ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى ئەزرائىل كۆرۈنگەندەك بولدى. بالنىستقا كىرىپ 3-كۈنى ئەھۋالىم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. دوختۇرلارمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. مەن ئۈن-تىنسىزلا ھايات بىلەن خوشلىشىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. شۇ ئەسنادا مۇئەللىم مېنى يوقلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تېخىمۇ بەك بۇزۇلدى.

— مۇئەللىم، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن...سىزگە دەيدىغان...

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. ھالسىز قوللىرىم بىلەن يۈزۈمنى ئېتىۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، دىلدار، باشقىچە ئويلاردا بولۇپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىماڭ. يات ئارىدا ياخشى بوپ كېتىسىز ... — دېدى مۇئەللىم ۋە يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى. مەن مۇئەللىمنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم ۋە ئۇنى ئاستا كۆكرىكىمگە باستىم.

— مۇئەللىم...مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...بەش يىلدىن بېرى ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇپ كەلدىم...مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پەقەت ئەسلەپ قويسىڭىزلا بولدى ... — دېدىم مەن ئىسەدەپ تۇرۇپ.

مۇئەللىم ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى. كۆزلىرىدىن چۈشىنىپ يەتكۈسىز بىر خىل ئۇچقۇنلار چاچرىدى. ئۇ ماڭا قاراپ بىر پەس تىكىلىپ تۇردى. ئاندىن قولىنى ئالقانلىرىم ئارىسىدىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇۋالدى-دە، گەپ-سۆز قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

مەن بۇ خورلۇققا چىدىيالماي يەنە يىغلىۋەتتىم. بۇ قېتىم كۆزلىرىملا ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بەلكى ئاجىز يۈرىكىممۇ ياش تۆكەتتى. ياق! كۆزلىرىمدىن ياش ئەمەس قان تۆكۈلەتتى...

دوستۇم، ئەزرائىلنىڭ رەھمى كەلدىمۇ، قانداق؟ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ساقىيىپ بالنىستتىن چىقتىم. مۇئەللىم مېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ياخشى ئۇزۇقلىنىش، ياخشى دەم ئېلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىمىدى. مەن ئەمدى خۇددى مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلىنىپ قالغان جىنايەتچىدەك، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، گەپ ـ سۆزلىرىگە باش ئىشارىتى ئارقىلىقلا جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن چەكلىنىدىغان بولدۇم. ئوتتۇرىمىزدا شەكىللەنگەن بۇرۇختۇملۇق ھەر ئىككىلىمىز ئۈچۈن قىيىن.

بەرنا، تۈنۈگۈن مۇئەللىم «تازىلاپ بەرسىڭىز» دەپ بىر كاستيۇمىنى ئەكىرىپتۇ. مەن بۇ «ئىلتىپات»تىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى شۇ ھامانلا تازىلاشقا كىرىشتىم. تازىلاۋېتىپ قارىسام يانچۇقىدا تۇمارچە قىلىپ پۈكلەنگەن بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ. بىراۋنىڭ خېتىنى رۇخسەتسىز كۆرۈش ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بىر خىل كۈچلۈك ۋەسۋەسە ئىچىدە خەتنى ئېلىپ ئوقۇدۇم. ئوقۇغانسېرى يۈرىكىمنى بىرسى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك ئېچىشىپ كەتتى. پۇت ـ قوللىرىم دەرمانسىزلىنىپ، كۆز چانىقىم ياشقا تولدى.

دوستۇم! مەن ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، ئۇ خەتنى ساڭا ئەينەن يازاي.

«دىلدار:

بۇ خەتنى يېزىش ماڭا خېلىلا ئېغىر تۇيۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن مەن سىزنى ھەم ئۆزۈمنى ئازابلاپ، ئالداپ يۈرگەندىن كۆرە خەت ئارقىلىق بولسىمۇ، سىزگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. دىلدار، مەنمۇ بىر ھېس ـ تۇيغۇغا ئىگە ئىنسان تۇرۇقلۇق سىزنىڭ ھالىتىڭىزدىن ھېچنېمىنى سەزمەسلىكىم مۇمكىنمۇ؟ مەن ھەممىنى سەزگەنىدىم. لېكىن سېزىپ تۇرۇپمۇ سىزنىڭ كۆڭۈل سىرىڭىزنى ئىپادىلەپ تۇرغان ئوماق كۆزلىرىڭىزگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىدىم. قىزغىن ھېسسىياتىڭىزغا قارىتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم. دىلدار، ھېلىقى كۈنى سىز ھېسسىياتىڭىزنى ئاشكارا قىلدىڭىز، لېكىن سىزنى سىز كۈتكەن نەرسىگە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن سۆزىڭىزنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. بەلكىم سىز ھەر خىل خىياللاردا بولغانسىز؟!

ئىشىنىڭكى، مەن قىزلارنىڭ ئوغۇللارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى ھەرگىز گۇناھ، شاللاقلىق دەپ قارىمايمەن. بۇنداق قىلىش پەقەت ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك، جىگەرلىك قىزلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مەن بۇ خىل جۈرئەتنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا كۆرۈپ، سىزگە بولغان قايىللىقىم، ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەپسۇس دىلدار! مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىزمەن.

دىلدار، تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم بىز يېشى خېلىلا پەرقلىنىدىغانلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى توغرىسىدا پاراڭلاشقىنىمىزدا سىز «ياش پەرقى مۇھەببەتكە ھېچقاچان توسالغۇ بولالمايدۇ»دەپ، بۇنىڭغا تولستوي بىلەن سوفىيەنىڭ مۇھەببىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ كۆزلىرىمگە

مـــلىك تىكىلگەن ئىدىڭىز. شۇنداق، مەن سىزدىن ئۇن نەچچە ياش چوڭ، بۇنىڭغا مەيلى دېگەندىمۇ، سىز بىلىسىز، مېنىڭ ئىككى بالام بار. بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قانۇن يول قويسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتە بىزنى قوللايدىغانلاردىن قانچىلىك بار دەيسىز؟ سىز بۇلارنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟!

مەن سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنى، ئوچۇق-يورۇق مىجەزىڭىزنى، قىزلاردا ئاز تېپىلىدىغان قەيسەر، چىدامىلىق خاراكتېرىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن مېنىڭ سىزگە بولغان ھېسسىياتىم — غەيرىي غەرەز، مەقسەتلەردىن خالىي بولغان — ئاكىنىڭ سىڭلىغا، ئۇستازنىڭ شاگىرتىغا بولغان سەممىي، پاك ھېسسىياتتىن ئىبارەت.

توغرا، مېنىڭ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا بالىلىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ، توي قىلارمەن. مەن سىزنىڭ بالىلىرىم ئۈچۈن مېھرىبان ئانا، مەن ئۈچۈن كۆيۈمچان يولداش بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن، سىزنى بۇلار بىلەن چۈشەپ قويۇشنى خالىمايمەن. قىسقىسى، سىزنى بەختسىز قىلغۇم يوق.

دىلدار، مەن ئىشىنىمەنكى، سىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىڭىزدە چوقۇم ھەر جەھەتتىن ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىرسى بىلەن جەم بولالايسىز!

سىز تىرىشىڭ، بەختىڭىزنى ئالدىڭىزدىن ئىزدەڭ! بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سىز بىر مەزگىل ئازابلىنىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن بۇ ئازابلارمۇ ھامان ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

مەن سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىڭىز سۈپىتىدە، بۇنىڭدىن كېيىن مۇڭلىنىپ ياش تۆكۈشىڭىزنى ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن نەزەر سېلىشىڭىزنى، خۇشال يۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!»

مانا دوستۇم، بۇ ئىرپان مۇئەللىمنىڭ خېتى!

بەلكىم سەن دوستۇڭنى شۇنىڭدىن كېيىن چىرايى سولغۇن، روھى چۈشكۈن ھالدا كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن!

بەرنا! ئىرپان مۇئەللىمنىڭ خېتى گەرچە مېنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىمنى بەربات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئىلگىرى ھېس قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. بۇ ئىشتا پەقەت ھېسسىياتقىلا بېرىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى تونۇتتى!

دوستۇم، بۈگۈن مەن ئامېرىكىغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىم توغرىسىدا چاقىرىق تاپشۇرۇپ ئالدىم. (بۇنىڭ ماڭا ئوخشاشلا سېنىمۇ خۇشال قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن).

مەن كۈلدۈم. ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كۈلدۈم! مۇھەببەتتە ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقىمنىڭ ئورنىنى كەسپتىكى نەتىجەم ئارقىلىق تولدۇرالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ كۈلدۈم!

مەن ئىرپان مۇئەللىمدىن ئىككى يىل ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن. مەن ئۇنى كېيىنچە ئۇنتۇپ كېتەلەمدىم ياكى مەڭگۈ ياخشى كۆرەمدىم، بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

دوستۇم، سەندىن، ئىرپان مۇئەللىمدىن، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا يازغان بۇ خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي.

خەير.

ئوماق قىزىڭنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ:

دوستۇڭ دىلدار.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

uyghurkitap.com

قۇندۇز مۇھەممەت

# تام

(ھېكايە)

پەخردىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بۇ يىراق ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا تونۇجى بولۇپ يىللىق قوينىنى ئاچقان ۋە ئائىلە مېھرىنى ئاتا قىلغان سەمەت ئاكىنىڭ ئائىلىسى ئىدى. ئۇ چاغلاردا زاۋۇت ئاشخانىسىنىڭ تامىقى ناچار بولۇپ، پەخردىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىغا ئۆكۈنگەنتى. لېكىن سەمەت ئاكا ۋە پاشاخان ھەدىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بارا-بارا بۇ جاينى ياخشى كۆرۈپ قالدى. پەخردىن سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ قايتىپ كەلسە، پاشاخان ھەدە ئۇ ئەڭ ئامراق تاماق-چۆچۈرە ئېتىپ كۈتۈۋالاتتى. كىر-قاتلىرىنى يۇياتتى، دەزمال سالاتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال بۇ ئىشلارنى ئانىسىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىبانلىقى، ھەدىنىڭ ئىنىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىدەك بېجىرەتتى.

شۇنداق قىلىپ پەخردىن بۇ ئۆينىڭ ئەزاسىدەكلا بولۇپ قالدى. يىللار ئۆتۈپ سەمەتكاملارنى ئاتا تىكلەپ تۇرۇپ زاۋۇتتىكى بىر تېخنىك قىز بىلەن تويىمۇ قىلدى ھەم ئىككى بالىنىڭ ئاتىسىمۇ بولۇپ قالدى. پەخردىن ئەمەلدار بولمىغان بولسا بۇ ساپ، سەمىمىي دوستلۇق ئاخىرغىچە داۋام قىلغانمۇ بولار ئىدى. بىراق...

يا ئادەملەرنىڭ كۆزى قارىغۇ، ياكى ئەمەلنىڭ كۆزى قارىغۇ...

پەخردىننىڭ زاۋۇت باشلىقى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش چۈشكەن كۈنى سەمەتكام ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۇرۇنراق شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خىزمەت ساڭا، سەن بۇ خىزمەتكە لايىق ئىدىڭ، مەن سېنى بىلىمەن ئۇكا، سەندە ئېسىل بىر يۈرەك بار. سەن چوقۇم خەقنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياخشى كادىر بولالايسەن، — دېگەنىدى. پەخردىنمۇ:

— خاتىرجەم بولۇڭ سەمەتكا، ھوقۇقنى ئامما بەرگەنىكەن، ئاممىنىڭ ياخشى چاكىرى بولىمەن، — دېگەنىدى.

دېگەندەك، يېڭى ئىشقا كىرىشكەندە ئۇ تولۇۋەنگە — ئىشچىلار ئارىسىغا باردى. ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى، مۇڭداشتى، چاق-

چاقلاشتى. قىيىنچىلىقلىرى بار ئائىلىلەرگە بېرىپ ھال سورىدى. ئۆزۈنىدىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر نەچچە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ، كەسكىنلىك بىلەن ھەل قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئابرويى بىراقلا ئۆستى، ئامىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئىشچىلار ئۇنى «پىچىقى كېسەر باشلىق» دەپ ئاتاشتى.

پەخرىدىن ئادەتتىكى كادىر چېغىدا ئىشچىلارنىڭ: «بۇ زاۋۇتنىڭ ئەمەلدارلىق قورغىنى بىر قارا جاڭگال، ئۇ يەرگە كىرگەن كىشى قايتىپ چىقالمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بارا-بارا شۇ جاڭگال ئىچىدە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتكەنىدى. پەخرىدىن ھازىر ئۆزىدىن ئېشىنىپ يۇرتىدىكى تۇغقانلارغا، نازارەتتىكى ئەمەلدارلارغا تاغارلاپ گۈرۈچ، تۇڭلاپ ماي، پۈتۈن قويلارنى ئۈزمەي ماڭغۇزۇپ تۇراتتى. پات-پات يىغىن باھانىسىدە ماشىنىسىنى تىكلەنگەن تاغارلار بىلەن توشقۇزۇپ ئۈرۈمچىگە مېڭىپ تۇراتتى.

سەمەت ئاكا بۇ ئىشلارنى سېزىپ بىرنەچچە قېتىم پەخرىدىنگە تەربىيە بەرمەكچى بولدى، بىراق ئۇ پەخرىدىن مەنسەپ تاجىسىنى كىيگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇشامەتچىلەرنىڭ قېلىن بىر تام پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ تام بارغانسېرى قېلىنلاپ، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالغا يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۇنداق قىلىشتىن يالتايدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي پېنسىيىگە چىقىۋالدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پەخرىدىن بۇ ئىدارىدە سەمەت ئاكا ئىسمىلىك بىرسىنىڭ ئىشلىگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا ناھىيىگە تۇغقان يوقلاشقا بارغان سەمەت ئاكا تۇيۇقسىز ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پاشاخان ھەدە پەخرىدىننى ئىزدەپ تاپتى-دە:

— چاڭجاڭ، سەمىتاخۇن تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتكەنىدى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ھالى خېلى ئېغىركەن. ئاپتوبۇستا ئولتۇرغۇچىلىكى يوقكەن. ئىدارىدىن بىر ماشىنا ھەل قىلىپ بەرسە، ماي پۇلىنى تۆلىسەم، ئۇ كىشىنى ئەكىلىۋالسام،—دېدى.

— ئاپلا، يامان بوپتىغۇ،— دېدى پەخرىدىن سەمىرىپ كەتكەن قورسىقىنى قولى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ،— ئادەم قېرىغاندا كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ، ئۆيىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرماي ئۇ يەر-بۇيەرلەرگە بېرىپ يۈرگىنى نېمىسى سەمىتىكامنىڭ؟

ئۇ گويا ماشىنا توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇ توغرىلىق ئۈندىمىدى.

— ئىشلەپ ئۆتكەنگەن ئادەم بىكارچىلىقتىن زېرىكىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق بولغان تۇغقانلارنى كۆرمىگىلى. شۇڭا بېرىپ ئۇلارنى يوقلىغاچ ئايلىنىپ كېلەي دەپ،— دېدى پاشاخان ھەدە ئىزاھلاپ،— ھېلىقى ماشىنا ...

— ھە، ھە، ماشىنا دېدىلە، راست،— ئۇ بىردەم ئويلانغاندەك تۇرۇپ جاۋاب بەردى،— مۇنداق قىلايلى يەڭگە، سىلى مېڭىۋەرسىلە. سەمىتىكامنىڭ ئادرېسىنى قويۇپ قويسىلا، كەينىلىرىدىن بىر ماشىنا ئەۋەتەي، بولامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

پاشاخان ھەدە يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بىچارە ئاق كۆڭۈل ئايال پەخىردىننىڭ ۋەدىسىگە ئىشەندى.

سەمىتىكاملار ماشىنا كۈتۈپ ھەپتە ئۆتتى. ئون كۈن ئۆتتى. سەمىتىكامنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ تاماقتىن قالدى. ئەمدى ئاپتوبۇستا ئېلىپ مېڭىش پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تىت ـ تىت بولغان پاشاخان ھەدە پەخىردىننىگە تېلېفون بەردى.

ــ ھە، پاشاخان يەڭگەممۇ؟ ماشىنىلار سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. ساقلىتىپ قويدۇق. ۋەي يەڭگە، شۇ يەردىن بىرەر ماشىنا تاپساڭلار، بىز كەلگەندە كىرا پۇلىنى ئاتچوت قىلىپ بەرسەك قانداق؟

ــ چاڭجاڭ، يېنىمىزدا باللار يوق. تۇغقانلارمۇ ياشىنىپ قالغان ئادەملەر، ماشىنا ئىزدەپ نەگىمۇ بارارمىز؟ بۇرۇنقى يېقىنلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىر ماشىنا ھەل قىلىپ بەرسىلە. سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ قالاي! ــ دېدى پاشاخان ھەدە.

پەخىردىن تېلېفوندىن پاشاخان ھەدىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي:

ــ يىغلىمىسىلا يەڭگە، مەن بىر ئامال قىلاي، ــ دېدى.

ــ بولسا تېزرەك، سەمىتاخۇننىڭ ھالى بەكلا ئېغىر...

ــ ماقۇل، بۈگۈنلا ماڭدۇرۇۋېتەي.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپلا يەنە ئىشخانىغا تېلېفون ئالدى:

ــ ۋەي ئاكېچاڭمۇ، بىزنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىمىز سەمىتىكام × ناھىيىسىدە ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇدەك. بىرەر ماشىنا چىقىرىپ يۆتكەپ كەلگىلى بولامدۇ؟

ــ چاڭجاڭ، خەۋەرلىرىدە بار، كىچىك ماشىنىلارنىڭ بىرى رېمونتتا، بىرى ئۈرۈمچىدە، بۇ يەردىكى ماشىنىنىڭ بىرىنى سىلىدىن ئايرىۋەتسەك بولمايدۇ، يەنە بىرىنى بولسا ...

ــ شۇنى ئەۋەتىڭلار.

ــ چاڭجاڭ، ئۇ ماشىنىنى قەشقەرگە ــ سىلىنىڭ قېيىن ئىنىلىرىنىڭ تويىغا قارىشىپ بېرىشكە ئاجرىتىۋەتكەنتۇق.

پەخىردىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. بۇ ماشىنىنى تويغا قارىشىپ بېرىشكە ئاجرىتىشنى ئۆزى دېگەنىدى. ئۇنى سەمىتىكاملارغا ئەۋەتسە، ئۆيىدە ئايالىنىڭ تاپىسىدىن قۇتۇلالمايتتى.

ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

ــ ئۆزلىرى بىر ئامال قىلار، چاڭجاڭ، بۇنچىلىك ئۇششاق ئىشلارغا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىلا؟ ئۇنىڭسىزمۇ سىلىنىڭ ھەل قىلىدىغان ئىشلىرى ئازمىدى؟

ــ ۋەي، ئۇنداق بولسا × ناھىيە ماشىنا ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرەر ماشىنا چىقىرىپ بېرىشنى دەپ بېقىڭلار.

«ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق». ئوتتۇز يىل ئىشلىگەن، ياشلىقى، قان ـ تەرى سىڭگەن ئورۇن بىر ماشىنا بېرەلمەيدۇ ـ يۇ، ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان بىر ئورۇن سەمىتىكامغا ماشىنا ئاجرىتىپ بېرەرمىدى؟!

پاشاخان ھەدە زاۋۇتتىن ماشىنا ھەل قىلىشقا پەقەت كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، بىر شەخسىي كىرا ئاپتوبۇسىنىڭ بىر كۈنلۈكىنى سېتىۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئورۇن راسـ

لاپ سەمىتكامنى ياتقۇزۇپ ئۆيگە ئاران ئەكىلىۋالدى.

بۇ يۇرتتا تەبىئەت كۆكىرىپ گۈللەر ئېچىلىپ، ئۈجمە پىشتىمۇ، بولدى، تا سوغۇق چۈشۈپ، ئىشىكلەر تاقالغىچە ئۆي - ئۆيلەردە مەشرەپ، باغ سەيلىسى قىزىپ كېتەتتى. سەمىتكامنىڭ كېسىلىنى يۆتكەشكە بىر ماشىنا چىقىرالمىغان شۇ كۈنلەردە، پەخرىدىن ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە، ئايالى بىلەن كىچىك ماشىنىدا ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ مېھمان بولۇپ، سەيلە - تاماشا قىلىۋاتاتتى. ئۇ سەمىتكامنىڭ كېسىلىنى، ماشىنىنىڭ ئىشنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىۋەتكەنىدى. يەنە بىر ماشىنا بولسا پەخرىدىننىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، قەشقەردىكى چوڭ قورۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ھەي، تەڭشەلمىگەن جاھان، «قاسساپ مال قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەن شۇ - دە.

كېسىلى بارغانچە ئېغىرلاشقان سەمىتكام ئاخىر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانىنىڭ پېشقەدەم مۇدىر ۋراچى ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېشىنى چايقىغان ھالدا:

— بۇرۇنراق نېمە ئىش قىلغانىدىڭلار؟ كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئەڭ ياخشىسى، ئەچىقىپ كېتىپ، بىر نەچچە كۈن ياخشىراق بېقىۋېلىڭلار، — دېدى.

سەمىتكامنىڭ نامىزىغا كەلگەن پەخرىدىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ جىنازا ئەتراپىدا ئۆزلىرىنى ئېتىپ چېپىلىۋاتقان ئاھۇ - پىغان، نالە - زارلىرىغا، چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھالدا تامدەك قېتىپ قالغان پاشاخان ھەدىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. بۇ يۇرتقا دەسلەپ كەلگەن كۈنلىرى ئېسىگە كەلدى. سەمىتكامنىڭ دادىلىق مېھرى بىلەن بېشىنى سىلىغانلىرى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلدى بولغاي، كۆزىنى يۇمۇپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھەممەتجان راشىدىن

# غەزەللەر

گەپ ئەۋەتسەم كەلمىدىڭ، مەكتۇپ ئەۋەتسەم كەلمىدىڭ،
ئاھ ئەقىدەم قەدرى يوق! قەدرىڭگە يەتسەم كەلمىدىڭ.
تاغدا يۈرمەك بىلمىدىم، شىرىن ئۈچۈن بىر شەرتىمۇ دەپ،
تاش كېسىپ پەرھات كەبى تاغلارنى تەشسەم كەلمىدىڭ.
مەن تامان يول ئاپتۇ، دەپ ئالدانغىنىممۇ ئاز ئەمەس،
ئالدىراپ ئۈستەڭ تۈگۈل، دەريانى كەچسەم كەلمىدىڭ.
ئۆلگىنىم مىلڭ ياخشى دەپ مۇنداق تەقەززا بولغىچە،
ئۆز - ئۆزۈمنى ئاسقىلى ئارغامچا ئەشسەم كەلمىدىڭ.
سەن بىلىپ تۇردۇڭ مېنىڭ كۆرگەن كۈنۈمنى، شۇندىمۇ،
يازدا يىغلاپ قان - يىرىڭ، كەچكۈزدە كۈتسەم كەلمىدىڭ.
ئەل يازاركەن يارىغا ئاي، يىلدا بىر نامە ئاران،
مەن لېكىن، ئاي تۇشقىچە مىلڭ نامە پۈتسەم كەلمىدىڭ.
جۈپ چىراغقا ئايلىنىپ كەتتى كۆزۈممۇ تۈن بويى،
ھەر كۈنى يۈزلەپ يېنىپ، ھەسرەتتە ئۆچسەم كەلمىدىڭ.
بىر كېلىپ كەتتىم جاھاندىن بىۋاپانىڭ دەردىدە،
بۇ جاھاندىن جۈپتى يوق يېگانە كەتسەم كەلمىدىڭ.

* *

پىكرۇ - ئەقلىمدىن ئاداشتىم ئول نىگارنى بىر كۆرۈپ،
ھىدى خۇش بۇي گۈل سۈپەت، سۆزى باھارنى بىر كۆرۈپ.
بەشكېردىمنىڭ باغلىرى قالدىم قۇچاق ئاچقانىمۇ، دەپ،
چاچلىرى سۇمبۇل گويا، مەڭزى ئانارنى بىر كۆرۈپ.
سايە سالغاندەك سېزىپ قالدىم ماڭا تەلەي شېخى
قەددىدىن شەمشاد، يەنە مىسلى چىنارنى بىر كۆرۈپ.
شۇمىكىن زاتى ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، بىلمىدىم،
ئاھ، دېدىم گۈل بويىنىغا ئاسقان تۇمارنى بىر كۆرۈپ.

شايى ياغلىقىقا تۆگۆپ ئالدىم ئىزى تۇپراقىدىن،
جۆپ ئاياغىدىن تۆگەل بەرىكەت ياغارنى بىر كۆرۈپ.
قولغا ئالدىم بىر پىيالە سۇنغىلى شەربەتنى مەن،
تىترىدى ئەمما قولۇم كەۋسەر خۇمارنى بىر كۆرۈپ.
كوچا ـ كويدىن يۆگۈرۈشۈپ چىقتى قىياندەك چوڭ ـ كىچىك،
قىزغىنىشتىن تارلىقىم تۇتتى شۇلارنى بىر كۆرۈپ.
تەڭلىدى قاش، كىرپىكى ئوقيا ماڭا، ئاھ مەن نېتەي،
يىغلىدىم كۆزى يەنە ئوتـلار ياقارنى بىر كۆرۈپ.
رازىلىق بەرمەكچىمەنكىم، قوۋم ـ قېرىنداش قايدىسەن،
مەن ئۆلەر بولدۇم تىرىك ھىـجرانى دارنى بىر كۆرۈپ.
ئۆلمەيىن جەننەتكە كىردىم، بۇ كۆنۈمگە شۆكرى ھەم،
بۇ زېمىندا چۆنكى مەن ھۆرلەرچە يارنى بىر كۆرۈپ.

*		*

كەلدى دەرگاھىڭ كۆز ئالدىمغا، بىراۋ جەننەت، دېسە،
كەلدى بولغۇم كاككۇكۇڭ، ئىسمىڭنى گەر زەينەپ، دېسە.
بى سەۋەب قېيداپ، سېنى رەنجىتكىنىممۇ ئاز ئەمەس،
شۇنى ئەسلەيمەن كىشىگە لازىمى ئىبرەت، دېسە.
سەن ئۆزۈڭ تۇرساڭ گۇۋاھ، قانداقمۇ چىن پۆتكەي كۆڭۆل،
چىن مۇھەببەتتىنمۇ غالىپ بار يەنە قۇدرەت، دېسە.
شۇ مۇھەببەتسىز بۇ دۇنـيامۇ تۆگەل غۇربەت ئىرۇر،
ئۇندىن ئۆزگە كۆرستەي قاي ئىشنى مەن ئىللەت، دېسە.
دەل ـ دەرەخكە چاڭگا تىزماس جۆپتى يوق قۇشلارمۇ ھەم،
ياشنى يالغۇزلۇقتا تۆككەن كۆرستەي ھەسرەت، دېسە.
بۇ ھايات ۋە بۇ جاھان ياتقان چىگىچ تىلسىم، ئىكەن
سۆيگۆ دەيمەن ئۇندا بار قانداق ئۇلۇغ نۇسرەت، دېسە.
تاپىمدىم سەندىن گۆزەل، سەندىن ئۇلۇغنى مەن، گۆلۆم،
سەن ئۆزۈڭ بولدۇڭ بېشىمغا ئالغىنىم دۆلەت، دېسە.
سۆيگۆسىز ئۇشبۇ جاھاننىڭ ئەتىۋا ھېچ مۆلكى يوق،
ئاڭا يەتمەكنى شۇڭا ئەزىز بۆيۆك مېھنەت، دېسە.

*		*

ماڭا كۆن چىققاي قاياقتىن، سەن ئۆيۆڭدىن چىقمىساڭ،
ماڭا قۇت ياغقاي قاياقتىن سەن قولۇمنى تۇتمىساڭ.
ئەگىسەم كەپتەر بولۇپ ھەر كۆن ئۆيۆڭنىڭ ئۇستىنى،
ماڭا دەرد بولمامدۇ يار، قىلغان گېپىمنى ئۇقمىساڭ.

www.uyghurkitap.com

ماختىساق ماختاشلىرىڭدىن ئۇچقۇنۇم، ئەتتەك مېنىڭ،
نە كېرەك مەنچۇن ئۇ پەرۋاز سەنمۇ بىللە ئۇچمىساق.
مەن ۋىسال دەپ ناخشا ئېيتسام يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ،
چىن ۋىسال بولغايمۇ سەن ھوجراڭدا تەنھا ئۇخلىساق.
نېمە ھاجەت مارىلغان ئايدەك مۆكۈپ شاخ كەينىدىن،
سەن ئۆزۈڭ سۆيمەي مېنى يا، ئۆزگە يارنى قۇتلىساڭ.
ئولتۇرارمەنمۇ نامازغا سېنى تەڭرىمدىن تىلەپ،
بۇ كۆڭۈلنى ئىككى ئالەمدە پەقەت سەن ئۇتمىساڭ؟!

*  *

ئايغا ئوخشاتتىم سېنى، يۇلتۇزغا ئوخشاتتىم سېنى،
ئىككى ئالەمدە تېڭى يوق ئۆزگا ئوخشاتتىم سېنى.
قامىتى گۈلدىن زىبالار ئەسلى جەننەتتە، دېگەن
قىسسە يادىمغا يېتىپ، ھۆر قىزغا ئوخشاتتىم سېنى.
ئالمىسا سەن بار ماكان شۇئان چىمەنلەر رەڭگىنى،
دەمدىمەن داڭلاپ يەنە بىر ئوزغا ئوخشاتتىم سېنى؟
كىم پېتىنغاي سۆيگۈدىن سۆز ئاچقىلى سەنچۇن شۇڭا،
كۆكتە كۈندەك جۈپتى يوق يالغۇزغا ئوخشاتتىم سېنى.

*  *

جانجىگەر بولدۇڭ ماڭا ھەم جادۇگەر بولدۇڭ ماڭا،
قايتىدىن لوقمان تىرىلدى — دورىگەر بولدۇڭ ماڭا.
نان ئۈزۈپ يەيمەن بېشىڭدىن، ئاغرىساڭ ئاشلاپ تېخى،
ئىككى ئالەم ئىچرە، جانان، ھەمسەپەر بولدۇڭ ماڭا.
تۈندە قالغان تۇرنىدەك يۈرگەندە مەنزىلدىن تېنەپ،
بىر قۇياشقا ئايلىنىپ، ھۆسنى سەھەر بولدۇڭ ماڭا.
سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنۈمنىڭ توي ئىرۇر ئاۋاتلىقى،
كۈندە مەرىكە ـ توي كەبى ئاۋات شەھەر بولدۇڭ ماڭا.
ئىككى تال قارا چېچىڭنى قىلمىدىم دۇر ـ زەرگە تەڭ،
كۆزىدە كۈندەشلىرىمنىڭ مىڭ گۆھەر بولدۇڭ ماڭا.
قۇتلىدى دوستلار مېنى: ھويلاڭغا چولپان چۈشتى! دەپ،
تۇغ كۆرۈندى قوللىرىڭدا ـ قۇت، زەپەر بولدۇڭ ماڭا.
سېنى كۆردۈم قايسى كۈن ئۇنتۇلدى ـ پۈتتى ئاچلىقىم،
بولسىمۇ تالقان قولۇڭدا، قەنت ـ شېكەر بولدۇڭ ماڭا.
ئۆيگە كىرسەم خۇش ھىدىڭ بەردى پاراغەت مەست قىلىپ،
باغقا چىقسام ئالمىلاردىن شاخ ئىگەر بولدۇڭ ماڭا.

*　　*

ئوي ـ خىيالىمدا ئۇلۇغ بىر مەرىكە بولدى، يار، دېسەم،
ئالدىراپ ئالتۇن قەدەھ لىق مەيگە تولدى، يار، دېسەم.
چۈشلىرىمگە نە كىرەر دەيسەن شۇ تۈن ياردىن بۆلەك،
تۈندە گويا يار كېلىپ قاشىمدا قوندى، يار، دېسەم.
شاخلىرىغا قوندى كاككۇك، بەردى بەلكىم شۇ خەۋەر،
كۆك تېرەك ياپراقدىن ئالقىش ئۇرۇلدى، يار، دېسەم.
بىلمىدىم قايدىن يىغىلدى يارۇ ـ دوست چۆرەمگىمۇ،
ئۆز ـ ئۆزىدىن بەزمە يۇ ـ سورۇن قۇرۇلدى، يار، دېسەم.
بارچىنىڭ ئەقلىـنى شۇ ئىش يا بۇگۈن ئويغاتتىمۇ،
ھەر جۇۋان ھۆسنىدە ھەم ھىممەت كۆرۈندى، يار، دېسەم.
مەن تارانماي بۇ دىدارغا ئەل تاراندى ئەڭ ئاۋۋال،
سۆپـسۆزۈك سـۇلارغىمۇ قۇشـلار چۆمۈلـدى، يار، دېسەم.
ئاپىرىدە شۇ خەۋەردىن ھەر يۈرەكنىڭ خۇشـلۇقى،
بارچە دەيدۇ مەن ئەمەس: جانلار سۆيۈندى، يار، دېسەم.
جۈپتىنى تاپماق يىگىتكە ياكى بىر ھېكمەتمىكىن،
تاڭغىچە ھەر ئۆيدە كۆپ گەپ ـ سۆزلەر بولۇندى، يار، دېسەم.

*　　*

مېنى سەن قوغلىما دىلبەر، يېنىڭدا مەڭگۈ قالغۇم بار،
جامالىڭدىن تېنىمگە جان، خۇيۇڭدىن ئۈلگە ئالغۇم بار.
يامان كۆرسەڭمۇ كۆر مەيلى، پېشىڭنى تۇتقىنىم تۇتقان،
چېكەڭـگە گۈل بولۇپ بىر تال، قولۇڭدا يا چانالغۇم بار.
ئۆلۈپ قايتا تىرىلمەكنى بىراۋلار شۈبھىسىز، دەيدۇ،
شۇ راست بولسا، سېنىڭ مۈلكۈڭ بولۇپ، مەيلى، يارالغۇم بار.
ماڭا راھەت ئەمەسمۇ بۇ سېنىڭ ۋەسلىڭ ئۈچۈن قىيناق،
زۆرۈر بولسا ماڭا، زىندان ـ قاماق ئىچرە قامالـغۇم بار.
مېنى يىغلاتمىغىن بۇنچە ھۆۋەيدا مەشۇقى يەڭلىغ،
ئۈچىن ئىشقى بىلەن شىرىن مېنىڭ پەرھات سانالغۇم بار.
پۈرۈچقا ئايلىنىپ كەتسەم ئەگەر كۆزۈڭدە بىر پارچە،
مېنى كەچكەي دېمە ھەرگىز ئۈچاڭـغا بىر يامالغۇم بار.
قولۇڭدىن ئىچمىسەم قەنت چاي، ئاڭا يىغلاپمۇ توختايمەن،
چىنەڭگە شۇندىمۇ قەنتتىن ئۆزۈم بىر تالنى سالغۇم بار.
ئەمەسمۇ مەن كەبى بىر قۇل بۇ ئالەمدە ساڭا لازىم،
ئاياغىمنى قويۇپ سەنچۈن بېشىمدا مەڭگۈ ماڭغۇم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاياقلىق ياردىدار قىلسا، ماڭا جەرراھ ئەمەس لازىم،
كېلىپ رەھىملىك ئۆزۈڭ بەرگەن بىرەر چۈپرەكتە تاڭغۇم بار.
ئەگەر جاھىل دېسەڭ، جاھىل ۋە يا چۈرەكدە سايەڭمەن،
دېمەك سەن قايدا يول ئالساڭ، مېنىڭمۇ شۇندا بارغۇم بار.

**مەھمۇت زەيىدى**

## شەھەرلەر باقىيدۇر...

شەھەرلەر باقىيدۇر، ئىنسان ئۆتكۈنچى،
ھايات بىر دەريادۇر، دېگەنلىرى راست.
ئادەملەر دولقۇنلار يېرىپ ئۈزگۈچى،
بەختىنى تاپىدۇ قويۇپ چىن ئىخلاس.

نى سەلتەنەتلىك زامانلار ئۆتتى،
دۇنيانى تىترەتتى سۈرەن ـ چۇقانلار.
داڭقى ئەۋلادلاردىن ئەۋلادقا يەتتى،
قېنى شۇ شۆھرەتلىك خانۇ ـ خاقانلار؟!

دوستۇم، ئۇنچىۋالا غادىيىپ كەتمە،
غادايغان نەرسىنىڭ زاۋالى يېقىن.
مەڭگۈ ياشايمەن دەپ زورۇقۇپ كەتمە،
ئۆمۈر ئۇ ئاتقان ئوق، چاقنان بىر چېقىن...

ئادەملەر قېرىيدۇ، بۇ قانۇنىيەت،
ھايات قېرىمايدۇ، سۈرىدۇ دەۋران.
ئادەملەر ئۆلىدۇ، ئۆلمەس ھەقىقەت،
كۈيلىنەر تىللاردا زاماندىن ـ زامان.

شۇ يولغا تەر تۆكسەڭ، باسقان ئىزىڭدىن
بوستانلار يارىلىپ ئۆسكۈسى مەڭگۈ.
ئەۋلادلار بوران ھەم چاپقۇندىن توسۇپ،
نامىڭنى خاتىرلەپ تۇرغۇسى مەڭگۈ.

تىكلەنگەن ھەيۋەتلىك ئالتۇن مۇنارلار،
ئەمگەكچى قولىدا بولغاچ ئىقتىدار.
ئۆتسىمۇ ئەسىرلەر، ئۇنتۇلماس ئۇلار،
يادلاندى دىللاردا قوزغاپ ئىپتىخار.

تارىخ لوگىكىسى، ھۆكمىدۇر ئادىل،
دولقۇنلۇق دەريادەك قاينار بۇ ھايات.
ھەر كىمنىڭ قىلمىشى ئۆزىگە گۇۋاھ،
بۇ تەقدىر ياخشىغا يوللار مۇكاپات.

باغلىسا ئېلىگە كىم چىن مۇھەببەت،
تارىخقا قارىساڭ ئۆلمەس ئۇ پەقەت.
كىشىلەر كېتىشتى ئۆز يولى بىلەن،
ھۆرمەتكە ئېرىشتى ياخشىلىق ئەبەت.

مەزمۇنغا تولۇقدۇر تارىخ دەپتىرى،
لازىمدۇر ئالماقلىق ئىبرەت، يا ساۋاق.
ئالدىڭدا ئىقبالنىڭ شېرىن كەۋسىرى،
ئىچمەكنى ئويلىساڭ بول ھوشيار، ئويغاق.

*   *

تەپتەكشى ئەمەستۇر ھەقىقەت يولى،
زەن قويساڭ بۇ ھايات سىرلىق تېپىشماق.
پەسلىدە ئېچىلۇر بوستانلار گۈلى،
ھەممىنىڭ ئاساسى بۇ ئانا تۇپراق.

ئابلەت ئابدۇرېھىم

## بەختلىكمەن سۆيگۈڭلاردىن گۈزەللەر

بەختلىكمەن سۆيگۈڭلەردىن گۈزەلــلەر،
سۆيگۈ ئاقار بۇلاقلاردىن - كۆزلەردىن.
سۆيگۈ ئاقار قەلبلەرگە دولقۇنلۇق،
مېھىر سىڭگەن مۇھەببەتلىك سۆزلەردىن.

سۈبھى سۆيگەن دەريالارنىڭ لەۋلىرى
نازۇك تىترەر ساھىللارغا كەلسەڭلەر،
مەسخۇش كۈيلەر دالىدىكى بۇلاقلەر،
كۆزلىرىگە كۆزۈڭلارنى بەرسەڭلەر.

خىيال بىلەن ئۇپۇقلارغا باقساڭلار،
چىرمىشىدۇ دالىلاردا شۇئاقلار.
ئاچچىق - ئاچچىق ياش تۆكىدۇ مۇڭلىنىپ،
خىلۋەتتىكى تەنھا ئۆسكەن قىياقلار.

ئېچىلمىسا پىغانىغا بۇلبۇلنىڭ
تاڭلارغىچە قىزىلگۈللەر پەرىشان.
پۇرىئالسا تاڭ پەيتىدە سىلەرنى،
ياقا يىرتىپ ئېچىلىدۇ شۇ ھامان.

مەن باغلاندىم رىشتىڭلارغا، بىلسەڭلەر،
ئۇن سەككىزدە، ئاھ ئاجايىپ چاغلاردا.
تەقدىرداشكەن شۇندا ماڭا سۇمبۇللار،
قەدىمىڭلار يەتكەن ئاشۇ باغلاردا.

مۇڭلار تۆكتۇم دالىلارغا ئايدىڭدا،
شۇندىن بېرى خىياللارغا رام بولۇپ.
سۆزلەپ يۈردۈم خۇشلۇقۇمنى تاڭلارغا،
بولۇپ قالساق بىر دەقىقە جەم بولۇپ.

يۈرىكىمنى يولۇڭلارغا تۇتتۇممەن،
قەددىڭلاردىن ئىپار ماڭا تەلپۈنسە.
سۆيگۈ، دېدىم مىڭ رەت ئۆلۈپ تىرىلدىم،
سۈبھى كەبى ياغلىقىڭلار يەلپۈنسە ...

مەن ئۇنۇتتۇم ئۆزگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ،
شېرىن ھېسلار دېڭىزىدا ئۈزگەندە.
بىلدىڭلارمۇ ئاھ، گۈزەللەر ھالىمنى
چىمەنلەردە شوخ سەكرىشىپ يۈرگەندە.

سىلەر شادلىق، سىلەر بەخت، سىلەر گۈل،
سىلەرسىز مەن شادلانمىدىم ئالەمدە.
ھەر نەپىسىم بىر ناخشىدۇر سىلەرچۈن،
ئادەم شۇنداق ئاشىق ئىكەن ئادەمگە!

بەختلىكمەن سۆيگۈڭلەردىن گۈزەللەر،
سىلەر بولغاچ تىنىقلىرىم گۈل ھىدلىق.
بۇ ھاياتنىڭ كۆركى سىلەر، سۆلىتى،
ھەر دەقىقە سىلەر بىلەن يېقىملىق.

ئابابەكرى توختى

## سۆيگۈ تەلپۈنۈشلىرى

### ياپراقلاردا تۈنەيدۇ يۇلتۇز

شامال ئۇنتۇپ قالدى ئۆزىنى
چىغىر يولغا تىككەندە نىگاھ.
شالاڭلىشىپ سارغۇچ تۇمانلار
بوشلۇقلاردا لەيلىمەكتە گاھ.

www.uyghurkitap.com

قۇشلار كۈيى ئۈچكەن يىراق جاي
بىر ناخشىنى كەلمەكتە سۆزلەپ.
ياپراقلاردا تۈنەيدۇ يۇلتۇز،
تاڭدا شەبنەم بولۇشنى كۆزلەپ.

### خىلۋەتتىكى تەلپۈنۈش

شۋىرلاشلار ئۈچتى ياپراقتىن
چىغىر يولغا ئۆرلىتىپ تۇمان.
قاقىرلارنىڭ مۇڭلۇق كۈيىدىن
سىڭىپ كەتتى تىترەككە جاھان.

رەڭدار سۈرەت، نازۇك بىر قەدەم،
ئاق شايىدەك لەپىلدەر ھامان.
يىراقلاردىن كېلەر پادىچى
يۇلتۇزلارنى ھەيدەپ خىرامان...

### سېنىڭ كۆزۈڭ شېئىر دۇنياسى

سېنىڭ كۆزۈڭ شېئىر دۇنياسى،
شېئىر بىلەن قۇتلايدۇ مېنى.
پارلاپ ئۇندا سۆيگۈ قۇياشىم،
يانجىلىدۇ زۇلمەتنىڭ جېنى.

سېنىڭ كۆزۈڭ شېئىر دۇنياسى،
كۈلۈپ بەرگەن ماڭىلا پەقەت.
يۇمۇلمىسۇن، يۇمۇلمىسۇن ئاھ،
ئاشۇ كۆزۈڭ مەن ئۈچۈن ئەبەد!

### يول ياسايمەن

يول ياسايمەن يوللاردىن يەنە،
چوققىلارنى تىترىتىپ دىر ـ دىر.
يول ئۈستىگە تۇغۇلدۇم يولدا،
ھالسىرايدۇ كۆلەڭگەم ئاخىر.
...
بۇندا تىلسىم قىلىنغان دۇنيا،
بۇندا تىلسىم قىلىنغان ئادەم.
ئايلىنىمەن ئىلاھقا بىر كۈن
شۇلار ئۈچۈن يول ياساپ ھەردەم.

### سۆيۈپ قويغىن مېنى، جان ئانا

سۆيۈپ قويغىن مېنى، جان ئانا،
ئىزلىرىمدىن يوقالسۇن گۇمان.
يوللىرىمنى ئارتاي ئۈپۈققا،
كۆيۈپ كەتسۇن سەۋدايى تۇمان.

سۆيۈپ قويغىن مېنى، جان ئانا،
پېشانەمدە ئېچىلسۇن چېچەك.
ئاھ، تۇغۇلاي تىنىقلىرىڭدىن
بۇ ئالەمگە بولۇپ بىر گۆدەك!

تۇرسۇن ئۆمەر

## كۈلدى بەخت قىزى ئاخىر جىلمىيىپ

مەن تۇغۇلدۇم سەھرادىكى كۆلبىدە،
ئەللەيلىدى ئالتۇن باشلىق ئېتىزلار.
ئۈپۈقلارغا بۆلەپ تەڭكەش كۈي قاتتى
چىراغ يېقىپ سانسىزلىغان يۇلتۇزلار.

قىرغاق يالاپ شاۋقۇنلىغان دەريالار
بۆشۈكۈمنى دولقۇنسىمان تەۋرەتتى،
ھەيۋەت بىلەن چاقماق چېقىپ بۇلۇتلار،
كەلكۈن كېلىپ بۆشۈكۈمنى ئەپ كەتتى.

دەريالاردا خادا تاشقا ئۇرۇلدۇم،
غەزەپ ئىچرە يۇتۇۋەتتى قايناملار.
مىڭ جاپادا قىرغاقلارغا ئېسىلسام
پۈركۈۋەتتى يەنە كۆككە دولقۇنلار.
ھاياتلىققا قايتىدىن كۆز ئاچقىچە،
مىڭ رەت ئۆلۈپ مىڭ رەت قايتا
تىرىلدىم،

زۇلمەت تۈنى قاپلىسىمۇ جاھاننى
ئۈمىدىمنى يوقاتمىدىم، كېرىلدىم.

كۈلدى ئەنە بەخت قىزى جىلمىيىپ،
چىققىنىمدا ھىجران چۆلى ئىچىدىن.
پېشانەمنى سۆيدى ئاخىر تاڭ نۇرى
خەۋەر بېرىپ ئەجەل تاپقان كېچىدىن.

ئەھەت مۇھەممەت

## ھايات قايناق سېنىڭدە سەھرا

ئىشقىم بىلەن كۈلۈپ باقىمەن،
ئانا سەھرا گۈزەل بويۇڭغا.
ھەۋەس بىلەن قارايمەن ئۇزاق،
چاڭلار توزۇپ تۇرغان يولۇڭغا.

ئېتىزلاردا ئالتۇن باشاقلار
مەرۋايىتتەك تۇرار يالتىراپ،
مەمنۇن بولۇپ ھالال تەرىدىن،
ئورغاق سالار دېھقان ئالدىراپ.

مەھلىيا قىپ گۈزەل مەنزىرەڭ
كۆز ئالدىمدا بولار نامايان،
ئېتىزلاردا ئەنە گۈركىرەپ
كومبايىنلار پۈركۈشەر سامان.

كانايلاردىن سىيرىلىپ تىنماي
كۈزۈپلارغا چۈشىدۇ ئۈنچە.
دەيمەن كۆرۈپ ئالتۇنىدەك چەشنى،
خىسلىتى كۆپ سەھرانىڭ شۇنچە.

ھايات ئاتا قىلار ئىنسانغا
شۇ سەھرانىڭ مەرۋايىت دېنى.
ھالال نانىڭ خاسىيىتىدىن
ياشناپ تۇرار ئىنسانىنىڭ تېنى.

قاراپ - قاراپ تويمايمەن ئۇزاق
قوينۇڭدىكى يېشىل بوستانغا.
تەرىپىڭنى يازسام تۈگىمەس،
قېتىپ تالاي غەزەل - داستانغا.

نىياز قەييۇم

## باھار

يۈرەك ئوينايدۇ شادلىقتىن بېقىپ نورۇزدا دەۋرانغا،
نىگار بىرلە قۇچاقلاشتۇق يېتىپ ئارزۇغا - ئارمانغا.

چۈشۈپ قۇتلۇق باھار نۇرى پۈتۈن ئىقلىمنى يىللىتتى،
زېمىن كىيدى چىمەندىن تون بېرىپ پەشۋا زىمىستانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېدىر ـ قىرلار ئېچىپ گۈل يۈز باھارنىڭ تەپتىدە شۇدەم،
شېرىن لەززەت بەخش ئەتتى ھۇزۇرىدىن جىمى جانغا.

نىقاب يىرتقان كەبى مەشۇق كۆرۈپ ئاشىقنى باغدا،
يۈزىن ئاچتى زىبا كۆكلەم ئۇراپ ھەر يانىنى رەيھانغا.

باھار قارلىغاچلىرى كەلدى بولۇپ دىلكەش سابا بىرلە،
پۈكۈپ كۆڭلىگە ئازادە ئۇۋا سالماقنى ئايۋانغا.

تۇرۇپ ناز ئۇيقۇدىن كۈلدى ئېتىزلار خۇش ئېتىپ دىلنى،
يېتىپ كەلگەچ غەنىيمەت چاغ ئۇرۇق چاچماقنى دېھقانغا.

ئېچىپ لەۋ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر چاقار كۆزنى جۇلاسىدىن،
نەگۈلكى ئۇ چېچەپ خۇش ھىد قۇشار جان بارچە ئىنسانغا.

كىيىكلەر قىيغىتىپ ئوينار، گويا سەھنە يېشىل يايلاق،
يېتىشكەچكە دىلى سۆيگەن باھارغا ـــ كەڭرى ئىمكانغا.

قاناتلىقلار قىلار پەرۋاز بولۇتسىز كۆكتە ئويناقلاپ،
دىلىدىن ياڭرىتىپ ئالقىش ھايات بەرگەن قەدىردانغا.

كېلىڭلار، دوستلىرىم بۇدەم ئىچىپ شادلىق شارابىدىن،
باھارنىڭ قۇت ـ پەزىلىنى يازايلى شېئىرۇ ـ داستانغا.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

## تەھرىر

بۈيۈك قامۇس ـ دىۋان، توملار پۈتەر ئەجرىڭ بىلەن، تەھرىر،
سېنىڭ زېھنىڭ گويا جۇشقۇن ئەزىم دەريا تىرەن، تەھرىر.

پاساھەت بىرلە ئىشلەيسەن ئىشىغا تەر تۆكۈپ ئەلنىڭ،
تەپەككۇر دولقۇنى ئىچرە ئۈزۈپ مەغرۇر بەلەن، تەھرىر.

سېنىڭ مول پەرۋىشىڭ بىرلە يېتىلدى كۆپ قەلەمكەشلەر،
زامان گۈلشەنىگە قوشتۇڭ تالاي رەڭدار چىمەن، تەھرىر.

ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ھەردەم ماڭارسەن چاپتۇرۇپ تۇلپار،
سۆزەرسەن سۆز ئارا دۇرلەر كۆنىگە مىڭ تۈمەن، تەھرىر.

بەخت - ئامەت ساڭا مەڭگۈ كۈلۈپ خۇش خۇي قۇچاق ئاچقاي،
ساڭا ساقلىق تىلەيمەن كۆپ، داۋاملىق بول ئامان، تەھرىر.

**سىدىق قاۋۇز**

## شائىر مېھرى

بالقىيدۇ نۇر شائىر ئوغلانىنىڭ
قۇياش كەبى يىللىق چېھرىدىن.
قىش - زىمىستان يىللىيدۇ ھەمدە،
ئېرىيدۇ تاش ئوتلۇق مېھرىدىن.

ھەر نەزمىگە، ھەر بىر بېيىتقا
شائىر مېھرى كىرگۈزىدۇ جان.
ھەر مىسرادىن چاقناپ تۇرىدۇ
ئالتۇندەك ساپ ئەقىدە، ۋىجدان.

شائىر مېھرى تۆكۈلسە قۇرغا،
ياسىلىدۇ لىرىكىدىن باغ.
يارانلارنى كۆلدۈرۈپ خەندان،
قىلار رەقىب يۈرىكىنى داغ.

شائىر مېھرى سىڭەر ئوت يۈرەك
قەھرىمانىنىڭ قېنىغا ھەردەم.
ئاقىللىقتا يېگانە مەردلەر
قىلار شائىر خىسلىتىنى جەم.

**تۇيغۇن ئابدۇۋېلى**

## ئىككى شېئىر

### ئارامسىز خىياللار

شامالدات مەيلىمنى، سېھىرلە بىر ئاز،
قەلبىمىدىن يوشۇرۇن زەررە چېچىلسۇن.
دېرىزەڭ چېكەيمەن، ئامرىقىم، كۆندە،
تاراسلاش ئەۋجىدىن ئۇيقۇڭ ئېچىلسۇن.

شۇ چېكىش بىر خىلدا توختىمىسۇن
ھەم،
چىققىن سەن تالاغا يامغۇرلۇق كېچىپ.
ئاسمانغا قارىغىن،
قارىغىن يەرگە،
يەر - ئاسمان سۆيۈشەر ۋىسالغا قېنىپ.

### مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر

نەگە بارسام تونۇش چىرايلار
كۆرۈنىدۇ خۇش خۇي شۇ قەدەر.

www.uyghurkitap.com

ئىپار ھىدى بېرىدۇ تۇپراق،
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

جىرالاردىن ئاققان زۇمرەت سۇ
ئېگىز ئاقباش تاغلاردىن كېلەر.
چۆمۈلىدۇ ئاڭا كۆپ ئاق قۇ ...
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

چاۋاك چالار ياپراقلار لەرزان،
سەلكىن شامال دالىدا ئۈزەر.

كۈي ئاڭلىنار شاخلاردىن ھامان،
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

يىللىق چىراي مېھماندوست خەقلەر
داستىخىنى كەڭرى شۇ قەدەر.
سېنىڭ ئۈچۈن جېنىنى بېرەر
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

ئۆمەرجان شاۋدۇن

## بۇلاق بويىدا

ئەتراپى چىمەنزار بۇلاق بويىدا،
ئولتۇرسام ئېگىلدى تال چىۋىقلىرى،
بۇلاقنىڭ سۇلىرى ئېسىلدى ئاڭا،
چىقتى زەپ خىلمۇ خىل شوخ
قىلىقلىرى.

شوخلۇقتا قېلىشماي ئەۋرىشىم تاللار،
بۇلاقنى گاھ سۆيۈپ، گاھى قېچىشتى.
زادىلا قېنىشماي بىرى ـ بىرىگە،
مۇھەببەت بېغىدا كۆڭۈل ئېچىشتى.

مەن بۇلاق بويىدا يارنىڭ يولىغا
تەلمۈرۈپ قارايمەن، يار كەلمەس
بىراق.
ئەندىشە تاغلىرى بېسىپ يەلكەمدىن،
قەلبىمنى ئازابلار ھىجران ۋە پىراق.

يار كەلسە شۇتاپتا بۇلاق بويىغا،
تال بىلەن بۇلاقتەك ئوينىشىپ كەتسەم.
باشلانسا يېڭى بىر ۋىسال كۈنلىرى،
ھىجرانغا خاتىمە بەرسەم، تۈگەتسەم.

مۇختەر داۋۇت

## سەھرا قىزلىرى

تال ـ تال چېچى تېقىمىدا سويلىغان،
ۋۇجۇدىدا مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى بار.
ھايا بىلەن بېقىشلىرى ئادەمنىڭ
دىل تارىنى يەڭگىل چېكىپ ئېپ قاچار.

يۈزلىرىگە قونغان ئۇپا ئورنىدا
تۇزانلىرى ئەجرى سىڭگەن تۇپراقنىڭ.

ئالغان لېۋى سەھەرنىڭ ساپ قېنىنى،
نازۇك تېنى خۇددى ئۆزى ياپراقنىڭ.

قەدەملىرى شوخ شامالغا يانداشقان،
قولى ئەپلىك، ئىش ـ ئەمگەكنىڭ
شەيداسى.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك سۆيۈملۈك،
پاك تۇيغۇلار ئالىمىنىڭ بەرناسى.

سەھرا-سەھرا، سەھرايىمنىڭ قىزلىرى،
قەدىمىڭلار رىتىمىغا باقمەن.
ئەجرىڭلاردىن كۆلگەن رەيھان بەرگىگە
خۇپىيانە لەۋلىرىمنى ياقىمەن.

ئوت كېتمىدۇ يۈرىكىمگە ئاشۇ چاغ،
قانات قېقىپ ئۇندا شېرىن تىلەكلەر.
سىرداش بولۇپ ئاشۇ ئۇچقۇر ھېسلىرىم
قەدىمىمنى سىلەر ياققا يېتەكلەر.

پاكلىقىڭلار ئۈلگە بولسۇن ئالەمگە،
پەن - بىلىمدىن قانات ياساپ ئۇچۇڭلار.
سەھرا - سەھرا، سەھرايىمنىڭ قىزلىرى
يەنە كۆپلەپ شانۇ - زەپەر قۇچۇڭلار!

راخمانجان ئىسمەر

## سېنى ئىزدەپ

سېنى ئىزدەپ ئۇچتۇم سامادا،
سەييارىلەر ئۆتتۇم ئارىلاپ.
تۈنلىرىڭدە ئاي بولدۇم گاھى
دېرىزەڭدىن سېنى مارىلاپ.

سېنى ئىزدەپ سوقۇلدۇم تاشقا،
تەنلىرىمدىن چاچرىدى زىيا،
كۆزلىرىمدىن ياندى گۈلخانلار،
شۇئان نۇرغا چۆمۈلدى دۇنيا.

سېنى ئىزدەپ يالقۇنلۇق يېقىپ
كېچىلەرنى چىقتىم ئاختۇرۇپ.
ئىچ ئاغرىتىپ كۆيگەن يۇلتۇزلار
كۆزلىرىنى بەردى ياندۇرۇپ.

سېنى ئىزدەپ چۆكتۈم دېڭىزغا،
يەرتەكتىگە مۆككەنمىدۇ، دەپ،
چەكسىزلىكنى كەزدىم نەچچەرەت،
يا ئۇپۇقلار يۇتقانمىدۇ، دەپ.

سېنى ئىزدەپ كۆنگە كايىدىم،
تۈندە سېنى سۆيدىمكىن، دەپ،
شاماللارغا يېلىندىم سېنى
يوللىرىڭدا كۆردىمكىن، دەپ.

سېنى ئىزدەپ سورىسام ئىلاھتىن،
بىرەلمىدى ئۇ سېنى تېپىپ.
سەن كۆرسەتتىڭ ئىلاھى ھىممەت،
ناخشا ئوقۇپ ئالدىمغا چىقىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قايتىش



قاھار جېلىل

(ھېكايە)

مېنى ئاقلايمەن دەۋاتاملا؟ ھەي ... لېكىن مېنىڭ يانچۇقچىلىق قىلغانلىقىم راست تۇرسا. مەن بۇ ئىشنى بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە يىل قىلدىم. تولىسىدا ئامىتىم كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەلسە قانچە بولىدۇ؟ مەن زادىلا ھېسابلاپ باققان ئەمەس. ئەمما گۇناھىمنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىمەن. راست، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشتىن چورتىلا قول ئۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدىم، تۇتۇلۇپ جازاغا ئۇچرىغۇمىمۇ يوق ئىدى. يانچۇقچىلىقتىنمۇ ئادا-جۇدا بولغان، جازاغىمۇ ئۇچرىمىغان پېتىم بىرەر ھالال تىرىكچىلىك يولى تېپىپ كۈن ئۆتكۈزەي دەپ ئويلىۋىدىم. بىراق ھەرقانداق قىلمىش-ئەتمىشنىڭ بىر سورىقى بولىدىكەن، ئاخىرى تۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايمەن. نەچچە كۈننىڭياقى كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ساقچىلارمۇ، سوتچىلارمۇ مەن بىلەن كۆپ سۆزلەشتى، ئۆزۈممۇ راسا باش قاتۇرۇپ ئويلىدىم، قىلمىش-ئەتمىشلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتماقتىن باشقا يول يوق ئىكەن. ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە رەھمەت، مېنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي ...

ھە ماقۇل، بۇ ھەقتە سۆزلىسەم، سۆزلەپ بېرەي. ساقچىلارغىمۇ، سوتچىلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىۋىدىم. ئاڭلايمەن دېگەنىدىكىن سىلىگىمۇ سۆزلەپ بېرەي. ھەر قېتىم سۆزلىسەم ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلۈم بوشاپ قالىدۇ، تېخى.

گەپنى باشتىن باشلامدىمەن! ماقۇل.

مەن يانچۇقچىلىقنى 11 – 12 ياش چاغلىرىمدا ئۆگەنگەن. ئۇ چاغدا ئۆيىمىزدە ئانام بىلەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق، تۇرمۇشىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى. دادامنى دەملا؟ دادامنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئۇ مەن تۇغۇلۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن يۇرتتىن قېچىپ كەتكەنچە پەيدا بولماپتۇ. تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ بار-يوقلۇقىدىن ھېچبىر خەۋەر ئالالمىدىم. ياقا يۇرتلارنىڭ بىرەرىدە قازا قىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك. قېچىپ كېتىشتىكى

سەۋەبنى دەملا؟ سەل يىراقلاپ كېتىمىزغۇ؟ ھە ماقۇل، ئۇنىمۇ دەپ بېرەي. ئاتا-ئانام شەھەرلىك بولۇپ، باققالچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىكەن. ھېلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلغان يىللاردا ئۇ تىجارەتمۇ چەكلىنىپتۇ. جان بېقىش ئۈچۈن باشقا يولىمىز بولمىغاچقا، دادام ئۇنى يوشۇرۇنچە داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. مەنغۇ ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەچكە راست-يالغانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەمما ئاڭلىشىمچە، ئۇ چاغلاردا شەھەرلەردىكى يېڭىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان تەرتىپ ساقلىغۇچىلار ھەم بەك سەزگۈر، ھەم بەك باغرىتاش ئادەملەر ئىكەن. كېچە-كۈندۈز ھەممە يەرنى خۇددى ئاپشاركىلاردەك پۇراپ، تىمىسقىلاپ يۈرىدىكەن. ھەتتا سۈت-قېتىق چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ، دېھقانلارنىڭ بېغىدىن چىققان مېۋە-چېۋىلەرنىمۇ سېتىشقا يول قويمايدىكەن. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قولغا چۈشۈپ قالسا، ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ سولاپ قويىدىكەن، تاكاللاشسا ئۇرۇپ-دۇمبالايدىكەن، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆلۈكىنى چىقىرىپ بېرىدىكەن. تېخى «ئىنقىلابقا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ گۇناھ ئارتىپ قويىدىكەن. مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالىدىكەن. راست شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ، مەن بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، باشقىلار ماڭا شۇنداق دەپ بېرىشتى. مەن تۇغۇلۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن بىر كۈنى دادام شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئانامنىڭ دېيىشىچە، دادام تۈز كۆڭۈل، ناھەقچىلىققا چىدىمايدىغان ۋە زەردىسى كۈچلۈكرەك ئادەم ئىكەن. شۇ كۈنى تەرتىپ ساقلىغۇچىلار دادامنى ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ سوراق قىپتۇ. دادام ئازراق تاكاللاشقانىكەن، بىرمۇنچە ئۇرۇپ-دۇمبالاپتۇ. ئاندىن بىر ئۆيگە سولاپ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. دېرىزىنىڭ سىرتىغا تاختاي مىخلاپ قويۇلغانىكەن. كېچىسى دادام ئىككى تاختاينى ئاجرىتىپ سىرتقا چىقىۋاپتۇ. ئەمما دەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇل سېزىپ قېلىپ ۋارقىرىغانىكەن، بىر ئۆيدىن ئۈچ-تۆت ئادەم يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ. دادام راستىن كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىكەن، (ئانامغۇ رۇستەمدەك كۈچلۈك ئىدى دەيدۇ) ياكى باشقا كەلگەندە باتۇر بولۇپتۇ دېگەن گەپ راستمۇ، ئىشقىلىپ، دادام ھەش-پەش دېگۈچە تۆت كىشىنى يەرگە چاپلىۋېتىپ قورۇدىن قېچىپ كېتىپتۇ. ئەگەر ئۇ تۇتۇلۇپ قالسا تاياق-توقماقتىن ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىكەن، تىرىك قالغان تەقدىردىمۇ جەزمەن تۈرمىگە تاشلىنىدىكەن. تەرتىپ ساقلىغۇچىلا ھەممە يەرگە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپتۇ، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى نەچچە يىلغىچە پايلاپتۇ. بىراق، دادام يا تۇتۇلماپتۇ، يا ئۆيگە بارماپتۇ. ئەسلىدە شۇ ھادىسە يۈز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن دادامنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى ئانامغا دادامنىڭ ئامالسىز يۇرتتىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، جاھان سەل تىنجىغان ھامان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى خۇپىيانە يەتكۈزگەنىكەن، شۇڭا ئانام خاتىرجەم بوپتۇ. بىراق شۇ كەتكەنچە دادامدىن زادى خەۋەر بولماپتۇ، قايتىپمۇ كەلمەپتۇ.

ھە، ئەمدى يەنە باشتىكى گەپكە كېلەمدۇق، ماقۇل، نەدە ئارىلاپ كېتىۋىدىم؟ ھە، تۇغرا شۇ يەرگە كەلگەندە دادام تۇغرىسىدىكى گەپكە ئۆتۈپ كېتىپتىكەنمىز.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق، تۇرمۇشىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى. ياز كۈنلىرى باققالچىلىق قىلىپ ئاز-تولا پۇل تاپىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن قەدىر ئەھۋال ئۆتەتتۇق (شۇنداق، باققالچىلىقنى قويۇۋەتكەندى)، ئەمما قىش كۈنلىرى بۇ كەسىپ ئانچە ئاقمايتتى. نېمىشقا دەملا؟ كىشىلەر قىشتا يەيدىغان مېۋىلەرنى كۈزدىلا توپ ئېلىپ ئۆيىگە بېسىۋالاتتى. شۇڭا بەزى كۈنلىرى كۈنلۈك تاماققا تۇشلۇقمۇ كىردىم قىلالمايتتۇق. باشقا ئاداشلىرىمغا ئوخشاش مېنىڭمۇ كەمپۈت-مەمپىسلەرنى ئېلىپ يېگۈم كېلەتتى. بىراق پۇلۇم بولمىغاچقا ئالالمايتتىم. بىلىتىم يوق كىنوخانىغا كىرەلمەي تالاي قېتىم يىغلىغانلىقىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە. «سەۋر قىل قوزام، ھازىر قولىمىز قىسقا، كېيىن پۇلىمىز كۆپەيگەندە سېنى ھەر كۈنى كىنوغا ئاپىرىمەن» دەيتتى ئانام يىغى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بارات ۋە ھوشۇر دەيدىغان باللار بىلەن تونۇشۇپ يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدىم. بۇ باللار پۇل دېگەننى خۇددى خازاندەك شاراقشىتىپ خەجلەيتتى. تاماقنى بازاردىكى ئاشخانىلاردا يەيتتى، تاماكا چېكەتتى، كۈندە دېگۈدەك كىنوغا كىرەتتى. بۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بەك باي كىشىلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئۇلارغا ھەۋەسلەندىم ۋە بىر كۈنى مۇشۇ ھەقتە گەپ ئاچتىم. ئۇلار دەسلەپتە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ پۇلنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى. ئەسلىدە ئۇلار يانچۇقچىلىق قىلىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشتا قورقتۇم، ئەمما ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلاردىن يانچۇقچىلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. ئارىدىن بىرەر ئايدەك ئۆتكەندە ھەر خىل يانچۇق ۋە سومكىلارغا قول سېلىشتا ئانچە قىينالمايدىغان ھالەتكە يەتكەندىم. ئەمما ھەر قېتىم شۇ ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ناھايىتى قورقاتتىم. توغرا كەلگەچكە شۇنىمۇ قوشۇپ قوياي، بۇ قېتىم تۇتۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئىپلاس ئىشتا ئۆزۈمنى ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بىرى دەپ سانىساممۇ، لېكىن ئاشۇنداق قورقۇش تۇيغۇسىدىن بىرەر قېتىممۇ خالى بولالىغان ئەمەسمەن.

شۇ چاغدا ئىككى ئايغا يېقىن يانچۇقچىلىق قىپتىمەن، قانچە قېتىم قول سالغىنىم ۋە نەچچە پۇل تاپقىنىم يادىمدا يوق، ئەمما تولىسىدا ئامەتىم كەلگەنلىكىنى بىلىمەن.

ناۋادا ئانامنىڭ غەزىپىدىن قورقمىغان بولسام يانچۇقچىلىقنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلەركەنمەن. ھېلىقى ئاغىنىلىرىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ ئىشنى ئانامدىن قاتتىق يوشۇرۇپ كەلگەندىم، ئۆزۈمچە زادى پاش بولۇپ قالمايمەن، دەپ ئىشىنەتتىم. بىراق بالا دېگەن ھامان بالىكەن. بىر كۈنى بىزنىڭ كونا چۆپقەتلىرىمىزدىن بىرى ئۆيىمىزگە يېرىم تاغار قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ كەلدى ۋە ھەر قېتىمقىدىن سەل ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانام بەك خۇشال بولدى، بىراق غەلىدىكى پۇلنى جەملەپ كۆرۈۋىدى، بىرنەچچە كوي يەتمەي قالدى.

— قالغىنىنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بەرسەم بولارمۇ؟ — دېدى ئانام دېھقانغا يالۋۇرۇپ.

دېھقان پۇلنىڭ ھازىرلا ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ھەممە پۇلنى

نەخ تۆلىيەلمسەك، ئۆزۆمنى باشقىلارغا ساتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئانام قانداق قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. شۇ چاغدا يېنىمدا ئون كويغا يېقىن پۇلۇم باردى، مەن نېرى-بېرىسىنى سورۇشتۇرمەيلا:

— ئانا، مەندە پۇل بار، — دەپتىمەن-دە، يانچۇقۇمدىن پۇلنى چىقىرىپ ئانامغا تەڭلەپتىمەن.

ئۇ چاغدا ئانامنىڭ ئارتۇق ئويلاپ كەتمىگەن چېغى، قولۇمدىن پۇلنى شارتتىلا ئېلىپ دېھقانغا تۇتقۇزدى.

شۇنداق قىلىپ ئۆزۆمنى ئېلىپ قالدۇق، ئانام ئەرزان يولۇققان بۇ سودىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى.

— بىزنىڭ باھا قوشۇپ سېتىشىمىز بويىچە ھېسابلىغاندا 20 نەچچە كوي پايدا قىلىشىدا گەپ يوق، — دېدى ئۇ يالتىراپ تۇرغان ئۆزۆملەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ.

دەل شۇ چاغدا ئەقلى-ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم. «ئاپلا، ناۋادا ئانام ھېلىقى پۇللارنى نەدىن تاپتىڭ، دېسە نېمە دەرمەن؟ دېگەن ئەندىشە ۋۇجۇدۇمنى مۇزلىتىۋەتتى، — ئۇ پۇلنى نېمىشقا ئاشكارا قىلغاندىمەن...»

راستىنلا قورققان ئەھۋال ئاخىرى يۈز بەردى. مەن ئانامنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئەمدىلا ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىۋىدىم، ئۈنىڭ:

— بالام، توختىغىنا، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ، ئورنۇمدا توختىدىم-دە، ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ئانامنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئەمدى تامام يوقالغاندى.

— بالام، ئېيتقىنا، ھېلىقى پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

مەن دەرھال ئېسىمگە كەلگەن جاۋابنى بېرىۋەتتىم:

— غەللە ساندۇقىدىن ئالغاندىم.

— قاچان ئېلىۋىدىڭ؟

— تۈنۈگۈن.

— ھەممىنى بىر قېتىمدىلا ئالغانمۇ؟

— ھەئە.

سەل تەمتىرەپ قالسام ئانام گۇمانلىنىپ قالىدۇ، دەپ سوئاللارغا شارت-شۇرتلا جاۋاب بېرىۋەرگەندىم. بىراق ئەنە شۇ شارت-شۇرتلۇق سىرىمنى پاش قىلىپ قويغانلىقىنى تۇيماي قاپتىمەن:

— يالغان سۆزلىمە! — دېدى ئانام بىردىنلا ئۈنلۈك ئاۋازدا، — تۈنۈگۈن ئەتىگەن غەللە ساندۇقى قۇرۇق ئىدى، كۈن بويى قىلغان سودام بەش كويدىن ئاشمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئون ئىككى كوي پۇلنى قايسى غەللىدىن ئالسەن؟

شۇ چاغدىلا ئىككىنچى خاتاغا يول قويغانلىقىمنى بىلدىم. نېمىشقا گۆزۈمدىن بېرى ئاز-ئازدىن ئېلىپ يىغقاندىم دېمىگەندىمەن، دەپ بەكمۇ ئۆكۈندۈم.

ئانام جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدىم.

— بالام، راستىڭنى ئېيتساڭ گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، — ئۇ يەنە ئۆزى گەپ باشلىدى، — يالغان ئېيتىپ ئالدايمەن دەپ دىكەنسەن تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟! قېنى، تېز جاۋاب بەر، پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

ئۇ راستىنلا دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغاندەك ئاشخانىدىن قىڭراقنى

ئېلىپ چىقتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئەڭ قاتتىق قورقتۇم. تىلىم كېسىلىپ، ئاغزىمدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتقان كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— ئانا، راستىمنى ئېيتاي، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ ۋە يانچۇقچىلىق قىلمىشىمنى قويماي سۆزلەپ بەردىم.

ئانام گېپىمنى غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئەمما مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ بولۇپ، قانداق جازا بېرەركىن، دەپ قورقۇپ تۇرغان چېغىمدا مېنى باغرىغا بېسىپ ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى. ئىككىمىز بىر ھازا يىغلاشتۇق.

— بالام، بۇ ئىشنى يەنە قىلامسەن؟ — بىر چاغدا ئانام ئاۋۋال يىغىدىن توختاپ سورىدى.

مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

— ياق ئانا، ئىككىنچى قىلمايمەن!

— ماقۇل، راستىڭنى ئېيتقانلىقىڭ ئۈچۈن لەۋزىمدە تۇرۇپ، بۇ قېتىم گۇناھىڭدىن ئۆتەي، بۇندىن كېيىن مۇشۇ ۋەدەڭگە ئەمەل قىل! ناۋادا ھازىر مېنى ئالداپ قويۇپ، ئاشۇ ئىپلاس ئىشنى يەنە قىلىدىكەنسەن، قولۇڭنىڭ بېغىشىنى كېسىپ تاشلايمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!

شۇ چاغدىمۇ كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى، مەن ئۈنسىز ھالدا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

شۇندىن كېيىن يانچۇقچىلىقنى تاشلىدىم. بۇنىڭدا ئانامنىڭ قولۇمنى كېسىۋېتىشىدىن قورققانلىقىم ئاساسىي سەۋەب بولدى.

ئانام ھەر كۈنى كەچتە غەللىگە چۈشكەن پۇلنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىردىنى بىر چەتكە ئايرىپ قوياتتى ۋە ئەتىسى ئۇنى تىلەمچىلەرگە بېرەتتى. ئاندىن يەنە ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن جەينامازدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ خۇدايىمدىن ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشنى، ماڭا ئىنساپ، تەۋپىق ئاتا قىلىپ ياخشى يولغا باشلاشنى تىلەيتتى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يانچۇقچىلىق قىلمىشىم ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم ۋە خىجىللىقتىن ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ كېتەتتىم. مۇنداق دېسەم، بەلكى ئىشەنگۈلىرى كەلمەس، مەيلى، ئىختىيارلىرى. ئەمما ماڭا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئانام سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن پاك ئىدى. پەقەت مەندەك يانچۇقچى بالىسى خۇدا ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىپ قويغانىدىم.

ئارىدىن يەنە تۆت ـ بەش يىل ئۆتتى. مەن يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويدۇم. بىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا باققالچىلىق قىلاتتۇق. ئۈچ يىل ئىلگىرى ئانامغا ئېغىر كېسەل تېگىپ دوختۇرخانىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق يېتىپ داۋالانغانىدى. ئۇ يەردىن چىققاندا كېسىلى تولۇق ساقايغاندەك قىلغان، لېكىن يىلتىزىدىن تۈگىتىلمىگەنىكەن، بۇرۇنقى ھالىتىگە زادى كېلەلمىدى. ئەكسىچە بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. بولۇپمۇ كۈز پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن يۆتەل ۋە دەم سىقىلىش قوزغىلىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى. قىش بويى ئۆيدىن چىقالمايتتى. دوختۇرلار قاچان كۆرسىلا ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشنى بۇيرۇيتتى، ئەمما ئانام ئۇنىمايتتى. مەنمۇ تەڭلىكتە قالاتتىم، نېمىشقا

دېمىسىلە، دوختۇرخانىغا تۆلىگۈدەك پۇلىمىز يوق ئىدى. شۇڭا ئانام ئۆيدە يېتىپ دورا يېيىشكىلا مەجبۇر ئىدى. دوختۇرلار يەنە قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يېيىشنى تاپىلىغاندى. لېكىن ئۇنىڭغىمۇ كۆپرەك پۇل بولۇشى لازىم ـ دە. بىز بولساق ئەڭ ئاددىي تاماق يېيىشكىلا چامىمىز يېتىدىغان كىشىلەر ئىدۇق. سەل ئارتۇق خىراجەت قىلساق دەسمايىمىزگە دەز كېتەتتى. ئەگەر شۇ ئازغىنا دەسمايىدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولساق، شەھەردە تۇرمۇش كەچۈرمىكىمىز تەس بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بەزىدە بىرەر باچكا، بەزىدە تۆت سەر ـــ يېرىم جىڭ گۆش ئېلىپ ئانامغا پىشۇرۇپ بېرەتتىم. ئۇ «سەنمۇ يېگىن» دەپ تۇرۇۋالاتتى. تولا چاغلاردا ئۇنىمايتتىم، بەزىدە ئانامنى گەپكە كىرگۈزەلمەي باچكىنىڭ بىرەر قانىتىنى شۈمەيتتىم، گۆشتىن ئازراقلا ئېلىپ ئاغزىمغا سالاتتىم.

ـــ بالام، بەك مۇشەققەت تارتىۋاتىسەن، ـــ دەيتتى ئانام كۆز يېشى قىلىپ، ـــ داداڭ بولغان بولسا، سەنمۇ باشقا بالىلاردەك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆسكەن بولاتتىڭ. داداڭنى تۇتۇۋالغان شۇ رەھىمسىز ئادەملەرنىڭ گۆرىدىن توڭگۇز قوپار ئىلاھىم. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىغان بولسا، داداڭمۇ يۇرتىنى تاشلاپ كەتمەستى. شۇ بىچارە بۇ دۇنيادا...

بۇ كەملەردە دادامنىڭ هاياتلىقىدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزگەنىدۇق. ئەمما ئانامۇ، مەنمۇ بۇنى كۆڭلىمىزدىلا بىلىپ، ئاغزىمىزدىن چىقارمايتتۇق. ئانام كېسەلى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن دادامنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى كەچتە بىللە ئولتۇرغان چېغىمىزدا دادام توغرىسىدا ئۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قانداق تۇي قىلغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. بەزىدە گەپ ئىختىيارسىز ھالدا دادامنىڭ هازىرمۇ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقىغا كېلىپ تاقىلاتتى ـ دە، ئانام دەرھال گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتەتتى، ياكى بۇرىۋېتەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتىم، شۇڭا كوچىلاپ سورىماي، ئۇلۇق ـ كىچىك تىناتتىم.

ئانامنىڭ كېسەلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. قىش كۈنلىرىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى سودامنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە كىرسەم، ئانام زادى بولالماي قاپتۇ. گەپ سورىسام، ناھايىتى قىينىلىپ جاۋاب بەردى، چېكىسىنى تۇتسام قولۇم كۆيدى. ئانامنى دەرھال هارۋىغا ياتقۇزدۇم ـ دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. دىجورنى دوختۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ:

ـــ نېمىشقا بۇرۇنراق ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ ـــ دەپ ئاچچىقلاندى ۋە ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشقا خەت قىلىپ بەردى.

تەلىيىمىزگە كېسەللەر ياتىقىدا بوش كارىۋات بار ئىكەن. بىراق ئايال دوختۇرلاردىن بىرى ئاۋۋال 400 كوي پۇل تۆلەپ كېلىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن نەدىكى پۇلنى تۆلەيمەن؟ بۈگۈنكى غەللە ساندۇقىنىمۇ بايا ئۆيدە قالدۇرۇپ كەلگەنىدىم، ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭدىكى پۇللارنىمۇ ئېلىۋالماپتىمەن. لېكىن ئۇنىڭدىمۇ ناھايىتى كۆپ بولسا، ئون نەچچە كوي باردۇ. 400 كويىنى تاپقىچە ئانامنىڭ كېسەلى نەگە بېرىپ، نەدە توختايدۇ؟!

مەن ئاۋۋال ئانامنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن پۇلنى

چوقۇم تاپشۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ يالۋۇردۇم.

دوختۇر ئۇستىبېشىمغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— نېمىشقا دادىڭىز كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىرئاز چۈشەنگەن بولساممۇ، ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈمىدىدە، راستىمنى ئېيتتىم:

— دادام يوق.

ئەسلىدە «ئۆلۈپ كەتكەن» دېمەكچىدىم، لېكىن ئۇ گەپ بوغۇزۇمدىن چىقمىدى.

— ھەم، شۇنداقمۇ؟ ئۆيۈڭلاردا يەنە كىملەر بار؟

— باشقا ھېچكىم يوق.

— ئانىڭىزنىڭ خىزمىتى بارمۇ؟

— يوق.

ئۇ خۇددى سوراقچىلاردەك ئۈزۈلدۈرمەي سوئال سورايتتى، مەن بۇ مەنىسىز سۈھبەتنىڭ پاتراق تاماملىنىشىنى كۈزلەپ تېز ۋە قىسقا جاۋابلارنى بېرەتتىم.

— تۇرمۇشۇڭلارنى نېمە ئىش بىلەن قامدايسىلەر؟

— باققالچىلىق قىلىمىز.


دوختۇر يەنە بىر ھەمراھىنىڭ قولىغا ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلىدى-دە، ئاندىن قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ياتاقتا يېتىش رەسمىيەتلىرى تولۇق بېجىرىلمىسە، كېسەلنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇپ كېلىڭ، — دېدى.

ئاھ خۇدا، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە شۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق تاپالايمەن؟ ئانامنى ياتاقتا ئالغۇزالمىسام، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشامدۇ!؟ بەلكىم ئەتىگىچە... ياق، ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ياتاقتا ئالدۇرۇشۇم كېرەك.

— جېنىم دوختۇر، بىزگە رەھىملىرى كەلسۇن، ئانامغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، — مەن يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم، — ئانامنى ياتاقتا ئالسىلا، پۇلنى ئەتە چوقۇم تاپشۇرىمەن.

بىراق باغرىتاش ئادەملەرنىڭ دىلىنى يۇمشىتىش ئاسان ئەمەسكەن.



— بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر قولىنى شىلتىپ، — بىز سىلەردەكلەرنى كۆپ كۆرگەن. باشتا تالاي ۋەدىلەرنى بېرىپ ياتاقتا يېتىۋالىسىلەر، ساقايغاندىن كېيىن رەسمىيەتنىمۇ ئۆتمەي غىپىلا قىلىپ قېچىپ كېتىسىلەر. زىيان دوختۇرخانىغا بولىدۇ. ھازىر كېسەللەر ياتىقى ھۆددىگە بېرىلگەن، پۇل تاپشۇرمىغان كېسەل قوبۇل قىلىنمايدۇ.

كېيىن ئۇقسام، ئۇ مۇشۇ يەردىكى سېستىرالارنىڭ باشلىقى ئىكەن. راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى. شۇنداقتىمۇ غەزىپىمنى يۇتۇپ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

دەل شۇ پەيتتە ئىشخانىغا سالاپەتلىك بىر ئەر دوختۇر كىردى. كېيىن ئۇقسام، ئۇ مۇشۇ يەردىكى جىمى دوختۇرلارنىڭ

باشلىقى ئىكەن.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئۇ ئاۋۋال ئايال دوختۇرغا، ئاندىن ماڭا قاراپ قويۇپ، جاۋابىنى كۈتمەيلا داق يەردىكى كۆرپە ئۈستىدە ئاران نەپەس ئېلىپ ياتقان ئانامنىڭ يېنىغا باردى، ئېڭىشىپ ئانامنىڭ پېشانىسىنى، تومۇرىنى تۇتتى.

— بۇ كېسەلنى كارىدۋاتقا ياتقۇزماي نېمە قاراپ تۇرسىلەر؟ — ئۇ سەل ئاچچىقلانغان هالدا ئايال دوختۇرلاردىن سورىدى.

— ياتاقتا يېتىش پۇلىنى تۆلىمەپتۇ، — دېدى بايا مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئايال دوختۇر.

ئەر دوختۇر ماڭا لاپپىدە قارىدى.

— ئەتە چوقۇم تۆلەيمەن! — مەن ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى تۇتۇپ يالۋۇردۇم، — دوختۇر، ئانامنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا.

ئۇ ئايال دوختۇرلارغا قاراپ بۇيرۇدى:

— هازىر كېسەلنى قۇتقۇزۇش هەممىدىن مۇهىم، دەرهال ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار! — ئاندىن ئۇ ماڭا بۇرۇلدى، — بالام، پۇلنى ئەتە چوقۇم تاپشۇرۇۋەتكىن، ماقۇلمۇ؟ بۇ — تۈزۈم.

ئۇنىڭ يۇمشاق مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ ئانامنى ياتاققا قوبۇل قىلغانلىقى كۆڭلۈمنى ئېرىتىۋەتتى، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم.

— چوقۇم تاپشۇرىمەن، دوختۇر! — دېدىم مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ.

ئانام كارىدۋاتقا ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن، دەرهال ئاسما ئوكۇل سېلىندى. بۇ چاغدا ئۇ يېرىم هوشسىز هالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن سەهەرگە يېقىن ئىسسىتمىسى چۈشۈپ، كۆزىنى ئاچتى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

بەك ئۇششاقلاپ كېتىپتىمەن، سىلىنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممىكىن. هەر هالدا ئانامنىڭ ئەهۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىراق كۆڭلۈم يەنىلا بىسەرەمجان ئىدى. ئاخشام هاممامدىن قەرز سوراشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئۇ دادامنىڭ سىڭلىسى ئىدى. كۆڭلى يۇمشاق، ئەمما بەكمۇ ياۋاش بولغاچقا، ئېرىنىڭ هەرقانداق سۆزىگە ياق دېيەلمەيتتى. ئەكسىچە، ئېرى ئاچچىقى يامان ۋە بەكمۇ پىخسىق ئادەم ئىدى، پۇل دېسە جېنىنى بېرەتتى. شۇڭا بىز ئادەتتە ئۇلاردىن هېچنەرسە سورىمايتتۇق. لېكىن بۇ قېتىم ئىلاجسىز شۇلارنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدۇم.

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئانام ئىسسىق گىردىنىڭ يۇمشاق يېرىدىن ئازراق يېدى-دە، پاتلا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن نۆۋەتچى سېستىراغا تاپىلاپ قويۇپ هاممامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. هاممام ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى. هەتتا ئېرىمۇ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— هەي، بىچارە، — دەپ قويدى.

بىراق پۇل ئىشى توغرىسىدا قانچە يالۋۇرۇپمۇ بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالمىدىم.

— ئۆزىمىزمۇ ئارانلا كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتىمىز، — دەپلا تۇرۇۋالدى، ئاندىن تېخى ئۆزىچە يول كۆرسىتىپ، — ياتاققا ئالدۇرۇۋالدىڭمۇ بولدى، چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، قولاقنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەر. ساقايغاندا غىپلا ئەچىقىۋالىمىز، — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن خورلانغان ۋە غەزەبلەنگەن هالدا چىقىپ كەتتىم. ئەمدى

www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى ئۈمىدمۇ ئۈزۈلگەنىدى. راست، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىمىزنى ساتسامغۇ، ئەلۋەتتە پۇلغا ئېرىشەلەيمىز، لېكىن ئۇ چاغدا نەدە ئولتۇرىمىز؟ كىممۇ بىزنى ئۆيىگە سىغدۇرىدۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ! ئۇنداقتا پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟ ئاخشام ھېلىقى ئۇبدان دوختۇر مېنىڭ ۋەدەمگە ئىشەنگەن. بۈگۈن پۇل تاپشۇرمىسام، ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ھەممىدىن يامىنى ئۇلار ئانامنى ياتاقتىن چىقىرىۋەتسە ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟...

مەن قاپىقىم تۈرۈلگەن، قەدەملىرىم ئېغىرلاشقان ھالدا ئۆز-ئۆزۈم بىلەن سۆزلەشكەن پېتى كېتىۋاتاتتىم. نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىمنى بىلمەيتتىم. كوچىدا ئادەملەر ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى ۋېلسىپىت، موتسىكلىت مىنىۋالغان؛ بەزىلىرى بولسا چىرايلىق پىكاپلارغا ئولتۇرغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى يېڭى ۋە پۇزۇر ئىدى، چىرايىدا غەم-قايغۇ دېگەننىڭ ئەسىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىردىنلا كاللامدا غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولدى: ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئانىدىن ئوخشاش يالىڭاچ تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق چوڭ بولغاندا نېمە ئۈچۈن شۇنچە پەرقلىق بولىدىغاندۇ؟ ئوخشاش بىر شەھەردە، ئوخشاش بىر مەزگىلدە بەزىلەر شۇنچە راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق، بەزىلەر داۋالىنىشقىمۇ پۇل تاپالمىسا، بۇ ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟...

ئارقىدىنلا يۈرىكىم خۇددى لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئاشۇ خۇشال-خۇرام كىشىلەر، ئاشۇ باي-غەمسىز كىشىلەر كۆزۈمگە گويا دۈشمەندەك كۆرۈندى. ئۇلارغا بىردىنلا ئۆچ بولۇپ قالدىم (ھازىر ئويلىسام، بۇ بىر خىل كۈچلۈك ھەسەتخورلۇق ئىكەن) بىراق ئۇلارنى نېمە قىلالايتتىم؟ ئۇچرىغان بىرىنى توختىتىپ: يانچۇقىڭدىكى پۇلنى ماڭا بەر، ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەيلى، دېيەلەمتىم؟!

بۇ ئاخىرقى ئوي كۆڭلۈمدىن كېچىشى بىلەنلا بېشىمدىن بىر قاپاق مۇزدەك سۇ قۇيۇلغاندەك سەسكىنىپ كەتتىم. «ياق، ياق! — دېدىم رودۇپايدەك چاپلىشىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان يامان ئويىنى ھەيدىۋېتىشكە تىرىشىپ، — ئۇنداق قىلالمايمەن، ئانام ئەپۇ قىلمايدۇ، قولۇمنى كېسىپ تاشلايدۇ...»

بىراق، ئەمدى كاللامغا كىرىۋالغان بۇ يېڭى ئويدىن زادى قۇتۇلالمىدىم. ئۇنى ھەيدىۋېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن باھانىلەرنى ئويلاپ تاپتىم. ئۇ ھامان بېزەڭلىك قىلىپ: «ئاناڭنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق» دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنداق ھەلەكچىلىكتە تۆت كوچا كېسىشكەن يەردىكى چوڭ ماگىزىننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

تېخى بىر قارارغا كېلىپ بولمىغانىدىم، ماگىزىن ئالدىدا تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— ئۇبدان خوتۇن، بۇ قېتىم سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلا، ئاۋۋال رەڭلىك تېلېۋىزور ئېلىۋالايلى، ئالتۇن زەنجىرنى كېيىنكى قېتىم ئېلىپ بېرەي، ماقۇل دەڭلا.

— ياق، زەنجىرنى مۇشۇ قېتىم ئالغىنىم ئالغان. توي-تۆكۈنلەرگە بارغاندا خىجىللىقتىن ئۆلگۈدەك بولىمەن، نەدىكى بىر ئاشپەزلەرنىڭ خوتۇنلىرىچىلىكمۇ بولالمىسام، چوڭجاڭنىڭ خوتۇنى بولغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى.

— ئەستا، ما خوتۇننىڭ تەرسالىقىنى! ياق، تېلېۋىزور ئالغىنىم-ئالغان!

— ھە، شۇنداقمۇ؟ پۇلىنىزە مەن تاپاي، خەجلىگۈچى سىز بولامسىز؟

ــ ما گەپنى كۆرۈڭ، قانداق قىلىپ
سىلە تاپقان بولىسىلە؟

ــ ئەگەر ھېلىقى كىشىنىڭ ئايالىغا،
قۇرۇق گەپكە ھۆپۈپىمۇ ئوسۇرۇپ بەرمەيـ
دۇ، دېمىگەن بولسام، شۇنچە پۇل...

ــ جىم! ياپىر، نېمانچە ئېھتىياتسىزـ
لىق قىلىدىغانسىلە. يا بىز ھازىر ئۆيىمىزدە
ئولتۇرمىساق، خەير، ماقۇل، سىلىنىڭ دېـ
گىنىڭلىچە بولسۇن.

ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانىدىم.
توقلۇقتىن شوخلۇق دېگىنى شۇدە. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئايالىنىڭ قولىدىكى كىچىك سومـ
كىنى پومپايتىپ تۇرغان پۇل ئۇلارنىڭ
قولىغا ناتوغرا يوللار بىلەن چۈشۈپتۇ.
دېمەك، ھارام بايلىق ئىكەن. بۇ كىچىككىـ
نە ھادىسىگە دۇچ كەلگەنلىكىم ئاخىرقى
ھېسابتا بىر قارارغا كېلىشىمگە سەۋەب بولـ
دى. ئەر ـ خوتۇننىڭ كەينىدىن سوكۇتىشىپلا
ماگىزىنغا قاراپ ماڭدىم. ئايالىنىڭ سومكىـ
سىدىكى پۇلىنى ئېلىۋېلىشىنىڭ ھەر خىل
ئۇسۇللىرىنى ھېلىقى چاغدىلا ئۆگىنىۋالغانـ
مەن. بىراق ئارىدىن تۆت ـ بەش يىل ئۆـ
تۈپ كەتكەچكە قورقۇشتىن يۈرىكىم قاتتىق
دۈپۈلدەپ كەتتى. ماگىزىننىڭ ئىشىكى قىسـ
تا ـ قىستاڭ بولغاننىڭ ئۈستىگە پاختىلىق
مىلەگزە تارتىلغانىكەن. بۇ ھال ھەرىكىتىمگە
كۆپ ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. كۆزـ
يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سومكىدىـ
كى پۇللارنىڭ بىر باغلىمى قوينۇمغا كىرىپ
بولدى. شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، دەررۇ
ئارقامغا ياندىم. قىش كۈنى بولۇشىغا قارىـ
ماي چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدىم.
ئەتراپىمغا تېزلا قارىۋېتىپ، ئالدىرىغان
پېتى ماگىزىننىڭ ئالدىدىن يىراقلاشتىم.
ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئارقامغا چۈشكەن
ئادەم بولسا ئېزىقتۇرۇۋېتەي دېگەن ئوي
بىلەن باشقا تەرەپكە ماڭغان ئاپتوبۇسقا
چىقىۋالدىم. ئىككى بېكەتتىن كېيىن
چۈشۈپ تار كوچىلار بىلەن باشقا
يولغا چىقتىم ـ دە، ئايلىنىپ ئاۋۋال ئۆيۈمـ
گە باردىم. پۇل ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدەك
ئون كويلۇقتىن يۈز قەغەز ئىكەن. ئۆمـ
رۈمدە مۇنچىلىك پۇلنى تۇتۇپ باقماق
تۇگۇل، كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم. يېرىمىنى
ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، يېرىمىنى يانچۇـ
قۇمغا سالدىم ـ دە، كوچىغا چىقتىم. ئىككى
نانىنىڭ ئارىسىغا زىخ كاۋىپىدىن يەتكۈچە
ئېلىپ، دوختۇرخانىغا باردىم. ئانام ئويغانـ
غانىكەن، مېنى كۆرۈپ:

ــ ئۆيگە باردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
جاۋاب بەرگەچ كاۋابنى ئالدىغا
قويدۇم.

ــ بالام، پۇل بۇزۇپسەن، بۇ قىمـ
مەت نەرسىنى نېمىشقا ئالغانسەن؟ ــ دېـ
دى ئانام سەل كايىپ، ــ ھە، راست، ئاخـ
شام دوختۇرلار پۇل تاپشۇرۇڭلار دېگەنـ
دەك قىلىۋېدى، ئۇنى قانداق قىلدىڭ؟

ــ بىر باققال ئاغىنەمدىن پۇل قەرز
ئالدىم، ــ دەرھال يولدا كەلگۈچە ئويلاپ
قويغان جاۋابنى بەردىم، ــ ھېلى تاپـ
شۇرىمەن.

ــ ئاھ خۇدايىم، بۇ قەرزنى قانداقمۇ
ياندۇرارمىز؟ ــ ئانام يەنە قاقشىغىلى تۇـ
رۇۋېدى، بىرمۇنچە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ
تەسەللى بەردىم. شۇنىدىن كېيىن ئۇ كاـ
ۋاپتىن ئۈچ ـ تۆت پارچە يېدى.

شۇنداق قىلىپ، بەش يىل ئىلگىرى
ئانامغا بەرگەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىپ
يەنە يانچۇقچىلىق قىلدىم. مەن ئۇنى ئانامـ
نىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلـ
غانىدىم. بىراق ئۇ پۇللار ئانامنى بەربىر
قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. دوختۇرلارنىڭ ئېيتـ
تىشىچە، ئانامنىڭ كېسىلى ھەم ئۆپكىدە،
ھەم يۈرەكتە ئىكەن. دوختۇرخانىغا ئېلىپ
كېلىشنى بەكمۇ كېچىكتۈرۈپ قويۇپتۇق.
شۇڭا ئۇلار قانچە تىرىشىپ باققان بولىسـ

www.uyghurkitap.com

مۇ، ئامال قىلالماپتۇ. ئانام دوختۇرخانىغا كىرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قازا قىلدى.

مەندەك بىر باشپاناھسىز يېتىم بالا ئۈچۈن مۇنداق مۇسىبەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتمىساممۇ چۈشىنىلا. ئىشقىلىپ، شۇ كۈنلەردە تۆككەن كۆز ياشلىرىمنى توپلىسا كىچىكرەك بىر كۆل ھاسىل بولاتتىمىكىن دەيمەن. شۇنداقتىمۇ مېيىتنى لايىقىدا ئۇزاتتىم، نەزىرسىنى قەدىر ئەھۋال بەردىم. بەزى تۇغقان ۋە قوشنىلىرىم بۇ ئىشلار ئۈچۈن پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىمغا ھەيران قېلىشتى، ھەتتا بەزىلىرى شۇ ھەقتە سوراپمۇ كۆرۈشتى.

— ئانام بۇرۇندىنلا تەييارلىق قىلىپ پۇل يىغىپ قويۇپتىكەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇلارنىڭغۇ خاتىرجەم قىلدىم، بىراق ئانامنىڭ روھىنى ئازابلىدىم. داۋالىنىش ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قانداق پۇللارنى ئىشلەتكەنلىكىمنى ئانامنىڭ ئۆزى بىلمىگىنى بىلەن روھى بىلىدۇ ئەمەسمۇ. تەقدىر دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، مەرھۇم ئانام ھايات چېغىدا ئۆز ئوغلىنىڭ يانچۇقچىلىقتەك پەسكەش ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق چەكلىگەنىدى. بىراق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئەنە شۇ پەسكەشلىكتىن كەلگەن پۇلنىڭ ھېسابىغا تاماملىدى. ھازىر مۇشۇنى ئويلىساملا يۈرىكىمنى دەھشەتلىك قورقۇش تۇيغۇسى چۇلغىۋالىدۇ. ئاخىرەتتە ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ بۇ خىل ئازاب ماڭا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ياق، ئۇ چاغدا تېخى مۇنچىلىك چۈشەنمەيتتىم، ئىشقىلىپ، يامان ئىش قىلغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەمما، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىلاج بار؟ ئاندىن يەنە مەن ئالـ

غان پۇللار ئۇ ئادەمگىمۇ ھالال ئەمەس ئىدى، دەپ ئۆزۈمنى ئاقلايتتىم. بۇ ھالىمىنىڭ كېيىنمۇ يانچۇقچىلىق قىلىشىمغا سەۋەب بولۇپ قالدى.

ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن روھىم بەكمۇ چۈشۈپ كەتتى. يەنە تېخى كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنى قامداش مەسىلىسىمۇ مۈشكۈل بىر ئىشقا ئايلاندى. ئانامنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بېرىدىغان چېغىمدا ئۆيىدىكى ئۈزۈم ـ ياڭاق، گۈلە ـ قاقلارنىمۇ بىراقلا سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدىم. دەسمايەم بولمىغاچقا ئاتا كەسپىمنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىدىم. ئەكسىچە، ھارۋىنىمۇ سېتىۋېتىپ، ئاش ـ تامىقىمنىڭ يولىنى قىلدىم، ھازىر ئويلىسام، ھاياتىمدا يەنە بىر چوڭ ئازغان ئىشىم شۇ بولاپتىكەن، لېكىن ئۇ چاغدا دادام بىلەن ئانامنىمۇ روناق تاپقۇزمىغان باققالچىلىق ماڭا قانچىلىك ۋاپا قىلار، دەپ ئۆزۈمنىڭ يارىماسلىقىنى ئاقلاپتىمەن، ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن شۇ كەسىپ بىر ئائىلىلىك كىشىنى بېقىپ كەپتىكەن، پەقەت ماڭا كەلگەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتىمەن.

مەدىكارچىلىقتەك بىر ئىش قىلارمەن دەپ ئويلىۋىدىم، لېكىن قىش كۈنلىرى ئۇنداق ئىشلار ئوڭاي تېپىلمايدىكەن، شۇڭا كۈن بويى لاغايلاپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى. ھارۋىنىڭ پۇلىنى قانچە تېجەپ ئىشلەتكەن بولساممۇ مېنى يازغا ئۇلاشتۇرالمىدى. مەشكە ئوت يېقىشنى بۇرۇنلا توختاتقانىدىم. ئۈچ ۋاقلىقىمغا قۇرۇق نان يەيتتىم. ئۇسسۇزلۇقىمغا سوغۇق سۇ ئىچەتتىم. ئەتىيازغا كەلگەندە نان سېتىۋېلىشقىمۇ پۇلۇم قالمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر قاسساپتىن يارتىلاپ گۆش سېتىۋېلىشاتتى،

ئاشخانىلاردىن يۈزلىرى قىزارغان، لەۋلىرى
مايلاشقان ھالدا چىقىشاتتى، كاۋاپدانلارنىڭ
ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇشاتتى. ھاراق
ئىچىپ، مەست ـ مۇستاق بولۇپ پو ئېتىشاتتى.
بىراق، مەنچۇ؟ بىر پارچە نانغا زار ئىدىم.
ئاخىرى مۇنداق قارارغا كەلدىم: خۇدا بەنـ
دىسىنى رىسقى بىلەن يارىتارمىش، مېنىڭ
رىسقىم ئەنە شۇ باي كىشىلەرنىڭ يانچۇ-
قىدا ئوخشايدۇ. تەقدىرىم شۇنداق بولسا،
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي.

شۇنداق قىلىپ ئوچىنچى قېتىم يانـ
چۇقچىلىق يولىغا قەدەم قويدۇم ۋە بۇ دۆرەم
ئۇ مېنىڭ مۇقىم كەسپىمگە ئايلىنىپ قالدى.
بەزىدە تەلىيىم كېلىپ بىر قېتىمدىلا نەچچە
كوي، نەچچە ئون كوي ھەتتا نەچچە يۈز كوي
قولۇمغا چۈشەتتى ـ دە، بايۋەچچىلەردەك يەپـ
ئىچەتتىم. بەزىدە بولسا، ئارقا ـ ئارقىدىن
بىرنەچچە يانچۇققا قول سېلىشقا توغرا
كېلەتتى. ئىشقىلىپ، تاكى شۇ كۈنلۈك
خەجى ـ خىراجىتىمگە يەتكۈدەك پۇل تاپـ
مىغۇچە توختىمايتتىم. تۇرمۇشۇمدىمۇ ئۆزـ
گىرىش بولغانىدى: تاماقنى بازاردىكى ئاشـ
خانىلاردا يەيتتىم، تاماكا چېكىش بىلەن
ھاراق ئىچىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، كىيىم ـ
كېچەكلىرىممۇ يېڭىلاندى.

قوشنىلار ماڭا گۇمان بىلەن قارىشاتـ
تى. شۇنداق ـ تە، ھېچقانداق ئاشكارا كىرىم
مەنبەسى بولمىغان بىر نامرات يىگىت بىرـ
دىنلا بايۋەتچىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشـ
كە باشلىسا، ئۇنىڭ پۇلنى نەدىن تاپىدىـ
غانلىقى توغرىسىدا گۇمانلانماسلىق مۇمكىنـ
مۇ!؟ بىراق، ئۇلارنىڭ قولىدا مېنى رەسـ
مىي ئەيىبلىگۈدەك پاكىتلىرى يوق ئىدى.
شۇڭا ئۇلار ماڭا ھەيرانلىق ۋە ھەتتا ئۆچـ
مەنلىك بىلەن قاراشقان چاغلىرىدا مەن

ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ، دىمىقىمدا ناخشا
ئېيتقان پېتى ئۆتۈپ كېتەتتىم.

ياز پەسلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما
مەن ئىش تېپىپ ئىشلەشنى ئويلاپمۇ قويـ
مىدىم. نېمىشقا ئىشلىگۈدەكمەن؟ ماڭا
لازىملىق پۇل باي كىشلەرنىڭ يانچۇقىدا
مېنىڭ ئېلىۋېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتسا،
ئازراق پەم ئىشلەتسەملا بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ
چاغدا ئەنە شۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغاـ
نىدىم. بىراق كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مې-
نى نەس باستى: خېلى سالاپەتلىك بىر
كىشىنىڭ پورتمىنىنى يانچۇقىدىن ئېلىۋاتـ
قان چېغىمدا تۇتۇلۇپ قالدىم. شۇ مەيداندا
تاياق دېگەننى بولدى دېگۈچە يېدىم، ئارـ
قىدىن پەيچۇسودىكىلەر بىر كۈن قامىدى.
سوئال ـ سوراق بولغاندا: «بۇ ئىشنى تۇنـ
جى قېتىم قىلىپ بېقىشىم» دەپ ئالدىدىم.
ئۇلارمۇ ئارتۇقچە زىغىرلاپ كەتمەي بىرقۇر
تەربىيە بېرىپ قويۇۋەتتى. ناۋادا بۇرۇنقى
قىلمىشلىرىمنى ئۇققان بولسا، كېسىلىپ كېـ
تىشىمدە گەپ يوق ئىدى. بۇ ئىش قوشـ
نىلارغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇلار
ماڭا ھومىيىپ قاراش بىلەنلا بولدى قىلـ
ماي، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «يۈزسىز يانچۇقـ
چى» دەپ تىللىشىدىغانمۇ بولۇۋېلىشتى.
باشتا قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەرگەنىدىم،
ئاخىرى چىدالماي بىر چوكاننى
«ئۆتەپ بار، شاپاقچى» دەپ تىللىدىم. ئارـ
قىدىن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن مۇشتلاشتۇق.
مېنىڭ چېكەم يېرىلدى، ئۇنىڭ بىر چىشى
سۇندى. ئىشقىلىپ، مەھەللىدە «يانچۇقچى»
دېگەن نامىم تارقىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا
ئۆيۈمنى بىر ھاجەتمەنگە ئىجارىگە بېرىپ،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنى تاشلاپ باشقا
يۇرتلارغا راۋان بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

ئالدىمغا ئۇچرىغانلىكى شەھەرلەردە
توختىدىم. كىچىكرەكلىرىدە ئىككى ـ ئۈچ
ھەپتە، چوڭراقلىرىدا بىرنەچچە ئاي تۇردۇم.
قونالغۇم شەخسلەر ئاچقان مېھمانخانا، ھۆ-
نىرىم يانچۇقچىلىق بولدى. ھەممە يەردە
ئۆزۈمگە ئوخشاشلارنى ئوڭايلا تېپىۋالدىم.
قاچانكى ساقچىلارنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلىشكە
باشلىغاندا ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتتىم.
ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندە ئۈرۈمچى-
گە يېتىپ كەلدىم. ھەي، ھەي، ئۈرۈمچى
دېگەن ئەجەبمۇ چوڭ ۋە باغرى كەڭ شە-
ھەركەن. بىر مەھەللىدە ئولتۇرغانلارمۇ بىر-
بىرىنى ئانچە تونۇپ كەتمەيدىكەن. ئادەم
دېگەن مىغ ـ مىغ، ماگىزىن ۋە ئاپتوبۇس-
لارنىڭ ئىشىكلىرى قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ
كېتىدىكەن. يانچۇقچىلىق قىلىشقىمۇ، يوشۇ-
رۇنۇشقىمۇ بۇنىڭدىن ئوبدان شەھەر
بولامدۇ!؟

شۇنداق قىلىپ، ئەلپەتتا غوجامنىڭ
نەزەرى چۈشكەن بۇ شەھەردە ئۈچ يىلدەك
تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە
پەقەت بىر قېتىملا ساقچىلارنىڭ قولىغا
چۈشتۈم. مۇساپىر ئىدىم، ئامالسىزلىقتىن
تۈنجى قېتىم شۇنداق قىلىپ سالدىم، دەپ
ساقچىلارنى يەنە ئالدىدىم.

ـــ ياش يىگىت ئىكەنسەن، پۇت ـ
قولۇڭمۇ ساق ئىكەن. مۇنداق شەرمەندىلىك-
نى تاشلاپ، ھالال ياشا! ـــ دېدى ئۇلار
ماڭا نەسىھەت قىلىپ ۋە ھالال ياشاشنىڭ
نۇرغۇن ئىمكانىيەتلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە
چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا مۇنداق
ئاگاھلاندۇردى، ـــ بۇ قېتىم كەڭچىلىك قىلىپ
قويۇۋېتىمىز، لېكىن يامان ئىشتىن قول
ئۈزمەي، قايتا قولىمىزغا چۈشۈپ قالساڭ
ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ!؟

مەن قايتا ـ قايتا ۋەدە بەردىم. ھالال
ياشىسام كۈنۈمنى خېلى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ
كېتەلەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم. يال-
لىنىشنىلا خالىسام، ئىش دېگەن تېپىلاتتى.
يېنىمدىمۇ خەجى ـ خىراجىتىمدىن ئېشىپ
قالغان خېلى پۇلۇم بار ئىدى. ئۇنى دەسمايە
قىلىپ كىچىكرەك تىجارەت يولىنى تۇتسام،
ياكى بۇرۇنقىدەك باققالچىلىق قىلساممۇ
بولاتتى. بىراق، راستىمنى ئېيتسۋاتىمەن، ئۇ
كۈنلەردە مەن ھالال يول بىلەن پۇل تې-
پىشنى مۇتلەق خالىمايدىغان بولۇپ قالغانى-
دىم. بىرەر قۇرۇلۇش ئورنىدا ياكى ئاشخا-
نىلاردا كۈن بويى تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەش
ۋە ياكى مېۋە ـ چېۋە قاچىلانغان ھارۋىنى
كۈن بويى ئۇيان ـ بۇيان سۆرەپ يۈرۈش،
ئۇنىڭ ھېسابىغا ئاخشىمى ئاران بەش ـ ئالتە
كويغا ئېرىشىش ـــ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ
ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى ماڭا. ئۇنىڭدىن
كۆرە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە بېكەت
ماڭسام ۋە ياكى ماگىزىنلاردا بىرنەچچە
مىنۇت چۆگىلىسەملا نەچچە ئون كوي،
ھەتتا نەچچە يۈز كوي پۇلغا ئېرىشەلەيتتىم.
ئازراق قورقاتتىم شۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھېسابىغا
خۇددى بايۋەتچىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرەت-
تىم. شۇڭا يەنىلا كونا كەسپىمنى داۋاملاش-
تۇرۇۋەردىم. پەقەت تونۇش ساقچىلارنىڭ
كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇش ئۈچۈن شەھەر-
نىڭ باشقا تەرىپىگە كۆچتۈم. ئەمما ھەر-
قانچە پەم ئىشلەتسەڭمۇ شەيتاننى دورىيال-
مايدىكەنسەن، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭ سېنى
ھامان ئاشكارا قىلىپ قويىدىكەن. شۇنىڭدىن
كېيىن تەلىيىم تەتۈر كېلىپ، ئارقا ـ ئارقى-
دىن پېشكەللىككە يولۇقتۇم. بىر قېتىم
قاتتىق تاياق يېدىم، مېنى دۇمبالىغان
يىگىتلەر ھەر ھالدا مەرد ئاغىنىلەر ئىكەن،
ساقچىغا تۇتۇپ بەرمىدى، بولمىسا قۇتۇلال-
مايتتىم. شۇ قېتىم بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ
ياتتىم. سەل چۆچۈدۈم ـ يۇ، ئەمما يەنىلا قول
يىغمىدىم.

ئارىدىن بىر ئايدەك ئۆتۈپ يەنە
تۇتۇلدۇم. بۇ قېتىم تاياقمۇ يېمىدىم، ساق-

چىنىڭ قولغىمۇ چۈشمىدىم، ئەمما بەك يامان
شەرمەندە بولـدۇم. مەن سومـكـىسـىغا قول
سالغان ئايال تۇيۇپ قېلىپ، ماڭـا زاڭـلىق
كۆلكىسى بىلەن قارىدى ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا:
ــ ھەي رەسۋا يانچۇقچى، شۇ بەستىڭ
بىلەن يانچۇقچىلىق قىلـغۇچە ئـۆلۈۋالـساڭـ
چۇ! ــ دېدى.
كىشلەر ماڭـا نەپـرەت بىلەن قاراپ
تۇرۇشاتتى. مەن ئۈچۈن ئاسـمان يىـراق،
يەر قاتتىق بولدى. ئىزا ـ ئاھانەتنىڭ ھەرـ
قانداق تاياق ـ توقماقتىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىـ
نى تۇنجى قېتىم ھېس قىلـدىم. شۇڭـا بۇ
قېتىمقى تۇتۇلۇشنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان
تەسىرى بەكمۇ چوڭقۇر بولدى.
ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئاپتوبۇستا تۇتـ
تۇلدۇم. شۇ كۈنى 8 ـ يـول ئاپتـوبۇسـىدا
ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى نېـمىشقىدۇر
كۆزۈمگە چوڭ سودىگەردەك كۆرۈنۈپ كەتـ
تى. ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىۋالـغان سومـكـىسى
تومپىيىپ تۇراتـتى. «ھەمـمـىسى پۇلـدەك
قىلىدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئۇ كىشى بولسا بىر
قولىدا تۇتقۇچقا ئېسىلىپ پەرۋايـى ـ پەلەك
ھالدا ئالدىغا قاراپ تۇراتتى. بىرىنتۋا بىلەن
سومكىنىڭ قورسىقىنى ياراي دېـيـىشـىمـگە
ئاللىقانداق كۈچلۈك بىر قول بېغىـشـىمـنى
ئامبۇردەك قىسىۋالـدى. يـۈرىكىم «قارت»
قىلىپ قالدى، بىرىنتۋانى دەرھـال تاشلـ
ۋەتتىم. ئەمما قولۇمنى تۇتۇۋالغان كىشـىگە
بۇرۇلۇپ قاراشتىن قورقۇپ ھەيكەلدەك قېـ
تىپ قالدىم. ئۇنىڭ مېنى تىلـلاپ ـ ئۇرۇپ
شەرمەندە قىلىشىنى ئۆلۈم قورقۇنچىسى بارا۔
ۋەردە كۈتۈپ تۇراتتىم. بىراق ئۇ نۆۋەتـ
تىكى بېكەتكە يېقىنلاشقاندا خۇددى ئاپتوـ
بۇسقا بىللە چىققان ھەمراھىمدەك:
ــ جۇرۇڭ، مۇشۇ يەردە چۈشەيلى، ــ
دېدى ۋە قولۇمنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى.
ئۇنىڭ ساقچى ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم.
ساقچىلار جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشكەن
كىشىگە ئۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيدۇ.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا سـۆزسىز
ئەمەل قىلىپ ئارقىسىدىن ئىشىككە يېقىنلاشـ
تىم ۋە شۇ چاغدىلا ئۇنى ئوچۇق كۆردۈم.
ئۇ ئېگىز بويلۇق ۋە تەمبەل كىشى ئىدى،
مۆلچەرىمچە 35 بىلەن 40 ياش ئارىلىقىدا
بارىدى. بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، سول قېـ
شىنىڭ ئۈچىدىكى يۇقىرىدىن پەسكە چۈشكەن
ئازراق تاتۇقـى كۆزگە ئېنىـق كـۆرۈنـۈپ
تۇراتتى. ئىشكتىن قىستىلىپ چۈشۈۋاتـقاندا
قولۇمنى قويۇۋېتىۋىدى، پەسكە چـۈشـۈپـلا
تىكىۋېتىشنى كۆڭـلۈمـگە پـۈكتـۈم. بىراق
يەرگە قەدەم ئېلىشىمغا ئۇ يەنە بىلىكىمدىن
تۇتۇۋالدى.
ــ قورقـماڭ ۋە غـەۋغا كـۆتـۈرۈپ
ئەخمەقلىق قىلماڭ! ــ دېدى ئۇ پەس ئاـ
ۋازدا، ــ مەن سىزگە ھېـچقانداق يامانـلىق
قىلمايمەن. جـۈرۈڭ، قولايـراق بىر يەرنى
تېپىپ ئوبدان پاراڭلىشايلى.
ئەتىگەن سائەت 10 ئەتـراپـىدىكى
ۋاقىت بولغاچقا، ئاشخانىلاردا خېـرىـدارلار
يوق دېيەرلىك ئىـدى. بىز خېـلى چـوڭ
ئاشخانىلاردىن بىرىگە كىرىپ بۇلۇڭـدىكى
ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇۋالـ
غاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پاراڭغا چۈشۈپ
كەتتۇق. ھەر ئېھتىمالغا قارشى مەن ئىسمىم
بىلەن تۇرار جايىمنى يالغان تونۇشتۇردۇم.
ئۇمۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشـلىق مەزگىلـىنى
ئاساسەن يانچۇقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن.
نەچچە قېتىم دۈمبالىنىپتۇ، ساقچىنىڭ قولىغا
چۈشۈپتۇ. ئاخىرىدا ھەتتا تۈرمىدىمۇ يېتىپ
چىقىپتۇ. يۈزىدىكى تاتۇقـمۇ ئەنە شۇ ئىشـ
تىن قالغان يالداما ئىكەن.
ــ ئىنىم، ــ دېدى ئۇ سۆزىـنىڭ ئاـ
خىرىدا، ــ ئۆمرۈمنىڭ ئون يىلـىغا يېـقىـن
ۋاقتى تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش
مەيدانىدا ئۆتتى. پەقەت شۇ يەردىلا ئۆزۈمـ
نىڭ قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇپ يەتتىم. سىزگە دېسەم، ئوغرى ـ يانچۇقچى دېگەننى ھەتتا تۈرمىدىكى باشقا جىنايەتچىلەرمۇ يامان كۆرىدىكەن ... سىز مەن ماڭغان يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپسىز، ئەمدى قالغان يېرىمى ئۈچۈن تەلەي سىناپ كۆرمەي، دەرھال ئارقىڭىزغا قايتىڭ. يانچۇقچىلىقنى تاشلاپ، بىرەر ھالال ئىش بىلەن شۇغۇللىنىڭ.

بىر ھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتتىم. شۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ سەل چۆچۈپ قالغانىدىم. ھازىر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى. كۆز ئالدىمدا ساقچىلارنىڭ سۈرلۈك چىرايى، قورقۇنچلۇق تۈرمە ئۆيلىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئايان بولغاندەك بولدى. قۇلاق تۈۋىمدە ھېلىقى ئايالنىڭ: «شۇ بەستىڭ بىلەن يانچۇقچىلىق قىلغۇچە ئۆلۈۋالساڭچۇ!» دېگەن سۆزى قايتا ئاڭلاندى.

شۇ كۈنى كەچكىچە خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان كىشىدەك خامۇش يۈردۈم. كەچتە كىنوخانا ئالدىدا تۇرسام كەسپداشلىرىمدىن بىرى يېنىمغا كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— سەمەر قولغا چۈشۈپ قاپتۇ.

بۇرۇن مۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىسام كۈلۈپلا قوياتتىم. چۈنكى بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزنى پاش قىلمايدىغان ئەھدىنامىمىز بار ئىدى. بىراق ھازىر يۈرىكىم خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك جىغىلداپ كەتتى.

— ھوي، چىرايىڭ بەكلا تاتىرىپ كەتتىغۇ، — دېدى كەسپدىشىم ھەيران بولۇپ، — خاتىرجەم بول، چاتاق چىقمايدۇ. سەمەرنى ساقچىلار تۇرماق، جىن ـ شاياتۇنمۇ راست سۆزلىتەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچنى يوقىتالمىدى. كىنو كۆرۈشتىن ۋاز كېچىپ كىچىك ماگىزىنغا كىردىم ـ دە، پۇكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ 200 گرام ھاراقنى ئىككى كۆتۈرۈشتە تۈگەتتىم. ۋۇجۇدۇم ئوتتەك قىزىدى، تېزلا كەيىپ بولدۇم. ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈمگە قانداق يېتىپ كېلىپ، قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنى تۈزۈك ئاڭقىرالمايمەن. كېچىدە چۈش كۆرۈپ ئويغاندىم.

چۈشۈمدە ئانامنى كۆردۈم. مەن تىكەن ـ چاتقاللار بىلەن تولغان ئەگرى ـ توقاي يولدا كېتىۋاتقۇدەكمەن. بىردىنلا ئۇڭ تەرىپىمدە ئانامنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك:

— بالام، ئۇ يول خەتەرلىك، تېز ئارقاڭغا قايت!

بۇرۇلۇپ قارىسام، ئانام بىر قەبرىستانلىق ئىچىدە تۇرغۇدەك.

— بالام، سەن مېنىمۇ، مېنىڭ ئالدىمدا بەرگەن ۋەدەڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭ. مەن ھەمىشەم سېنىڭ غېمىڭنى يېدىم. ئاخىرى بولماي بۆگۈن گۆرۈمدىن چىقىپ، سېنى ساقلاپ تۇرغانىدىم. بالام، نېمىشقا مېنى گۆرۈمدە تىنچ ياتقۇزمايسەن!؟

مەن بار ئاۋازىم بىلەن:

— ئانا! — دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم.

شۇندىن كېيىن ئۇخلىيالمىدىم، پەقەت ئانامنىلا ئويلاپ چىقتىم. تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە چامادانىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتىم ـ دە، ئۇدۇل قاتناش بېكىتىگە باردىم. شۇ كۈنكى ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ، يۇرتۇمغا راۋان بولدۇم.

سىلىنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممىكىن، لېكىن ئەمدى ئاز قالدى.

قولۇم ـ قوشنىلار مېنى بۇرۇنقىدەكلا گۇمان ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن كۈتۈۋېلىشتى.

«ئايلىنىپ، ئايلىنىپ يەنە كەپتۇ بۇ ئوغرى»، «كېيىملىرىگە قاراڭلا، يانچۇقچىلىق بىلەن خېلى بېيىۋالغان ئوخشايدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى چالا - پۇلا ئاڭلاپ تۇردۇم. «ئۆزۈم قىلغان گۇناغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ئۇلاردىن رەنجىشكە ھەققىم يوق ئىدى. سۆزلەپ - سۆزلەپ تىنچىپ قېلىشار، دەپ ئويلىدىم - دە، قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردىم.

ھارۋا بىلەن مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىپ ئاتا كەسىپىمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. بۇ ئىش قوشنىلارنى ھەيران قالدۇردى. كونىلەرنىڭ ئۆتنۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى ئۆچمەنلىك ئورنىنى سەل - پەل ھېسداشلىق ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم.

بىر بازار كۈنى ئۆزۈم، شاپتۇللارنى بۇرۇنلا سېتىپ تۈگەتتىم. ئاندىن تاماق يېيىشكە ماڭدىم. مال بازىرىنىڭ يېنىدا بىر توپ ئادەملەر بىر يەرگە توپلىشىۋالغانىكەن، مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قىزىقىپ توپقا قىستۇرۇلۇپ كىردىم. 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر كىشى كۆز - ياشلىرىنى سۈرتكەچ سۆزلەۋېتىپتۇ:

— چىلانباغلىق دېھقانمەن. ئېتىم ھوشۇر، قىشلىق كېيىم - كېچەك ۋە ئوتۇن - ياغاچنىڭ پۇلىنى قىلارمەن دەپ بىر كالامنى ئەتىيازدىن بېرى بوردىغانىدىم. بايا بازاردا 600 كويغا ساتقان، مال بازىرىدىن چىققۇچە پۇللىرىمنى يانچۇقچى ئېلىۋاپتۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ئاھ، دەردىم، باللىرىم يېلىڭ كېيىم بىلەن قىش قورۇنى قانداق ئۆتكۈزەر؟ ھەي، نائىنساپ ئوغرى، مەندەك بىر نامرات دېھقاننى بۇلىغان شۇ قوللىرىڭ قۇرۇپ كەتەر، ئىلاھىم!

كىشىلەر دېھقاندىن ئۇنى - بۇنى سورىدى، ئۇمۇ ھېچبىر ئېرىنمەستىن تەپسىلىي جاۋاب بېرىپ چىقتى.

ئانامنىڭ سۆزلەپ بېرىشى بويىچە دادامنىڭ چىرايىنى غۇۋا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيتتىم. قىزىق ئىش: شۇ تاپتا ئالدىمدا تۇرغان بۇ بەختسىز ئادەم نېمىشقىدۇر ماڭا دادامغا ئوخشاپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى، كەڭ پېشانىسى، قويۇق قاشلىرى، قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى ئانامنىڭ دەپ بەرگەنلىرىگە زەپمۇ ئوخشايتتى. شۇڭا بۇ ئادەم كۆڭلۈمگە بەكمۇ يېقىن تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاندىن بىردىنلا خىجىللىقتىن يۈزۈمنىڭ قىزارغانلىقى ئۆزۈمگە سېزىلدى. «ئېھتىمال، مەنمۇ تالاي قېتىم مۇشۇنداق بىچارە ئادەملەرگە زىيان سالغاندىمەن» دېگەن ئوي ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا كۆڭلۈمگە: «بۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى تېپىپ بېرىپ گۇنايىمنى يۇياي» دېگەن خىيال ئورناشتى.

شەھەردىكى كونا يانچۇقچىلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتىم، يېڭىلىرىنىمۇ شۇلار ئارقىلىق تاپقىلى بولاتتى. مەن ئاستا توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم - دە، كوچا بويلاپ ماڭدىم.

دېھقاننىڭ پۇلىنى ئېلىۋالغان يانچۇقچىنى خېلى ئوڭاي تاپتىم، بىراق پۇلىنى قايتۇرغۇزۇش ئاسان بولمىدى. ئاۋۋال چىرايلىقچە سۆزلەشتىم، ئاخىرى كۈچ ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئاغزى بۇرنىمىز قانىدى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭدىن دېھقاننىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالدىم.

يۈزۈمنى يۇيۇپ، كېيىملىرىمنى يۆتكەپ چىلانباغقا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ، گۇگۇم چۈشكەنىدى. لېكىن

uyghurkitap.com

چىلانباغ ماڭا بۇرۇندىنلا تونۇشلۇق ۋە شەھەرگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەرگە يېتىپ باردىم، باشقىلاردىن سوراپ ھوشۇراخۇننىڭ ئۆيىنىمۇ ئوڭايلا تاپتىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ئۈچ بالا بىلەن ئۇلارنىڭ ئانىسى ئېسەدەپ يىغلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلارنى تېزرەك غەمدىن خالاس قىلاي دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ساقچى دەپ تونۇشتۇرۇپ، يانچۇقىمدىن 600 كوي پۇلنى چىقىرىپ ھوشۇراخۇنغا ئۇزاتتىم.

ئۇلار دەسلەپتە مۇنداق ئۇشتۇمتۇت سادىر بولغان خۇشاللىقتىن گاڭگىراپ قېلىپ بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى، بىر ئازدىن كېيىن ھوشۇراخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا ھەممىسى بىردىنلا ئېسىگە كېلىشىپ ماڭا ئولاشتى. مېنى خىزىرغا ئوخشىتىپ ماختاپ كېتىشتى.

ئادەم بىر قايغۇدىن، بىر خۇشاللىقتىن يىغلايدىكەن، باياتىن ئۇلار قايغۇ ـ ھەسرەتتىن يىغلاشقانىدى، ئەمدى بولسا خۇشاللىقتىن ياش تۆكۈشتى. مېنىڭمۇ كىرپىكلىرىم نەملەندى. بۇمۇ خۇشاللىق يېشى ئىدى، ئادەملەرنى خۇشال قىلالىغانلىقىمدىن شادلىنىپ يىغلىغانىدىم...

دېھقاننىڭ ئۆيىدىن قايتقان چېغىمدا ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ۋە كېچە جىمجىتلىقىغا چۆككەنىدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم يوپيورۇق ئىدى، خۇشال ـ خۇراملىق قايناپ تېشىپ تۇراتتى. مەن ئازادە يولدا ئالدىرىماي قەدەم تاشلىغاچ بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتتىم.

بىراق، ئۆيۈمگە بارىدىغان كوچىغا قايرىلىشىمغا بۇرجەكتىن ئىككى ساقچى چىقىپ ئالدىمنى توستى. ئەڭ قورققان ئىشنىڭ ئاخىرى يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندىم. تۇرمۇش دېگەندە ھەرقانداق ئىشنىڭ ھېسابى بولماي قالمايدىكەن. يانچۇقچىلىقتىن راستىنلا ئادا ـ جۇدا بولغاندىم، سوراقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغۇممۇ يوق ئىدى. ئۆتمۈشۈمنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمىسە، مەنمۇ ياخشى ئادەم بولۇپ ياشاۋەرسەم، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق، مانا ئاخىرى سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلدىم.

دەسلەپتە ھېلىقى يانچۇقچى ئۆچمەنلىك قىلىپ تۆھمەت چاپلىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىۋىدىم، بىراق كېيىن بىلدىمكى، مېنىڭ توغرامدىكى ماتېرىياللار ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ. بۇنىڭدىن ھېلىقى سەمەرنىڭمۇ راست سۆزلەشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندىم.

شۇنداق، سىلىگە ئېيتقان ئىشلارنى سوراقچىلارغىمۇ تولۇق ئېيتىپ بەردىم. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى سوراقچىلارغا مەلۇم ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇلار ھەققىدە ئېغىز ئاچمىسام، ئۇلارمۇ بىلمەيتتى. ئەمما ئۆتمۈشۈم بىلەن پاك ـ پاكىز خوشلىشىپ يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشقا نىيەت قىلغانكەنمەن، يامان ئىشلىرىمنى يەنە يوشۇرۇپ نېمە قىلاي! ئۇلارنى ئۆزۈم خالاپ قىلغانىكەنمەن، جازاسىنى تارتسامىمۇ ئۇۋالچىلىق بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن گېپىم تۈگىدى، كۆڭلۈممۇ خېلى بوشاپ قالدى. ۋاقىتلىرىنى ئەپ قويدۇم، ئەپۇ قىلارلا.

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن



# كۆز يېشىدا يۇيۇلغان خەت

جاپپار قاسىم

(ھېكايە)

«ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بويى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك، خەلقنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىمۇ ئۇنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بىردىنبىر ئۆلچەم — ئۇنىڭ ئەقلىي كامالىتى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىدۇر.»

— ۋ. گيۇگو

كۈن يىللىق باھاردا ئۇزۇن، قەھرىتان قىشتا قىسقا بولغاندەك، ئىنسان ئۆمرىمۇ تۇرمۇش شاد - خۇرام ئۆتسە ئۇزىرايدىغان، كۆڭۈلسىز ئۆتسە قىسقىراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنداق دېيىشىم، ئايالىمنىڭ ھەپتىدىن بۇيان ئۆيىمىزگە كېلىۋاتقان پەتچىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىمگە كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتى مېنىڭ ئۆمرۈمنى بىرنەچچە يىل قىسقارتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ئايالىم گەرچە ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل، ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھمان كۈتۈش جەھەتلەردە بىرقەدەر پىششىق ئايال ئىدى. 20 يىلدىن بۇيان ئۇ مېھمان تۇرماق، ماڭا بىرەر قېتىم قاپاق تۈرگەن ئەمەس. لېكىن ئۆز يۇرتىمىزغا يۆتكىلىپ كەلگەن بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ تاغ ھاۋاسىدەك ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالغانلىقى مېنى كۈتۈلمىگەن دەككە - دۈككىچىلىككە سېلىپ قويدى. بىزنى كەپتۇ، دەپ ئۆيگە تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ بەزىلەرگە يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدەك قىزغىن بولسا، بەزىلەرگە تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سىركىسىنىڭ سۇ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، نازۇك كۆڭلىنى ئاياپ، گەپ - سۆز قىلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يول ئازابى - گۆر ئازابى» دەپ، بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇ خېلىلا چارچىغانىدى. مانا، بۈگۈنمۇ بۇندىن ئون يىل بۇرۇنقى خىزمەتداشلاردىن نەچچىسى پەتلەپ كىرىپ قالدى. ئايالىم بۇ مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى بەكمۇ تونۇپ كەتمەيتتى. مەن لاپپىدە ئايالىمنىڭ قاپىقىغا قارىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى باھار ئاسمىنىدەك سۈزۈكلىشىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كۈتۈلمىگەن قىزغىنلىق بىلەن چىقتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى ـ دە، مېھمانلارنى سارايغا باشلىدىم. ئايالىم ھەش ـ پەش دېگۈچە جوزىنى تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ چاي تارتتى. ئارقىدىنلا ئوخشىتىپ بىرنەچچە خىل سەي قورۇپ ئەكىردى. نېملا دېگەنبىلەن شەھەر كۆرگەن ئايال ـ دە، مەن ئالمان ـ تالمان ھاراق ـ پىۋىلارنى ئېلىپ، ساھىبخانلىقنى باشلىۋەتتىم.

بىز ئۈچ بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ، تۆتىنچىسىنى تىكلەپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، مېنىڭ قولۇم بوش بولمىغاچقا، ئايالىم يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، كىمنىڭدۇر:

— ياخشىمۇسىز؟ ھاردۇقلار چىقىپ قاپتىمۇ؟ — دېگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئايالىم مېھماننى باشلىمايلا تاقىلداپ ماڭغان پېتى ئۇتتۇر ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا كىرگۈچىنىڭ:

— ئالا كۈچۈكلەر كېپقالغانمۇ نېمە؟! — دېگىنى ئاڭلاندى. مەن دەككە ـ دۈككە ۋە تەئەججۈپ ئىلكىدە كارىدورغا چىقسام ھامۇت ھىجىيىپ، پۇتىنى سۈرتۈۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئىشلارنى ئېغىر ئالمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، خىجىللىق ئىچىدە ئۇنى سارايغا باشلىدىم. بىز قىسقىلا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن مەن ھامۇتقا چاي ئەكىرىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. ئايالىمنىڭ بايىقى خۇش خۇي تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ئەكسىچە قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. مەن بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى بۇ غەلىتە، تېز ئۆزگىرىشتىن، ئايالىم بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالمىغاندۇ؟! دېگەن ئەندىشە ئىچىدە قالدىم. نېملا بولمىسۇن، بۇ سەن ـ پەن دېيىشىدىغان چاغ ئەمەس. مەن چاندۇرماستىن ھامۇتقا ئۆزۈم چاي ئەكىردىم. ئەسلىدە سورۇنىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك كېتىۋاتاتتى. ھامۇتنىڭ كېلىشى بىلەنلا سورۇن كەيپىياتى بۇزۇلدى. شۇنچە چاندۇرماسلىققا تىرىشساممۇ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىم قولاشمايتتى، ھاراق قۇيۇۋېتىپ پات ـ پاتلا ئېزىپ قالاتتىم.

مەن مېھمانلارنى مەست ۋە يالغۇز ئۇزىتىپ قويدۇم. مەن ھاراقتىن كۆرە، ئۆيدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشتىن، ئوچۇقراق ئېيتسام، ئايالىمنىڭ قاپىقىدىن كەيىپ بولغان ئىدىم. مەن ھەپتىدىن بۇيان ئايالىمدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولماقتا ئىدىم. يېڭى توي قىلغان مەزگىللەر بولسىغۇ بىر گەپ، لېكىن بالىلار ئېگەككە تاقاشقاندا نېرى تۇر، بېرى تۇر دېيىشىش تولىمۇ ئېغىر كېلىدىكەن. مەن پۈتۈن دەردىمنى ھاراق بىلەن باسماقچى بولۇپ، ئىستاكانغا بېلىق كۆزى قىلىپ ھاراق قۇيدۇم ـ دە، كۆتۈردۈم، توساتتىن بىر قول ئىستاكاننى تۇتۇۋالدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ياشقا تولغان ئايالىمنى كۆردۈم. مەن خاۋاتىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتۇم ـ دە، يېنىمدىكى كىرېسلوغا ئولتۇرغۇزدۇم.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىر يېرىڭ ئاغرامدۇ؟

— ...

— بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆزۈڭمۇ قىينىلىپ كەتتىڭ، بىزمۇ چىۋىن يەۋالغاندەك يۈرۈۋاتىمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن سىپايىلىق بىلەن، — مىجەزىڭ بولمىسا، دوختۇرغا بېرىپ باقساق بولمامسىدى...

— راست! — دېدى ئايالىم بىر پەستىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ماڭا بۇرۇلۇپ، — بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۆزۈمنىمۇ، سىلەرنىمۇ قىينىۋەتتىم... نېمىشقىدۇر يازغۇچى، شائىر دېگەنلەرنى كۆرسەملا تۈكلىرىم تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپلا، ئۆزلىرىنى كۆرمىسە، ئۇلارغا ئارىلاشمىسا بولىدىكەن...

ئايالىمنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى. ئايالىم ئىككىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدۇق. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمنى ئىزچىل قوللايتتى. كېيىن مەن داشۆگە كەتتىم. ئۇ دادىسىنىڭ كېسەللىكى سەۋەبىدىن داشۆگە بارالماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ يازغانلىرىمنى قويماي ئوقۇپ، ئۆز پىكرىنى خەت ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇراتتى. بىز توي قىلغاندىن كېيىنمۇ مېنىڭ يېزىقچىلىق ئىشىمغا شارائىت يارىتىش، ئەسەرلىرىمنى ئاققا كۆچۈرۈش ئۇنىڭ سۆيۈپ قىلىدىغان ئىشى بولۇپ قالدى. ئەجەبا بۈگۈن...

— بىلمەن، — دېدى ئايالىم بىر ئازدىن كېيىن نېمىندۇر سەزگەندەك، — «ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىقىراپتۇ» دېگەندەك، سىزمۇ يازغۇچى بولغاچقا، بايىقى گەپلىرىم كۆڭلىڭىزگە كەلگەندۇ، بىراق، سىز ئۇلارغا ئوخشىمايسىز. سىزغۇ تۈپتۈز كەتكەن ئادەم، كۆپ ئىشلار بىلەن كارىڭىز يوق. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىغا زادىلا چىدىيالمىدىم... سىز ھېلىقى ژۇرنالنىڭ باشلىقى بولغان چېغىڭىزدا ئۇلار سىزگە قانداق يېقىنچىلىق قىلاتتى، كېيىن، گېزىت-ژۇرنال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەندە قانداق قىلدى؟ مانا بۈگۈن ئۆز يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېلىپ نەشرىياتنىڭ باشلىقى بولۇۋېدىڭىز قانداق قىلىۋاتىدۇ؟... سىز مۇشۇلارنى سەزدىڭىزمۇ، ئويلىدىڭىزمۇ؟ مەن بۇلارنىڭ چاكىنا قىلىقلىرىدىن بەكمۇ سەسكەندىم...

ئايالىمنىڭ بايىقى تۇرقى بارا-بارا ئۆزگىرىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۈشتۈمتۇت قۇياش چاقنىغاندەك، شەھلا كۆزلىرى يېنىپ، كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرى سەھەردىكى شەبنەمدەك يالتىراپ كەتتى. ئايالىمنىڭ سۆزى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. راست، بىزنىڭ تالاي كىشىلىرىمىز مۇشۇنداق ناچار ئىللەتلەرنىڭ قۇربانى بولغان ئەمەسمىدى؟! مەن ھەقىقەتەن ئېرەنسىز، ئۇنتۇلغاق ئىدىم. ئايالىمنىڭ گەپلىرىدىن كېيىن مەن بەزى ئىشلارنى غۇۋا ئەسكە ئالدىم:

مەن ئىلگىرى «يانار تاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى ئىدىم. ئاپتورلىرىمىزمۇ خېلى بار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن بېرىش-كېلىشىم قويۇق ئىدى. كۆنلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىردە، مەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ گېزىت-ژۇرنال بۆلۈمىگە يۆتكەلدىم. يۆتكىلىش بۇيرۇقى چۈشۈپ ئەتىسىدىن باشلاپلا مېنى بىر كۈنلۈك يەردىن كۆرسە ۋېلىسىپىتتىن چۈشىدىغان، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ 32 چىشىنى تولۇق كۆرسىتىپ ھىجىيىپ سالام بېرىدىغان «كەسپداش» لىرىم كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئۆيىمىزگە ئۈزۈلمەي كېلىدىغان «ئاياغ» لار تارتىلدى، ھەپتىدە بىر-ئىككى قېتىم تېنىمىنىڭ سالامەت، ئەسەرلىرىمنىڭ كارامەت بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرۈلىدىغان قەدەھلەر ئازايدى. ئەينى چاغدا، ئايالىم ئىككىمىز بۇنداق غەلىتە ئۆزگىرىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدۇق. شۇڭا، ئايالىم بىر كۈنى: ئاغىنىلىرىڭىز كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار بىزدىن رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ. بايا ھامۇت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. بىزدىن رەنجىگەن يېرى بولسا خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزۈپ، ھەممىسىدىن ئەپۇ سوراپ، سەۋەنلىكىمىزنى بويىنىمىزغا ئالايلى، «توپىنى ئۆرلەتكەن يەل، باتۇرنى ئۆرلەتكەن ئەل» دەپ، بىز شۇلار بىلەن ئادەم، — دېدى، مەن رازى بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ ئايالىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شەنبە كەچكە توغرىلاپ خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزدۇق. 40 كىشىگە باغاق يازدىم. بۇنىڭ 20 سى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە باشقا ساھەدىكىلەر، قالغىنى يېزىقچىلىق ساھەسىدىكىلەر ئىدى. باغاقنى بىر كۈن بۇرۇن ئۆزۈم مۇكىدەك قاتراپ يۈرۈپ قولمۇ قول دېگۈدەك تارقاتتىم. ئەتىسى ئاران 23 ئادەم كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىقچىلىق ساھەسىدىن ھامۇت قاتارلىق بەشلا كىشى بار ئىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن خوشلىشىش چېيىمىز يامان ئەمەس بولدى. ھاراق ھەممەيلەننىڭ دىل قۇلۇپلىرىنى ئاچقان ئىدى. ئارىلىقتا ئاغىنەم ھامۇت مەردانىلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ: كۆچىدىغان چاغدا يۈك-تاقنى تېڭىشقا قەلەمكەشلەر مەسئۇل بولىمىز، ھېلىغۇ بىر ماشىنا يۈككەن، ئون ماشىنا يۈك بولسىمۇ بىز بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش چېيى ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار تارقاشتى.

يولداشلارنىڭ خوشلىشىش چېيىدىكى سەمىمىي مەسلىھەتلىرى، مەردانە ۋەدىلىرى ئىككىمىزنى ئىچ-ئىچىمىزدىن خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. بىز ئەنە شۇ خۇشاللىق ئىچىدە يۈك-تاق تاڭىدىغان كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇق.

ئاخىرى بۇ كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. بىز ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىشنى باشلىۋەتتۇق. ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ھېلىقى كۈنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ ۋەدە بەرگەن ھامۇت قارىسىنىمۇ كۆرسىتىپ قويمىدى.

بىز ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە ۋە باشقا ساھەدىكىلەرنىڭ ئاق يول تىلەشلىرى ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز ماكانىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقتۇق. ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، «داغدۇغىلىق» ئۇزاتماقچى بولغان ھامۇت قاتارلىق قەلەمكەشلەر بىلەن خوشلىشالماي ئارمان بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

بىز يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارغاندىن

كېيىنمۇ، ئەر-ئايال ئىككىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ۋە ئارامىمىزنى بۇزغان بۇ ئىشلار ئۈستىدە كۆپ ئويلاندۇق. بىز ھەمىشە ئۆزىمىزگە: بىز نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزدۇق؟ دېگەن سوئالنى قوياتتۇق-يۇ، بۇ تېپىشماقنى يېشىپ، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمايتتۇق. كېيىن مەن بىرقەدەر قويۇق ئارىلاشقان ئاغىنىلەرگە مۇشۇ ھەقتە خەت يازدىم. ھامۇت خەت يازمىدى. باشقا بىرنەچچە يولداشنىڭ خېتىدىن ھامۇتنىڭ خوشلىشىش چېيىدىكى مەسلىھەتنى ئاپتورلارغا يەتكۈزمىگەنلىكىنى، بەزى سورۇنلاردا «ئۇ ئەمدى باشقا ساھەنىڭ ئادىمى، بىزگە پايدىسى تەگمەيدۇ» دەپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ھەر نېمىدېگەن بىلەن «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەندەك، بىر-بىرىمىزگە ئازراق بولسىمۇ ئەقىدىمىز بار ئىدى-دە؟!

«خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىلىڭ قىلالماپتۇ» دېگەندەك، خىزمەت ئېھتىياجى، خىزمەت تەقسىماتىمۇ قىزىق بولىدىكەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ قاقشىغىنى، خۇشال بولغىنى، كىملەرنى قارشى ئېلىپ، كىملەرنى قارشى ئالمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپمۇ ئولتۇرمايدىكەن. ئالتە يىلدىن كېيىن، تەشۋىقات بۆلۈمى مېنى مەلۇم بىر چوڭ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىدى. مەن ئىشقا چۈشۈپ بىر ئاي ئۆتمەيلا ھامۇتتىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

«سالام كۆڭلى دەريا ئاغىنەم، چىن يۈرەك سالىمىمنى رەپىقىڭىز ۋە قارا كۆزلەرگە يەتكۈزۈشنى سىزگە ھاۋالە قىلىمەن. دوستۇم ئابدۇللا، ئەرزىمەس گەپلىرىمنى باشلاشتىن ئىلگىرى سىزنى يېڭى ئورنىڭىز، يېڭى ۋەزىپىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن! سىز پەۋقۇلئاددە تالانتىڭىز، ئۆتكۈر قەلىمىڭىز بىلەن بۇرۇنلا شۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئىدىڭىز، ئەلۋەتتە. ئۇلار سىزنى ئەرزىمەس ئورۇنلاردا ئىشلىتىپ، زېھنىڭىزنى چېچىۋەتتى، ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلدى، مەن سىزنىڭ قولىڭىزدىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلار كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاداش، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، سىزدىن مىڭ مەرتىۋە ئەپۇ سورايمەن! ئىشەنسىڭىز، مەن ھازىر بۇ خەتنى قەلەم تۇتۇپ ئەمەس، قىزىتىلغان چوكا تۆمۈرنى تۇتۇپ يېزىۋاتقاندەك قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن.

سىز مېڭىش ۋاقتىدا ئىنتايىن سەت ئىش قىلدىم. كەچتە سىزنىڭكىدىن كەلسەم، ئۆيدىكىلەر ئاپامنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا ناھىيىگە مېڭىپ كەتتىم. خوشلىشىش چېيىدا ئۈستۈمگە ئالغان ئىشلارنى باشقىلارغا ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم...»

ھامۇتنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتىمۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن يىراقلاشمايتتى. مەن ئايالىمغا خەتلەرنى كۆرسەتمەيلا: يولداشلاردىن خەت كەپتۇ، سالام ئېيتىپتۇ دېۋىدىم، ئايالىم سوغلا: ژۇرنال قولىڭىزغا كەلدى-دە دەپ قويدى. مەن بۇ ئىككى پارچە خەتنى خاتىرە دەپتىرىمنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. ھەر نېمىدېگەن بىلەن مەن ئەر كىشى، بۇنچىلىك ئىشلارنى سىڭدۈرۈپ كېتەلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامۇت ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك تۈگۈلگىنى يوق. بۇ پەقەت بىرنەچچە پارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈنلا قىلمىغاتقان چاكىنىلىق بولۇپ، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنىڭ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى زەئىپلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى، خالاس.

ئەيتاۋۇر، ھۆكۈمەت مېنىڭ خىزمەت ۋەزىپەمگە توختىماي ئايلىنىپ-يۆتكىلىپ تۇرىدىغان غالىتەك ئورنىتىپ قويىغاندەك، مەن يەنە بىر يىلدىن كېيىن، باسما زاۋۇتقا چۈشۈپ بىر يىل تۇردۇم. كېيىن يەنە ئەسلى ئورنۇمغا يېنىپ كەلدىم. بىر كۈنى مەن زاۋۇتقا كەتكەندە مېنىڭ ئورنۇمدا باش مۇھەررىرلىكنى ئىشلەپ قالغان نادىر گەپتىن-گەپ چىقىپ:

— ئابدۇللام! ئۆزئارا نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى بىلمىگەن ئادەملەرنى قانداق چۈشىنىسىز؟ — دېدى. مەن گەپنىڭ تېگى-تەكتىگە چۈشەنمەي تۇرۇپ قالدىم.

— ماۋۇ خەتلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ! — دېدى نادىر تارتمىسىدىن بىر توپ خەتنى ئالغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ. مەن تېڭىرقاش ئىچىدە خەتلەرنى ئېلىپ، كونۇپېرتقا كۆز يۈگۈرتتۈم. خەتلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھېلىقى كەسىپداشلىرىمدىن نادىرنىڭ نامىغا كەلگەنىدى.

— نورمال ئەھۋال، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدىممەن خەتلەرنى نادىرغا ئۇزاتقاچ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز ئەل-ئاغىنە، سىزگە يازسا، ماڭا يازغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ...

بۇ گەپلەر ئېغىزىمدىن مۇنداقلا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، كۆڭلۈم بىر خىل غەشلىككە تولدى.

— ئۇغۇ شۇنداق! — دېدى نادىر ژۇرنال سېپىلغان يەنە بىر ئۇزۇنچاق كونۇپېرتنى ئېلىپ، — ئىككىمىز يېقىن ئاغىنىلەر بولغاچقا، مەن سىزگە مۇھىم بىر سىرنى دېيەيچى. دېمىسەم ئاغىنىدارچىلىقتا خىيانەت قىلغان بولىمەن. ئەمما، مەقسىتىم ئاراڭلارغا تىكەن بولۇش، ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ئوتۇن كۆتۈرۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى، گۆلزارلىقىمىزدا «چاقىقاق ئوت» نىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش...

مەن نادىر سۇنغان كونۇپېرت ئىچىدىكى ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلىدىم، ئىچىدىن ئۈچ بەتلىك خەت بىلەن ھامۇتىنىڭ تۆت سۇكلۇق سۈرىتى چىقتى، مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ھۆرمەتلىك نادىرجان، سەممىمىي سالامىمنى قوبۇل قىلغايسىز، سىزنىڭ كۆكتىكى چولپاندەك مەشھۇر نامىڭىز ئاللىبۇرۇنلا كەمىنىڭىزنىڭ دىلىغا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن. مەن ھەر قېتىم سىزنىڭ چاقناپ تۇرغان شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇغىنىمدا گويا رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تولغان باغقا كىرىپ قالغاندەك ھۇزۇرلىنىپ يايراپ كېتىمەن. سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ نەمۇنىسى، بايرىقى.

نادىرجان، مەن ئابدۇللانىڭ يۆتكەلگەنلىكى، ژۇرنالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان سىزنىڭ باش مۇھەررىر بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ چەكسىز خۇشال بولدۇم. مەن ‹يانار تاغ› ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شەھىرىمىزدىكى ئاپتورلارغا ۋەكالىتەن سىزنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئابدۇللا ئەسلىدىلا ئۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ساھەنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بىر

مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان
چوڭ ژۇرنال....

ئۆتكەندە ئۈچ ـ تۆت پارچە خەت يې ـ
زىپ، تەرجىمىھالىڭىز بىلەن ئىككى سۈگلۈق
سۈرىتىڭىزنى سورىۋىدىم، ھازىرغىچىلىك
ئەۋەتەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، گېزىتتىكى
سىز تونۇشتۇرۇلغان ماقالىنى تېپىپ ژۇر ـ
نىلىمىزغا كۆچۈرۈپ باستۇق.

يېقىدا يازغان داستانىڭىزدىن بىرنى ئە ـ
ۋەتتىم. ئۆزىڭىز كۆرۈپ باقارسىز، ئەل ـ
ئاغىنە بولۇپ قالايلى...»

ھامۇتنىڭ خېتى مېنى ئويغا سېلىپ
قويدى. ۋىجدان، غۇرۇر دېسە تاغنى ئۆ ـ
رۈۋەتكۈدەك گەپ قىلىدىغان ھامۇت نېمە
بولدى؟!... ئاھ، ئىنسان، مەرۋايىتتەك ئاق
تۇغۇلسەنۇ، يەر يۈزىدىكى جىمى نەرسى ـ
لەرنى ئۆزۈڭگە يۇقتۇرىسەن، ۋىجدان
سۈپۈرگىسى قەلب ئېتىزىڭنى تازىلاپ تۇر ـ
مىسا، ئىپلاس نەرسىلەرنىڭ قۇربانى بولى ـ
سەن... تىۋساتتىن كاللامغا بىر ئوي كەل ـ
دى ـ دە، گويا چىگىش خىياللارنىڭ قۇ ـ
لۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ تېپىۋالغاندەك،
ئالمان ـ تالمان ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاغىنەم
نادىرنى ئۆيگە باشلىدىم.

بىز چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن،
مەن خاتىرە دەپتىرىمنىڭ ئىچىدىن ھامۇت ـ
نىڭ ھېلىقى خېتىنى ئېلىپ نادىرنىڭ ئال ـ
دىغا قويدۇم، نادىر خەتنى ئوقۇۋېتىپ:

ـــ نومۇسسىز! ـــ دېدى ـ دە، جوزىغا
پاققىدە ئۇرغان پېتى ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ كەتتى، ـــ ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ نېمى ـ
گە ئېرىشمەكچى ـ ھە؟! ـــ نادىر ئۆي ئىچى ـ
دە توختىماي مېڭىپ قايناپ سۆزلەپ كەت ـ
تى، ـــ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ژۇرنال چىقىرىش.
ئۆگۈت بولمىسا، توگىمەن چۆگىلىمەيدۇ. بۇ
كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋات.
شۇنداق ئىكەن، ھامۇتقا ئوخشاشلار پەس ـ
كەش ۋاسىتىلەرنى قوللانمىسۇن، يارىغان
ئەسەرلىرىنى ئىشلىتىمىزغۇ، ژۇرنال ھامۇتقا
ئوخشاش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن
چىقىدۇغۇ... ئۇ يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق قى ـ
لىدۇ؟! نورمال مۇناسىۋەتنى نېمىشقا بىل ـ
مەيدۇ؟! بىز ھازىرغىچىلىك مۇشۇنداق خەت ـ
لەرنى يېزىپ، بىر ـ بىرىمىزنى يامانلاپ نې ـ
مە تاپتۇق؟! بۇنىڭ پايدىسى نېمە
بولدى؟!

ـــ بولدى، قويۇڭ! ـــ دېدىم مەن ئۇ ـ
نى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ـــ بۇنداق ناچار
ئادەتلەر يالغۇز ھامۇتتىلا ئەمەس، خېلى ـ
خېلىمىزدا بار. شۇڭا، بىر نۆۋەت چوڭقۇر ـ
راق كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بې ـ
رىلمىسا، بۇ خىل روھىي زەئىپلىكنى تۈ ـ
گەتكىلى بولمايدۇ. ئىقرار قىلىش كېرەك ـ
كى، بىزنىڭمۇ ئاتىنىڭ بالىنى دۇمبالىشى،
تىللىشىغا يول قويۇپ، بالىنىڭ ئاتىغا ئېغىز
ئېچىشىغا يول قويمىغان تەرەپلىرىمىز بار.
مەسىلەن، ئايرىم ئاپتورلىرىمىز قەلەمكەش ـ
لەرنىڭ تىنىتاك تومۇرىغا ـــ ئۇلاردىكى روھىي
زەئىپلىككە تېگىدىغان بەزى ئەسەرلەرنى
يازسا، بىز ئۇنى ئۆزىمىزگە ئېلىۋېلىپ با ـ
سۇرۇپ قويدۇق. قەلەمكەشلەرنى، جۈملىدىن
ئۆزىمىزنى تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن
ساق، دەپ قارىدۇق. بۇنىڭ بىلەن قەلەم ـ
كەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق
كىتابخانلارنى تەربىيىلەشكىلا ئېسىلىۋېلىش،
قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلىشى ـ
گە، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەسەر يېزىشقا
سەل قاراش كېلىپ چىقتى، قەلەمكەشلەر
ئۆز ساھەسىدىكى توگىمەس خام ماتېرىيال ـ
لارنى قايرىپ قويۇپ، يېزا، زاۋۇت ـ كان ـ
لارغا چاپتى، تۇرمۇش ئۆگەندى،
ۋەھاكازالار.

بىز شۇ تەرىقىدە بىرەر سائەتتەك
پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.

ـــ بۇنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەر ـ
لىرىنىڭ بېسىلغىنىنى ئەمدى
كۆرەي... ھۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان، ـــ

uyghurkitap.com



نادىر شۇنداق دېدى-دە، ئۇتقىنىمغىمۇ ئۇنىماي چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئىشخانىغا كىرسەم، نادىر بىزنىڭكىدىن چىقىپلا زاۋۇتقا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەسەرلەر ئىچىدىن ھامۇتنىڭ شېئىرلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى كىرگۈزۈپتۇ. مەن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ:

— ئاداش، بىزدە «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن گەپ بار، ھامۇتنىڭ قىلىقى بولمىغان بىلەن ئەسەرلىرى بولاتتى. بۇنداق قىلساق قوشۇنىمىزدىن بىر يولدىشىمىز چۈشۈپ قالىدۇ، — دېدىم.

— كۆكتە قانات قاققاننىڭ ھەممىسى شۇڭقار بولمايدۇ — دېدى نادىر ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەن بۈگۈن گۈلزارلىقىمىزدا ئۈندەرەپ چىقىپ قالغان «چاققاق ئوت» نى يۇلۇپ تاشلايمەن، دەۋاتىمەن. گۈزەل ئەسەرلەرنى قەلبى گۈزەل ئادەملەرلا يازالايدۇ. بۇ ئەتىرگۈلنىڭ خۇش پۇرىقى، چاققاقنىڭ زەھىرى بولغاندەكلا ئىش... ئەتىرگۈلگۇ ئۆزىنىڭ ئىپاردەك ھىدى بىلەن كىشىلەرنى خۇش قىلسۇن، چاققاق ئوتچۇ؟!

— سەئىدىنىڭ «تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، سوغۇق سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى» دېگەن سۆزى بار، ھەر ھالدا سوغۇق قان بولايلى!

— سەئىدىنىڭ مۇنداقمۇ سۆزى بار، — دېدى نادىر نارازى بولغان ھالدا، — «ياخشىغا ياخشى بول، يامانغا يامان، گۈلگە گۈل بولغىنۇ، تىكەنگە تىكەن»...

نادىر ئىككىمىز خېلى دېيىشتۇق، لېكىن نادىرنىڭ گەپ يەيدىغان تۈرى يوق. ئۇ شېئىرلارغا مەسئۇل بولغاچقا، بەزى جەھەتلەردە ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلمايمۇ بولمايتتى. شۇ ئەسنادا تەشۋىقات بۆلۈمىدىن «ئىككىڭلارنىڭ بىرىڭلار دەرھال يىغىنغا كېلىڭلار» دەپ تېلېفون كەلدى. مەن بۆلۈمنىڭ جىددىي ئىشى بىلەن بارالمايدىغان بولغاچقا، نادىر قاتنىشىدىغان بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھامۇتنىڭ چىقىرىۋېتىلگەن شېئىرلىرىنى تاپتىم-دە، مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ ئورنىغا كىرگۈزۈپ، مۇندەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ، زاۋۇتقا ماڭغۇزۇۋەتتىم.

كېيىن، ژۇرنالنىڭ كوررېكتور نۇسخىسى كەلگەندە، نادىر قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ مىجەزى چۇس بولغان بىلەن ئاق كۆڭۈل زىيالىي بولغاچقا، مېنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قايىل بولدى

بۇ ئىشلارنى قايتا ئەسلەپ چىقتىم. ئايالىم بۇ مۇناسىۋەت كومېدىيىسىنىڭ نۇرغۇن كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرمىگەن ئىدى. مەن ئايالىمغا بۇ ئىشلارنى بىلدۈرمەسلىكىم، ئۇنىڭ ھامۇتقا، جۈملىدىن قەلەمكەشلەرگە بولغان قارىشىنى ياخشىلىشىم كېرەك. شۇڭا، مەن نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ، ھامۇتنىڭ ماڭا يازغان ھېلىقى خېتىنى ئېسىمگە ئالدىم-دە، خەتنى ئېلىپ ئايالىمغا سۇندۇم. ئايالىم خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن:

— نېمىشقا ۋاقتىدا كۆرسەتمىدىڭىز؟ مەن ئۇنى خاتا ئەيىبلىگەن ئوخشايمەن...— دېدى پۇشايمان قىلغاندەك.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدىم مەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشقا ئالدىراپ، — ئۇلاردىمۇ بار، لېكىن، قەلەمكەشلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياخشى. شۇ چاغدا، خەتتە ئېيتىلغاندەك ھەر خىل سەۋەبلەر بولغان. بۇنى توغرا چۈشەنمىسەك بولمايدۇ.

ناۋات چايدا، مۇز يازدا ئېرىگەندەك، مېنىڭ بىر توقاي گەپلىرىمدىن كېيىن، ئايالىم يۇمشاپ، ئۇنىڭ باھاردەك يېشىلىق چېھرى ئەسلىگە كەلدى.

مەن مەقسەتسىزلا ھامۇتنىڭ نادىرغا

ۋە ماڭا يازغان خېتىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدۇم. ئەتىسى كەچتە ئايالىم بىلەن قولتۇقلىشىپ هامۇتلارنىڭكىگە ماڭدۇق. ئۇ بىزنى ئالايىتەن چاقىرىپ كەلگەنىدى.

ئۇلار بىزدىن بۆلەك هېچكىمنى چاقىرمىغانىكەن، بىز تازا كۆڭۈللۈك مېهمان بولدۇق. هامۇت ئىككىمىز يۈرىكىمىز چىلاشقۇچە ئىچىشتۇق. ئايالىرىمىز چۆچۈرە تۈگۈشكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ تىلىمىز چىقىشقا باشلىدى. هامۇت مېنى بىردەم «ساز قىلغان» دىن كېيىن، مەن باشلىق بولۇپ كەلگەن نەشرىياتتا ئىككى توپلامنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى بېسىلماي ياتقانلىقىنى، يېقىندا قايتۇرۇپ ئالغانلىقىنى، ئەمدى ماڭا ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، توپلاملىرىنى ئالدىمغا قويدى. ئۇ ئوك يانىپاشقا چىققانىدى. «گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما» دېگەندەك، مەن بۇ «ئەدەبىيات سودىگىرى» دىن گەپ ئاياپ ئولتۇرمايلا:

ــ بولىدۇ، بىراق، سودىگەرچىلىكنى ئۇنتۇمىغىنىڭىز بىلەن توپلام نەشرىدىن چىقسا، مېنى ئۇنتۇپ قالارسىزمىكىن؟! ــ دېدىم.

ــ ئۇنداق بولامدىغان ... سىز ... سىزنى ئۇنتۇش ... سىزنى ئۇنتۇساق قانداق بولىدۇ؟! ــ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ. ئۆزۈمنىڭمۇ مۇشۇ ھەقتە هامۇتقا تۆت ئېغىز گەپ قىلىش ئويۇم بولغاچقا:

ــ مېنىڭچە، سىز بىرەر ئەسىرىڭىز ئۈچۈن، مېنىڭ ئورنۇم، هوقۇقۇم بىلەن دوست بولماڭ، دوست بولسىڭىز ئۆزۈم بىلەن ھەقىقىي، سەمىمىي دوست بولۇڭ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ دوستلۇقنى چاكىنىلاشتۇرۇشقا ھەققى يوق. بىرەر ئەسەر ئۈچۈن ۋىجدانىڭىزنى، نامىڭىزنى بۇلغىماڭ، كىشىلەر بىلەن نورمال ئۆتۈشنى ئۆگىنىڭ، سىزنىڭ مۇشۇ جەھەتلەردە كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىڭىز بار! ــ دېدىم.

ــ ئىللا ـ بىللا، ئالدىمىزدا نان تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ــ دېدى ئۇ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، ئۇنىڭ بۇ خىل يالغانچىلىقى هاراقتىن قىزىپ تۇرغان كاللامنى تېخىمۇ قىزىتىپ قويدى، مەن ئاخىرى بولالماي:

ــ «يالغان گەپ قىلىدىغان دوستتىن، راست گەپ قىلىدىغان دۈشمەن ياخشى» ــ دەپ گېپىمنى باشلىدىم ـ دە، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ماڭا ۋە نادىرغا يازغان خېتىنى ئېچىپ ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئادەم ـ دە... ئۇ دەسلەپ قىزاردى، كېيىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يار ئېلىپ كەتكەن دەريا سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئالدىدىكى ئىككى پارچە خەتنى يۇيۇپ ئوقۇغۇسىز هالەتكە كەلتۈردى، ئۇ مېنىڭ بوينۇمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا يۈرەكتىن چىققان ھەقىقىي ئادەم بولۇش يىغىسىمۇ ياكى يالغان يىغىمۇ؟ دەرھال بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما ئىنسانلار ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئۆز ئۆمرىدە تالاي مۆدۈرۈلۈپ، تالاي يىغلايدۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

قۇربان ئېلى

# «ياشلىق» ۋە باشلىق

(ھېكايە)

سايىمجاننىڭ رادىئو ئۇزېلىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە توشمايلا، ئابدۇللا قاتارلىق ئىككى تەھرىرنى يۆتكىۋېتىش توغرىسىدا كادىرلار ئىدارىسىگە بىرقانچە قېتىم بارغانلىقى، كىشىلەر ئىچىدە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. ئۈچىنچى ھەپتىسى دىكتور ئازادەمنىمۇ يۆتكىۋەتكۈدەك، دېگەن گەپلەر تارقالدى.

— يولداش سايىمجان، — دېدى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھاجى خاپا بولغان ھالدا، — ئابدۇللا شۇ كەسپتە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ئىقتىدارلىق خادىم، ئۇنى يۆتكىۋېتىپ ئورنىغا كىمنى قويماقچىسىز؟

— مۇخبىرلاردىن بىرنى قويىمەن، يېتىشمىگەن يېرىگە ئۆزۈم بار، — دېدى سايىمجان پەرۋاسىز ھالدا.

— دىكتورلۇقچۇ؟ — سورىدى ھاجى.

سايىمجان بۇ قېتىم تەمتىرەپ قالدى.

— رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئابدۇللا بىلەن ئازادەمدەك ئىقتىدارلىق خادىملار كېرەك. ئۇلارنى يۆتكەش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشتا سىز توغرا قىلمايۋاتىسىز.

— ھاجىكاجاڭ، — دېدى سايىمجان يالۋۇرغان ئاھاڭدا، — بۇ قېتىم ئىككىمىز بىللە ئۆستۈرۈلدۇق. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلار مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشىمدىن قەدەمدە بىر چاتاق چىقىرىۋاتسا، مەن قانداق ئىشلەيمەن؟ ئۆزىڭىز بولسىڭىزمۇ قوللاپ قويىسىڭىز...

— مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قوللىغاچقا ئۇلارنى يۆتكىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەۋاتىمەن. سىز ھازىر ئىشلەۋاتقان خىزمىتىڭىزنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئانچە تونۇشمايسىز. سىز ئاۋۋال بۇ خىزمەت بىلەن ئوبدان تونۇشۇڭ، يولداشلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىڭ، ئۇلار بىلەن ئوبدان سىردىشىڭ، ئۇلارنى ياخشى تەشكىللەڭ، شۇ چاغدىلا ئۇلار سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئوبدان ياردەملىشىدۇ، خىزمەتلىرىڭىز يۈرۈشىدۇ.

— سىز دېگەندەك قىلدىم، ھەتتا سىردىشىش زىياپىتىمۇ بەردىم، يەنىلا ئوخشاش. ئاشۇ بىرنەچچە ئادەم ئىدارىدىلا بولىدىكەن، مەن ئىشلىيەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

سايىمجان چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا يالغۇز قالغان ھاجى دېرىزىدىن سىرتقا تىكىلىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان سايىمجانغا قاراپ ئۆتكەن يىلقى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى:

كۆز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ھاجى

بىر ئىش بىلەن ئابدۇللانى ئىزدەپ، ئۇنىڭ
ئىشخانىسىغا باردى. ئابدۇللانىڭ ئىش ئۈستىلى
ئۈستىدە تەھرىرلىنىپ بولغان يەتتە-سەككىز
پارچە ماقالە رەتلىك تىزىلىپ قويۇلغان
ئىدى. ئابدۇللانىڭ قولىدا خەتلىرى ئىمىر-
چىمىر يېزىلغان بىر پارچە شېئىر تۇراتتى.
كۆرۈشۈشتىن كېيىن ھاجى ئابدۇللانىڭ
قولىدىن شېئىرنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلى-
دى. «ياشلىق» دېگەن بۇ شېئىرنىڭ ئاس-
تىغا سايىمجان دەپ يېزىلغانىدى. شېئىر
ئاپتورىنىڭ خېتى خۇددى چۈمۈلىنىڭ ئىزى-
دەكلا سەت ئىدى. شېئىردىكى پىكىرلەر
ناھايىتى چۇۋالچاق، سۆزلەر تاقىقا-تۇقۇقا
ئىدى. ئۇنى شېئىر دېگەندىن كۆرە ياشلىق
توغرىسىدىكى قاملاشمىغان گەپلەر تىزمىسى
ياكى ياشلىقنى ئۇلۇغلايدىغان بىر توقاي
قۇرۇق سۆز-ئىبارىلەرنىڭ يىغىندىسى دې-
گەن تۈزۈك ئىدى. ھەربىر مىسرانىڭ ئاستىغا
ئىنچىكە قىزىل قەلەم بىلەن تۈزىتىش كىر-
گۈزۈلگەن بولۇپ، تۈزىتىلگەن يېڭى نۇس-
خا ئالاھىدە شېئىرغا ئوخشىغانىدى.

ھاجى شېئىر يازالمىغىنى بىلەن ياخ-
شى يېزىلغان شېئىرلاردىن ئوبدانلا لەز-
زەتلىنەلەيتتى. ئۇ ئابدۇللانىڭ تۈزىتىپ
چىققانلىرىنى ئوقۇپ، ئابدۇللانىڭ تەھرىر-
لىكتە ئوبدانلا پىشىپ قالغانلىقىغا قول
قويدى ...

ھاجىنىڭ ئابدۇللا توغرىسىدىكى ئەس-
لەشلىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دېرىزىدىن
ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان مەيدانىنىڭ ئۇ تە-
رىپىدىكى ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىدىن تەزىم
بىلەن يېنىپ چىقىۋاتقان سايىمجان كۆرۈن-
دى. مانا، تۈنۈگۈنكى «ياشلىق» شېئىرىنىڭ
ئاپتورى سايىمجان بۈگۈن ئابدۇللادەك
ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ
قىلىدىغان «باشلىق». تۈنۈگۈنكى ئۆزىنىڭ
شېئىرلىرىنى تەھرىرلەپ رادىئو ۋە گې-
زىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشقا قان-تەر
سىڭدۈرگۈچى ئابدۇللا بولسا بۈگۈن ئۆز
تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى سايىمجاندەك
باشلىقتىن كۈتۈۋاتقان پۇقرا...

ھاجى ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە ئىش-
خانا دېرىزىسىنى يېپىۋەتتى-دە، ئۇياق-
بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سايىمجان-
نىڭ خوتۇنى ئەزۋەيلەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— مېنىڭ ئاۋازىمچۇ، سىلەرنىڭ ھې-
لىقى، ھە، پىكتورمۇ، دىكتورمىدى، ۋات-
ۋات ئازادەم دېگىنىڭلارنىڭكىنى بېسىپ چۈش-
مىسە قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن.
«باشلىق بولغانىنىڭ ئەتىسىلا سېنى شۇ ئى-
دارىمگە يۆتكىۋالىمەن» دېگىنىڭىز قېنى؟
ئەمدى نېمىشقا بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تى-
قىپ جىم يۈرىسىز؟

— ھەي خوتۇن، ئۆتكەنكىدەك كىچىك-
كىنە ئېلانىنىمۇ ئوڭلاپ توغرا ئاڭلىتالمى-
ساڭ، كىنونىڭ ئىسمىنىمۇ خاتا ئېلان قىلىپ
يۈرسەڭ، قانداقمۇ سېنى ئالدىراپلا دىكتور-
لۇققا سايە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئالدىرىماي
تۇرمامسەن.

— ئات تاپقىچە ئېشەك مىنى دەپتى-
كەن، ئۇنداق كارخانا ئورنىدا ئىشلەپ جان-
دىن جاق تويدۇم. دىكتورلۇق تەككىچە
ئامبارچىلىق قىلىپ تۇرسامۇ بولىدۇغۇ،
سىزچۇ، ئاغزىڭىزدا شەھەر ئالسىز، قولىڭىز-
دىن كېلىدىغىنى تايىنلىق...

تويۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئوتتۇز
ياشلاردىكى رەتلىك كېيىنگەن بىر ئايال
قوڭغۇراقتەك زىل ھەم جاراڭلىق ئاۋازدا
سالام بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— كېلىڭ ئازادەم، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى سايىمجان كىرگەن ئايالنى سافاغا تەكلىپ قىلىپ.

— مەن ئالدىرايمەن زىنجاڭ، — دېدى ئازادەم «زىنجاڭ» سۆزىگە ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئەتە ئەتىگەنلىك ئاڭلىتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ماقالىلىرى ياخشى تەھرىرلەنمەپتۇ، — ئۇ قولىدىكى ئىككى بەتلىك ماقالىنى سايىمجانغا كۆرسەتتى، — بۇ يەرگە ئىككى قېتىم پىلان قىلىنسۇن، دەپ يېزىپ قويۇپلا. ماقالىنىڭ «ئەتىيازلىق كۆچەت قويۇش ئۈچۈن ...» دېگەن ماۋزۇسى ئەسلىدە توغرا ئىكەن. سىلە «كۆچەپ» كە ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇننى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويۇپلا...

ئازادەم يەنە بىرقانچە جاينى كۆرسىتەي دەپ تۇرۇۋېدى، سايىمجان تاقەت قىلالماي ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇ قانداق ئىش، بىرەرسىڭلار قەلەم تەگكۈزۈپ قويغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ئۇ خۇددى قىزىق تۆمۈرگە دەسسەۋالغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىۋېتىپ.

— پۇچۇركا ئۆزلىرىنىڭ تۇرسا، بۇنى يەنە كىمدىن كۆرەتتىلە؟ — دېدى ئازادەم.

— بۇنچىلىك تەرەپلەرنى ئۆزىڭىز تۈزىتىپ ئوقۇۋەرسىڭىز بولمامتى؟ — دېدى سايىمجان ئاچچىق بىلەن، — تەھرىرلەۋاتقان ۋاقتىمدا بىرقانچىسى ئىشخانامغا كىرىۋېلىپ ئۇنى ـ بۇنى سوراۋەردى، يەنە دېسەم يەنە دەيدۇ، شۇلارنىڭ كاساپىتى ـ دە.

— ئۆزلىرىگە كۆرسىتىپ قويماي تۈزىتىپ ئوقۇۋېرەي دېسەم، ئەتە باشلىقلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «بىزنىڭ دىكتور مەندىن ھوقۇق تالاشتى» دەپ ئەرز قىلىشلىرىدىن قورقۇپ قالدىم.

— ياقەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىكەنسىز، بولدى، بۇگەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، مەن قايتا ئىشلەپ بېرەي، — دېدى سايىمجان ئۇڭايسىز ھالەتتە.

— زەنجاڭ! ئاڭلىسام بىرنەچچىمىزنى يۆتكىۋەتمەكچىكەنلا، راستمۇ؟ — سورىدى ئازادەم.

— ياق، ياق، ئۇنداق گەپ يوق، كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دېدى سايىمجان كېكەچلەپ.

— كىملىكىنى ئۆزلىرىدىن سوراپ باقسىلا. شۇنى بىلىپ قويسىلىكى، بىز بۇ كەسىپتە ئۇزۇن يىل ئىشلىدۇق، ئىشىمىز جاپالىق بولسىمۇ ۋايسىغىنىمىز يوق. ئۆزلىرىچە بىزنى يۆتكىۋېتىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولمىسىلا، مېنىڭ ئورنۇمغا دىكتور بولماقچى بولۇپ باش تاراپ يۈرگەنلەرمۇ بىھۇدە ئاۋارە بولمىسۇن، جۇمۇ باشلىق!

ئازادەم «باشلىق» سۆزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىپلا، سايىمجاننىڭ خوتۇنغا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— ئازادەم، ھوي ئازادەم!

سايىمجان پۇكانىدەك قىزارغىنىچە گۆشلۈك يۈزلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئايالنىڭ مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئاچچىق تاپا ـ تەنە، كەمسىتىشلىرى ئىچىدە ئازادەمنىڭ مەسخىرە ئارىلاش ئېيتقان «باشلىق» سۆزىنى تەكرارلىغىنىچە يېنىلى چىققان توپىدەك بوشىشىپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

هۆرنىسا تۇردى

# ئۇ نېمە ئۈچۈن يالغان كۈلدۇ

(ھېكايە)

— نەبى، ھوي نەبى!

بىرسىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. بىر ماشىنىدا سەپەرداش بولۇپ كەلگەن تىجارەتچى ياش يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىز بوي، سالاپەتلىك بىر كىشى بار ئىدى.

— بۇ كىشى سىزنى ئىزدەيدىكەن،— دېدى يىگىت بوي تۇرقى كېلىشكەن، زىغىررەڭ شىلەپە ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھېلىقى ناتونۇش كىشىنى كۆرسىتىپ.

— ئىسمىم نەسىردىن،— دېدى ئۇ سالام-سائەتتىن كېيىن،— سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقىۋېدىم.

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، سومكامنى ئېلىپ، بېكەت ئىچىگە قاراپ ماڭدى. مەن سەل ئەجەبلىنىپ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

«بۇ كىشى كىمدۇ؟ مېنىڭ بۈگۈن يېتىپ كېلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ يولغا چىقتىم، دەپ بىرەرسىگە خەۋەر بەرمىگەن ئىدىمغۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كۆچۈرۈپ بولغىچە بېكەت دەرۋازىسى يېنىدا تۇرغان بىر جىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدۇق. نەسىردىنكام ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قېنى، چىقايلى،— دېدى.

ماشىنا بېكەت دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ گەپ باشلىدى:

— سىزنىڭ يولغا چىققانلىقىڭىزدىن بۈگۈن ئەتىگەن خەۋەر تاپتىم.

— قانداق بىلدىڭىز؟— سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— باش ئورگانغا بىر ئىش توغرىلىق تېلېفون قىلغانتىم، ئۇلار سىزنىڭ بۈرناكۈن يولغا چىققانلىقىڭىزنى ئېيتتى،— دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،— بىز ئەمدى خىزمەتداش بولۇپ قالىمىز.

ھايال ئۆتمەي بىز تۆمۈر رىشاتكىلىق چوڭ دەرۋازىدىن كىردۇق. ماشىنا قورۇ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندا نەسىردىنكام ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆركەم ئۈچ قەۋەتلىك بىنانى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ:

— بۇ ئىدارىمىزنىڭ خىزمەت بىناسى،— دېدى.

ماشىنا شەرق تەرەپتىكى بىر بىنانىڭ

ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ بىنانىڭ كۆرۈنۈشىدىنلا ئائىلىلىكلەر بىناسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ سول تەرەپتىكى ئۆيگە كىردۇق. ئۆيدە تۈزۈك سەرەمجان يوق ئىدى. ئۈچ ئېغىزلىق بۇ ئۆينىڭ بىرسىدە بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل ۋە بىرنەچچە ئورۇندۇق تۇراتتى. ئۈستەلدە ئۇنئالغۇ ۋە بىر چايدان بار ئىدى. دېرىزە تەكچىسىدە بىرقانچە كىتاب-ژۇرناللار، تاشقىرقى ئۆيدە بىر ۋېلىسىپىت تۇراتتى.

— مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ، ئائىلىنى تېخىچە كۆچۈرۈپ كەلمىدىم. هازىرچە ئىككىمىز هەمراه بولۇشۇپ يېتىپ تۇرايلى، سىزگە ماۋۇ ئۆينى راسلاپ قويدۇم،— دېدى نەسىردىنكام خۇش خۇيلۇق بىلەن ياندىكى ئۆينى كۆرسىتىپ.

نەسىردىنكامنىڭ خۇش خۇي، ئوچۇق-يورۇق مىجەزى ماڭا يېقىپ قالدى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن خانىغا ئورۇنلاشتىم.

— نەسىردىنكا، سىز قايسى بۆلۈمدە ئىشلەيسىز؟ — سورىدىم مەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ.

— مۇدىرىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلەيمەن.

— سىزمۇ بۇ شىركەتكە يېڭى كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— كەلگىنىمگە سەككىز ئاي بوپقالدى.

«سەككىز ئايدىن بېرى ئائىلىسىنى نېمىشقا كۆچۈرۈپ كەلمىگەندۇ؟» دېگەن ئوي چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى. ئەمما هه دېگەندىلا سوراشنى ئەپ كۆرمىدىم.

شۇندىن باشلاپ نەسىردىنكام بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىدۇق. ئۇنىڭ بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىكەنلىكىنى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن بىلدىم. ئۇ ئادەتتە تولىمۇ كىچىك پېئىل ئىدى، مىجەز-خۇلقىدىمۇ قىلچە ئەمەلدارلىق كېبىرسى يوق ئىدى. ئەمما خىزمەتتە ئۆز ۋەزىپىسىگە پۇختا، ئەستايىدىل ۋە سەممىمىي ئىدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە نورمال ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ ئادەتتە بەزىدە خۇش چاقچاق، پاراكچى ئىدى، خۇددى ياش يىگىتلەردەك تېتىك ئىدى؛ لېكىن بەزىدە تۇرۇپلا شۈكلەپ، غەمكىن بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭغا قاراپ، دەسلەپتە «ئائىلىسىنى سېغىنسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. ئەمما، بارغانسېرى ئۇنىڭ غەيرىي-غەيرىي قىلىقلىرى چىقىپ قالدى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئېغىر دەرد-ئەلەمنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئەكس ئېتىپ قالاتتى. ئارىلاپ جىممىدە يوقاپ كېتەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئىنتايىن هارغىن، كېسەل ئازابىدا قىينالغان ئادەم سىياقىدا ئىشىكتىن كىرەتتى-دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۈن-تىنسىز يېتىپ كېتەتتى. مۇنداق كۈنلىرى كېچىلىرىمۇ پات-پات پىغانلىق ئاه ئۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان بۇ ئاهلىرى مەن ياتقان ئۆيگە ئېنىق ئاڭلىناتتى، بۇنداق چاغلاردا قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن هېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ، ئۇيقۇم قېچىپ بىئارام بولاتتىم.

ئەتىسى ئۇ يەنىلا هېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۆزىنى خۇش خۇي تۇتۇپ يۈرەتتى. ئەمما مەن ئاستىرتىن ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر هەسرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ قالاتتىم.

«نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر خاپىلىقى ياكى يۈرىكىدە ساقايماس بىر جاراهىتى بارمۇ؟» دەپ ئىچىم پۇشاتتى. سوراشقا پەقەت ئەپ-

www.uyghurkitap.com

لىك پۇرسەت كەلمەيۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى چاي ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشتۇق. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم جىلۋىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا ئاجايىپ يارىشىپ تۇرغان قاپقارا دولقۇنسىمان تەبىئىي بۇدۇر چېچى بىلەن ياپ-ياش يىگىتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىردىنلا زوقۇم كېلىپ قالدى-دە، ئۇزۇندىن بېرى سوراشقا پېتىنالماي كەلگەن گەپلەرنى سوراپباققۇم كەلدى:

— نەسىردىنكا، نەچچە بالىڭىز بار؟

ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ قېلىپ جاۋاب بەردى:

— بىرلا قىزىم بار.

— يولدىشىڭىز نېمە خىزمەتتە؟

— ئۇ خىزمەت قىلمايدۇ، ئائىلىدە.

— ئائىلىدە؟— تەكرارلىدىم ھەيران بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كەيپىمگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— سىز نەسىردىنكامنىڭ يولدىشى چوقۇم ئوقۇغان ئايال، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ ئاران باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئەزەلدىن بىرەر ئورۇندا خىزمەت ئىشلەپ باقمىغان،— ئۇ خورسىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى،— ئانام ياشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگىلىكنى باشقۇرىدىغان كىشى يوق. شۇڭا ئۇ بىچارە ئانامغا ھەم ئائىلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا ئاران يېتىشىدۇ.

ئارىنى سۈكۈت باستى. خېلىدىن كېيىن سورىدىم:

— ئايالىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئۇ يالت ئېتىپ ماڭا تىكىلدى. ئاندىن مېيىقىدا كۈلدى.

— ئۇكام، سىز ...

— كەچۈرۈڭ نەسىردىنكا، مۇنداقچە سوراپ قالدىم.

— ياخشى كۆرمىسەم ئۆي تۇتىمەنمۇ؟— دېدى ئۇ مېنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغىنىمنى سېزىپ.

— ئەمىسە شۇكەمگىچە نېمىشقا كۆچۈرۈپ كەلمىدىڭىز؟

— ئەكىلىشنىمۇ ئويلىغانتىم، بىراق، ئانام دادامدىن قالغان قەدىم جاينى تاشلاپ كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ قويغىلى تېخى بولمايدۇ. مەن دادامدىن بىر يېرىم يېشىمدا قاپتىكەنمەن، بىچارە ئانام مېنى دەپ ياش ئۆمرىنى تۇل ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمدىلىكتە مەن ئانامنى يالغۇز قويۇپ خوتۇننى ئەكىلىۋالسام بولمايدۇ-دە!

«ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن-دە. نەسىردىنكام ئۆينى كۆچۈرۈپ كېلەلمىگەچكە ئىچى پۇشۇپ ھەسرەت چېكىدىكەن» دېدىم ئىچىمدە ۋە نېمىشقىدۇر خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

* *

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. نەسىردىنكامنىڭ مىجەزىدىكى نورمالسىز ھالەتلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇ ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى-دە، پۈتۈن كۈن كۆرۈنمىدى. نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ كەچ قايتىپ كەل-

دى. ئەمما ئىنتايىن ھارغىن ۋە غەمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئارتۇق گەپ خالىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، گەپ قىلماي بىر پىيالە چاينى ئەكىرىپ سۇندۇم. ئۇ چىنىنى قولۇمدىن ئېلىۋېتىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ:

— رەھمەت ئۇكام،— دېدى.

شۇ كۈنى ئۇ كېچىچە ئاھ ئۇرۇپ چىقتى، ھېلىدىن-ھېلىغا تاماكا چېكەتتى. قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئويغانسام نەسرىدىنكام ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ كۈنى يەكشەنبە بولغانلىقتىن، ئالدىرىماي ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۇيۇنۇپ بولۇپ ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا، نەسرىدىنكام تۆت ياشلاردىكى بىر قىزچاقنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قىز كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئوماق ئىدى، كىيگەن كىيىملىرى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. مەن گەپ قىلغىچە نەسرىدىنكام قىزغا ئېگىلىپ:

— قىزىم، سىز بۇ ئاكاش بىلەن ئويناپ تۇرۇڭ، مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ھازىرلا كېلىمەن،— دېدى ۋە ماڭا قاراپ باش ئىرغىتىپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

قىزچاق ماڭا سەل يېتىرقىغان نەزەردە مۇلايىم قارىغىنىچە جايىدىن قىمىرلىماي تۇرۇۋەردى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىدىن تۇتتۇم.

— كېلىڭ، مەيەرگە ئولتۇرۇڭ،— مەن قىزچاقنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستەلدىكى تەخسىدىن بىر تال ئالما ئېلىپ سۇندۇم.

— ئالما يەمسىز؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە كەمپۈت يەمسىز؟

— يېمەيمەن. ئۆزىڭىز يەڭ،— دېدى ئۇ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— مەي ھابا.

— پاھ، مەرھابا. تازىمۇ چىرايلىق ئىسمىڭىز بار ئىكەن. كىم بىلەن كەلدىڭىز؟

— نەسىيدىن دادام بىلەن كەلدىم.

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ھاۋاگۈل.

— ئاپىڭىز نېمىشقا سىز بىلەن كەلمىدى؟

— ئاپام دوختۇيخانىدا. ئاغىيىپ قالغان.

قىزچاقنىڭ جاۋابىدىن سەل ئەجەبلىنىپ قالدىم.

«دېمەك بۇ نەسرىدىنكامنىڭ قىزى ئەمەسكەن-دە، لېكىن ئۇ ھازىرغا قەدەر بۇ يەردە بىرەر تۇغقىنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغانىدىغۇ...»

ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى كەچتە بىر ياققا بېرىپ ياتاققا كەچرەك قايتىپ كەلگەنىدىم. نەسرىدىنكام ئۆزى يالغۇز كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن كىرىشىمگە تۆۋەندە بىرسى:

— نەسرىدىنكا سىزگە تېلېفون،— دەپ توۋلىدى. ئۇ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. مەن چاي ئىچمەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىلىدە تۇرغان .چايداندىن چاي قۇيغىلى كىردىم. چاينى قۇيۇۋېتىپ، ئۈستەلدە تۇرغان كىتابقا كۆزۈم چۈشتى. «قايسى كىتابكىن» دەپ قولۇمغا ئالدىم، ئۇنى شۇنداق ئېچىشىمغا كىتابقا قىستۇرۇپ قويۇلغان بىر پارچە رەسىم كۆزۈمگە چېلىقتى. بىر گۈزەل نازىنىن تەبەسسۇم بىلەن خىيالىي كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قايرىلما كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان ۋېنېرا

يۇلتۇزدەك چاقناق كۆزلىرى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدەك ئاغزى يەتتە كۈنلۈك ئايدەك ئەگىم قاپقارا قاشلىرى، مەيىن شامال يەلپۈتۈپ چېكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان دولقۇنسىمان چاچلىرى گويا قەدىمىي چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان پەرىزاتنى ئەسلىتەتتى. ئالدىغا تاشلىنىپ تۇرغان بېلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى كىشىنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. پاھ، پەرىزات بولسىمۇ شۇنچىلىك گۈزەل بولار، دەپ ئويلاپ قالدىم. رەسىمنىڭ كەينىگە «سۆيۈملۈك نەسىردىنگە تەقدىم» دەپ يېزىلغانىدى.

دېمەك، نەسىردىنكامنىڭ دەردى شۇ ئىكەن-دە! مۇنداق گۈزەل ئايالى بار ئادەم ئەلۋەتتە سېغىنىدۇ-دە. ۋاھ، نەسىردىنكا، سىز ھەقلىق ئىكەنسىز، ھېلىمۇ چىداپ يۈرۈپسىز...

دەل شۇ چاغدا يۇقىرىغا چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن ئاستاغىنە رەسىمنى جايىغا سېلىپ كىتابنى ياپتىم-دە، ياتىقىمغا چىقىپ كەتتىم.

* *

قۇربان ھېيت يېقىنلاپ قالدى، جەمى ئادەم ھېيت تەييارلىقىدا ئىدى.

نەسىردىنكام ھېيتنى ئائىلىسىگە بېرىپ ئۆتكۈزمەكچى بولدى ۋە مېنىمۇ بىللە بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بىر كۆرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى.

نەسىردىنكامنىڭ ئۆيى بۈك-باراقسان باغ-ۋارانلىق، ھاۋاسى ياخشى كۆجۈم بىر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. ماشىنا چوڭ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ساداسى بېسىلىپ بولغىچە ھويلىدىن غۇنچە بوي، قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن چىرايلىقىنە بىر چوكان ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ نەسىردىنكامنىڭ ئايالى رىزۋانگۈل ئىكەن. ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈزلىرى نەسىردىنكامنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزاردى-دە، توق ھال رەڭگە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نەسىردىنكاممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە كۈلۈمسىرىشىپ ئامانلاشتى. ئاڭغىچە ئۈچ ياشلاردا بىر قىز بالىنى يېتىلەپ سېمىز بىر موماي تېتىك قەدەم بىلەن ھويلىدىن چىقتى. نەسىردىنكام ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە ئامانلىقىنى سوراپ قىزنى قولىغا ئېلىپ سۆيدى.

ھويلىغا كىردۇق. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بولۇپ، چۆرىدەپ ئۆستۈرۈلگەن مەجنۇنتاللار ئەۋرىشىمدەك ئېگىلىپ سۇغا ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ شەرق تەرىپى چوڭ باغ بولۇپ، باغنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئۈزۈم تال باراڭلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئۆيلەرمۇ پىششىق خىشلىق، زامانغا لايىق سېلىنغان كۆتۈرمە پېشايۋانلىق ئۆيلەر ئىدى.

نەسىردىنكام ئەتىيازدا كېلىپ ئۈزۈم تاللىرىنى باراڭغا ئېلىپ بېرىپ كەتكەنچە كەلمىگەنىكەن. باغنىڭ مېۋىلىرى ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈزۈم يېشىل ياقۇتتەك يالتىراپ باراڭنىڭ بوش يېرىنى

www.uyghurkitap.com

قويماي قاپلىغان، تاللار ئېگىلىپ ئاران - ئاران كۆتۈرۈپتۇ.

مەن ھەيران قالدىم، ياشىقىنە بىر ئايالنىڭ شۇنچىلا چوڭ بىر ئىگىلىكنى باشقۇرۇپ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئاددىي ئىش ئەمەس. ئۇ ئايالنىڭ تۇرقىدىن ھېچكىم ئۇنى پىشقان دېھقان قىزى دېمەيدۇ. ئۇ خۇددى مۇشۇ باغلىق ھويلىدا يېگانە ئېچىلغان ئەتىر گۈلدەك نەپىس، خان قىزلىرىدەك نازۇ - كەرەشمىلىك، يېقىملىق بىر ئايال بولۇشىغا باقماي، چەبدەس، ساغلام ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتلىق ئايال ئىدى.

بىراق بۇ ئايال ھېلىقى مەن كۆرگەن رەسىمدىكى قىزغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. مەن ئاشۇ رەسىمدىكىنى نەسىردىنكامنىڭ ئايالى، دەپ خاتا پەرەز قىلغانىكەنمەن.

بىز ئۈچ كۈن ھېيتنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. كۈنلىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم نەسىردىنكام بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە بولدى. بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى سىلىق ۋە يېقىملىق، يېڭى تونۇشقان قىزيىگىتلەردەك ھايالىق ئىدى. ئايالى نەسىردىنكامغا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېرىگە ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن تىكىلىشى ۋە سەممىي مېھرىبانلىق بىلەن كۈتۈشىگە قاراپ، ئېرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ يېقىملىق، قىلىقلىرىمۇ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلارلىق كېلىشكەن ئايال ئىدى. نەسىردىنكاممۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇمۇ ئايالىغا ھۆرمەت بىلەن سىلىق ۋە سەممىي مۇئامىلىدە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر يەنىلا غەمكىنلىك ۋە ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى پات - پاتلا پەيدا بولۇپ قالاتتى.

بىز ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەن قايتماقچى بولدۇق. رىزۋانگۈل يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئېرىنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلاتتى. نەسىردىنكاممۇ ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن باشقىچە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئايرىلىش ھەر ئىككىسىگە ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى بولۇپمۇ رىزۋانگۈلگە ئىنتايىن تەس بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

بىز خوشلىشىپ ماڭدۇق، رىزۋانگۈلنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياش بىردىنلا فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، ئاناردەك قىزارغان مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇيالدى بولغاي ئىتتىك يېنىغا قارىۋالدى. نەسىردىنكامنىڭ چىرايىمۇ بۆلەكچە مەيۈس تۈس ئالدى.

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كېلىپ قالدى ۋە ئۇلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.

«بىچارە رىزۋانگۈل، سۆيگۈگە باغرى قانماي، ياشلىق مۇھەببەت لەززىتىدىن قانغۇدەك بەھرىمەن بولالماي ياش قەلبىنى سېغىنىش ئوتىدا پۇچۇلاپ ھەسرەت چېكىپ ئۆتىدىكەن - دە! بەلكىم، ئۇمۇ كېچىلىرى ئاھ ئۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىدىغاندۇ، بىراق، ئۇ ئېرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرار، ئېرى كىم ئۈچۈن ئاھ ئۇرىدىغاندۇ؟ ھە...ي، بىچارە رىزۋانگۈل سىزنى قانداقمۇ بەختلىك دېگىلى بولسۇن!» دېگەن ئوي لىپ قىلىپ خىيالىمدىن كەچتى.

* *

سوغۇق تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەر ئىدى. شىركىتىمىز بۇ يىلقى باھار

بايرىمنى باشقا يىللاردىكىدىن ئالاھىدىرەك كۆتۈۋالماقچى بولدى. چۈنكى، بۇ يىل شىركەت چوڭ پايدا تاپتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزمۇ ھاردۇقتىن چىققۇدەك مۇكاپات سوممىسىغا ئېرىشتۇق.

ھارپا كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىركەت بويىچە چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئولتۇرۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. يېمەك-ئىچمەكمۇ ئىنتايىن مول ئىدى.

مەن بۇ شىركەتكە كەلگەندىن بېرى نەسىردىنكامنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ خۇشال ئولتۇرغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. شۇڭلاشقا مەنمۇ خۇشاللىقىمدا ئۇنىڭغا بىرنەچچە رومكا تۇتتۇۋەتتىم. بىر چاغدا قارىسام نەسىردىنكام ئوبدانلا قىزىپ قاپتۇ. ئۆزۈممۇ تەڭشىلىپ قاپتىمەن. كاللامغا بىر ئوي كەلدى-دە، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇدەپ-بۇدەپ نەسىردىنكامنى ياتاققا ئېلىپ كەتتىم. ياتاققا كەلگەندىن كېيىن ئىككى دانە ئانارنى پارچىلاپ جوزىغا قويدۇم.

— نەسىردىنكا، ئېلىڭا، ئاچچىق-چۈچۈك ئانار كەن، بېشىڭىز سەگىپ قالىدۇ، — دېدىم. بىز بىر پەس سۆزسىز ئولتۇرۇپ ئانار يېدۇق. ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدۇم. بىرنەچچە رومكا ئىچىۋالغاندىكىن، ئېغىز قىزىپ قالىدىكەن. بۇمۇ ئەپلىك پۇرسەت بولدى. زادى ئۇنىڭ نېمە دەردى بارلىقىنى بىر بىلەي، دېدىم-دە، ئاخىر ئېغىز ئاچتىم:

— نەسىردىنكا، بىز ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ قالدۇق. سىزگە راستىمنى ئېيتسام، ئىچىم پۇشۇپ يۈرگەن بىر ئىش بار. مەن سىزنىڭ يوشۇرۇن بىر دەردىڭىزنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. مەندىن يوشۇرماڭ، ھازىرغىچە يۈرەك يارىڭىزنى قوزغاپ قويماي دەپ، سوراشقا پېتىنالمىغانىدىم، — دېدىم.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ ماڭا قىزارغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — سىز ئورۇنسىز گۇمانلاردا بولماڭ، مېنىڭ ھېچقانداق دەردىم يوق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىر ئوبدان خىزمەت ئورنۇم بار، ياخشى ئايالىم بار، ئانام ھايات، تاتلىق بىر قىزىم بار. يەنە نېمە دەرد بولسۇن مەندە؟

— ياق، نەسىردىنكا. يالغان ئېيتىۋاتىسىز، مەن ئاللىقاچان سەزگەن. بۈگۈن دەپ بەرمىسىڭىز زادى ئۇنىمايمەن، — مەنمۇ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ بىر پەس جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. بىركەمدە ماڭا قاراپ ئالدىرىماي سۆزگە كىرىشتى:

— مېنىڭ ئايالىم ياخشى ئايال. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. توي قىلغاندىن بېرى ئارىمىزدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ باقمىدى. لېكىن ... مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەرگىز قوپاللىق قىلمايمەن. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايايمەن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۇنى رەنجىتكۈم كەلمەيدۇ، — ئۇ بىر دەم پۇشۇللاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئاھ ئۇرىسىز؟

— ھەي، ئۇكا، سىز بىلمەيسىز...

— نەسىردىنكا، ئەگەر مېنى ئىنى ئورنىدا كۆرسىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىنى بىر ئېيتىڭا؟ — مەن قىستاپ تۇرۇۋالدىم.

ئۇ تاماكا چەكتى. بىر پەس بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— خەير، سىز بەكمۇ قىزىقىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالدىڭىز ئۇكام، ــ دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ــ مەن رىزۋانغا ئۇۋال قىلىۋاتىمەن، ھەقىقىي مۇھەببەت ھەرقانچە بولسىمۇ رىزۋاننىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىچىلىك بولار. ئەمما مەن... ھە...ي نېمە دېسەم بولار؟ مەن تاھازىرغىچە ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭلۈمنى بېرەلمەيۋاتىمەن، پەقەت ئىنسانىيەتچىلىك نۇقتىسىدىنلا يىللىق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىمەن دەڭا.

ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ ئاخىرى سۆزگە كەلدى:

ــ ئىنسان ئۆز ئۆمرىدە پەقەت بىرلا كىشىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بېرەلەيدىكەن. مەن كۆپ تىرىشچانلىق قىلىپ باقتىم. يەنىلا شۇ. مەن ئۆمرۈمدە بىر قىزنى ياخشى كۆرگەنىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى، روھىمنى ۋە پۈتۈن جىسمىمنى ئىگىلىگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى ئۇنتالمىدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام مېنىڭمۇ ھاياتىم ئاخىرلىشىدۇ، بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن دەپ ئويلايتتىم، ئەمما مەن ياشاۋاتىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈم ئاللىقاچان ئۆلگەن، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم زادى ئۆچمىدى...

ئۇ بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن بولۇپمۇ نەسىردىنكامدەك ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىرادىلىك ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن ئاسان ياش چىقمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ھېلىقى ئىككى ـ ئۈچ رومكا ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى يىغانى ئۆرلەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدىمۇ قانداق، ئۇ خېلىغىچە ئۆزىنى تۇختىتالمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

بۇ ھال خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ قول ياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، تاماكا تۇتاشتۇردى.

ــ مەن، ــ دەپ داۋام قىلدى ئۇ تاماكىنى قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن، ــ مالىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئاخىرقى يىلى تاسادىپىيلا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ھەمىدە بولۇپ، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيتتى. ئۇمۇ قەشقەرلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دادىسى بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىكەن. مەن ئۇنى بۇرۇن پەقەت كۆرمەپتىكەنمەن. بىر يەكشەنبە كۈنى بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇندىن كېيىن، پات-پات كۆرۈشۈپ قالىدىغان بولدۇق. بارا-بارا ئۇچرىشىشمىز قويۇقلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدەيدىغان بولدۇق. ئۇ ناھايىتى ياخشى قىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلىمىسەممۇ بولىدۇ. ماۋۇ رەسىمنىلا كۆرسىڭىز كۇپايە، ــ ئۇ شۇنداق دەپلا ئۈستەل تارتمىسىدىن ھېلىقى كۈنى مەن كۆرگەن رەسىمنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

مەن رەسىمنى ئىلگىرى كۆرگەنلىكىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قولۇمغا ئېلىپ ئۇزاق تىكىلدىم.

ــ ھەقىقەتەن دېگىنىڭىزگە ئەرزىيدىغان قىز ئىكەن، ھازىر نەدە؟ نېمىشقا بۇ قىز بىلەن توي قىلمىدىڭىز؟

ــ توختاپ تۇرۇڭ، مەن ھەممىنى دەپ بېرىمەن، ــ ئۇ مەن ئۇزاتقان رەسىمنى قولىغا ئېلىپ بىر پەس قاراپ كەتتى. ئاندىن رەسىمنى جايىغا سېلىپ قويدى.

بىز بىر - بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشەتتۇق، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مۇھەببەت رىشتىمىز بىر - بىرىمىزگە ناھايىتى چىڭ باغلانغانىدى. گۆدەك چاغلىرىمىزدا «بىرسى بىرسىگە كۆيۈپ قاپتۇ»، «ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپتۇ» دېسە، كۆيسە قانداق كۆيىدىغاندۇ، ئاشىق - مەشۇق دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ، دەيتتىم. بۇنى ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلگەندە بىلدىم. «كۆيۈش» دېگەن مەن ھەممىدەنىڭ ئىشقى ئوتىدا سەۋدايىلارچە كۆيگەندەك بولىدىكەن. ئاشىق - مەشۇقلارمۇ بىز ئىككىمىزدەك بولىدىكەن... ئاھ، ئۇ قانداق چاغلار ئىدىكىن!...

ئۇ ئۇدۇلىدىكى دېرىزىگە قارىغىنىچە خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ھەم ھەسرەت ئارىلاش تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغان تېمپېراتۇرىسى پەسكارغا چۈشۈپ، كەيپىلىكى ئاللىقاچان تارقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىدىكى چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ چىنىنى ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن، كۆزۈمگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ھەممىدەدىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز ناھىيىمىزگە تەقسىم قىلىندىم، ھەممىدەمۇ تەتىل قىلىپ ئائىلىسىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر ئىچىدە، بىزنىڭ ئۆيىمىز شەھەرگە تۇتاش يېزىدا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تەتىل توشقىچە بىز بىر ئاماللارنى قىلىپ تالاي كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزدۇق. سىزگە دېمىسەممۇ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى يۈرەك جۈپلەشكەندە كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايسىز.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئىككىمىز ۋېلىسىپىت بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۆستەڭ بويىغا باردۇق. ئىككىمىز يېقىن يانداشىپ پۈتىمىزنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق مۇڭداشتۇق. يۈرەك سۆزلىرىمىزنى دېيىشتۇق. بىر - بىرىمىزگە قاتتىق ۋەدىلەرنى بېرىشتۇق. ئەدەب يۈزىسىدىن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىمىزنى، يەنە بىر مەزگىل ئايرىلىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ قانداق يىغلاشقانلىقىمىزنى سىزگە دېمەيلا قوياي. لېكىن، ئۇكام، سىز ھەرگىز باشقىچە ئويلاپ قالماڭكى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق غەيرىي مۇناسىۋەت بولۇپ باقمىغان، — ئۇ كۆزۈمگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئۆي ئىچىدە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئاندىن كېلىپ جايىغا ئولتۇردى - دە، پىغانلىق بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— ھەممىدە كەتكەندىن كېيىن خەت ئېلىشىپ تۇردۇق. ئۇنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىنى ئارمان بىلەن تىلەيتتىم. بەزىدە «ئۈرۈمچىدە قېپقالىدىغان ئىشلار بولۇپمۇ قالارمۇ» دەپ ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم.

مېنىڭ بەختىمگە ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. بىراق، بىزنىڭ ناھىيىگە ئەمەس، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتى. ئامال قانچە؟ ئارىمىز يىراق بولمىغاندىن كېيىن، بىر ئامالى بولار دېيىشتۇق.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ۋىلايەتتە، مەن ناھىيىدە. بىز خەت ئارقىلىق، بەزىدە تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ تۇردۇق. ئۇ روزى ھېيتتا ئائىلىسىگە كەلدى. مەن ھېيت باھانىسىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ باردىم. ئەلۋەتتە ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلىماي بولامدۇ.

www.uyghurkitap.com



كېيىن ھەممىدە بىزنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلدى. مەن ئۇنى ئاناغا تونۇشتۇردۇم:

— ئانا، كەلگۈسى كېلىنىڭىز قانداق ـ راقكەن؟

— ۋاي، جېنىم ئوغلۇم، كۆزۈڭ بار ئىكەن، — دېدى ئانام. بىردىنلا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. ھەممىدە-نىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ خۇشلىشىپ ماڭغاندا ئانام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بالام، ئەگەر ئاشۇ قىزنى ماڭا كېلىنلىككە ئەكىلىپ بېرەلىگەن بولساڭ، ئىك-كى دۇنيا مەن سەندىن رازى، — دېدى.

مېنىڭ ئانام شۇنچىلىك دېگەندە، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىم-نىڭ قانچىلىك كۈچىيىدىغانلىقىنى تەسەۋ-ۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ!

ھېيتتىن كېيىن ئۇ قايتماقچى بول-دى. ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئاتا ـ ئانىلارغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆكتەبىردە تويىمىزنى ئۆتكۈزۈشكە مەسلىھەت قىلىشتۇق. ئۇ كەتتى.

ھەممىدە كەتكەندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە خەت كەلمىدى. مەن تېلېفوندا ئانامنىڭ رازىلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ «مەنمۇ ئاتا ـ ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ خەت يازدىم» دېگەندىن باشقا ھېچقانداق گەپ ـ سۆز كەلمىدى.

ئانام پات ـ پاتلا:

— ئوغلۇم، خەۋەر بارمۇ؟ قاچان ئەل-چى كىرگۈزىمىز؟ — دەيتتى.

ئانامنىڭ ئالدىدا بىر تەرەپتىن خىجىل بولسام، بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشۈپ، تۈرلۈك گۇمانلىق خىياللارغا بېرىد-لىمەن.

شۇنداق تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭدىن خەت كەلدى. خەت بۇرۇنقىدەكلا ئوتلۇق مۇھەببەت جۈملىلىرى بىلەن يېزىل-غانىدى. لېكىن «ئەلچى كىرگۈزۈشنى سەل كېيىنگە سۈرەيلى» دېگەن بىر جۈملە سۆز مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. كۆڭلۈمدە بىر خىل ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. «يارالقان ئىگەم! ھەممىدەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى-نىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن!» دەپ تىلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

كەچكۈز پەسلى ئىدى، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتەي دېسەم، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمچىلا كۆڭلۈم ئۇيۇپ قالدى. نېمە بولسا بولسۇن دەپ يامغۇرغا قارىماي ئۆيى-گە ماڭدىم.

ھويلا جىمجىت، ئانام بولسا ئۆيدە جايناماز ئۈستىدە بەئەينى بۇتتەك ئولتۇ ـ راتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاھ ئۇراتتى.

— ئانا، — دېيىشىم بىلەن تەڭ ئانام ماڭا قارىدى ـ دە، يىغلىۋەتتى.

— جېنىم بالام، «يېتىم ئوغۇل بولۇڭ-دا، ئارپا بۇغداي تولۇمدا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۆزۈڭگە لايىق قىز تاپ-ساڭ بولماسمىدى؟ نېمىدەپ ئىگىزگە ئېسى-لىۋالغانسەن؟ — ئانام يەنە ئېسەدەپ يىغ-لاشقا باشلىدى.

بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇ-يۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. يۈرىكىم ئەن-دىشىلىك سوقۇشقا باشلىدى.

— بىزدەك يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن-غا كاتتىلار بىلەن قۇدىلىشىشنى كىم قويىدى؟ بۇگۈندىن ئېتىبارەن جەننەتنىڭ ھۆر ـ پەرىسى

بولسىمۇ ئۇ قىزدىن ئۆزۈڭنى تارت!

بۇ گەپ يۈرىكىمگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى، بېشىم پىرقىراپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، قۇلاقلىرىم غۇڭۇلداپ مېڭەمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىكەنلىشىپ كەتتى. «نېمە گەپ بولدى؟» دەپ سوراشقا قۇربىم يەتمەي ئاستا ئولتۇرۇپ قالدىم.

مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرگەن ئانام بىردىنلا بېسىلىپ قالدى. ئۆي ئىچىدە ئۇزۇنغىچە نە ئانامدىن، نە مەندىن زۇۋان چىقمايتتى. بىر تال چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئاخىرى ئانام ئالدىمغا كېلىپ:

— بالام، ئاۋۋال تاماقىڭنى يەۋالغىن، ئاندىن مەن گەپ قىلىپ بېرەي، — دېدى-دە، قازانغا دۈملەپ قويغان ئىسسىق شورپىدىن ئۇسۇپ ئەكىلىپ ئالدىمغا قويدى، — قولۇم ئىشقا بارماي ئاسانراق دەپ شويلا قىلغانتىم. ئال بالام، يېگىن، خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر.

بىچارە ئانامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا تاۋاققا قول ئۇزاتتىم. لېكىن گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيتتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئانام ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

مەن كېلىشتىن ئىككى سائەتچە ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆيگە ھەمىدەنىڭ ئانىسى كېلىپ ئانامغا:

— ئوغلىڭىزغا دەپ قويۇڭ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قىنىدا يۈرسۇن. مەن ئۇنداق سولتەكلەر ئۈچۈن قىز چوڭ قىلمىدىم. يەنە كېلىپ باشقىسى ئەمەس، ھاكىمنىڭ قىزىغا چاڭ سالامدىكەن؟ مېنىڭ سىزدەك تۇل خوتۇنغا كېلىن قىلىپ بېرىدىغان قىزىم يوق! ئۇقۇپ قويۇڭ، ئۇ يەنە قىزىمنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن! — دەپلا ئالدى-كەينىگە قارىماي ماشىنىغا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئاھ، بۇ ھاقارەت، بۇ ئەلەمگە قانداق چىدىغىلى بولسۇن؟!

ئانامنىڭ مۇنداق خورلىنىشىغا مەن چىداپ تۇرالمىدىم. مەن بىر يېرىم ياش چېغىمدا دادام «ھەج قىلىپ كېلىمەن» دەپ كەتكەنچە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئانام ئاشۇ بىر پارچە زېمىننى بېسىپ قالغانچە مېنى دەپ ئۆمرىنى تۇل ئۆتكۈزۈۋەتتى.

«مۇھەببەت مېنى ساراڭ قىلىۋەتسىمۇ، ھەمىدەنىڭ ئىشقىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئانامنى ھېچكىمگە خورلاتمايمەن. ئاھ، خۇدا! مۇشۇ ئاجىز، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئانام ئۈچۈن مېنىڭ بۇ تەنتەك كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرگەيسەن، مۇھەببەتنىڭ دەردى-بالاسىدىن پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قوغدىغايسەن، ھەمىدەگە بولغان ئىشقىم ئوتىنى — ئۆزۈڭ سالغان ئوتنى ئۆزۈڭ ئۆچۈرگەيسەن» مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم-دە، ھەمىدىن ۋاز كەچتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەمىدەنىڭ يازغان خەتلىرىنى پۈتۈنلەي جاۋابسىز قالدۇردۇم. ئاخىرى ئۇمۇ خەت يېزىشىنى توختاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىياتلاندىم. ھەتتا ئەل-ئاغىنىلىرىم ياكى ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالساممۇ، ھەمىدە ھەققىدە گەپ چىقىپ قېلىش ئېھتىمالىنى بايقاپ قالساملا شۇ ھامان ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوشۇرۇن ئازاب ۋە داغ - ھەسرەتتە ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلار مېنى ئۆيلەپ قويىمىز دەپ ھەرىكەت قىلىپ باقتى. ئەمما مەن ھامان رەت قىلىپ كەلدىم. چۈنكى، قارىماققا ھەممىدە بىلەن مۇناسىۋىتىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، يۈرىكىم ھامان ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى، مۇھەببەت رىشتىم ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چىڭ باغلانغان ئىكەنكى، ئۇنى دىلىمدىن چىقىرىپ، ئۇنتۇپ كېتىشكە قۇربىم يەتمەيتتى. ماڭسام يېنىمدا، ياتسام ياستۇقىمنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ سىماسى نامايان بولۇپ، زادىلا كۆزۈمدىن كەتمەيتتى. «ياللا! ئۇنى نېمانچىمۇ شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟!» دەيتتىم ئۆزۈمگە.

ئۇ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئوشتۇمتۇت ماڭا كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت كېلىپ ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بېيجىڭغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ مەن ئۈچۈن دىلىمدىكى يوشۇرۇن دەرد ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. لېكىن قەشقەر تەۋەسىدىن يىراققا كېتىش ماڭا خۇددى ئەزىز جېنىمدىن ئايرىلىشۋاتقاندەك تۇيۇلدى. چۈنكى بۇ يەردە بولسام ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش پۇرسىتى كېلىدىغاندەك ئۈمىدۋار تۇراتتىم. مەن كەتتىم، ئەمما يەنىلا ئۇنى كۆڭلۈمدىن نېرى قىلالمىدىم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھامان ماڭا ھەمراھ ئىدى.

خەيرىيەت، ئىككى يىللىق ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدىم. كېلىپلا ناھىيىمىزنىڭ ھاكىمى ئالماشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. يا خۇشال بولغىنىمنى، يا ئەپسۇسلانغىنىمنى بىلمەيتتىم. كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈرۈپتۇ:

— ئابلىز ھاكىم ياخشى ئادەم ئىدى، ئايالىنىڭ كاساپىتىدە كەتتى.

— ھەممە چاتاق ئاشۇ خوتۇندا ئىدى. ئاتاقتا ئېرى ھاكىم بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەرنى بۇرنىدىن يېتىلەپ ئاقىۋەت ئېرىنگىمۇ قىلدى، ئۆزىنگىمۇ قىلدى. ئېرىگە ئۇقتۇرماي «ئىشىڭنى ھەل قىلدۇرۇپ بېرىمەن» دەپ ئارقا ئىشىكتىن كىرگەن پارىنى ئېلىۋەردى. ئەمدى تۆلەيدىغان ۋاقتىدا قانداق يىغلىغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— ھەممە گەپ ئابلىزنىڭ ئۆزىدە. خەلق ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ھوقۇق بەرسە، ئۇنى ئاشۇنداق خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىكىن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق جازا بەرسە ھەق...

ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىدەنىڭ دادىسىغا ئېچىندىم. ھەممىدەگە ئىچىم ئاغرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم. بىراق، ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇ خىيالدىن ۋاز كەچتىم.

«ئەگەر بۇگۈنكى كۈندە يەنىلا مۇشۇ ناھىيىدە بولغان بولسا، مېنىڭ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىمنى ئاڭلىسا نېمە دەر ئىدىكىن؟» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆتتى.

ھە دېگەندىلا بىر ئىدارىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئېلىپ كېتىش ماڭا ئاسان چۈشمىدى. چۈنكى، مەن تەجرىبىسىز - دە. خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن.

ئانام مېنى ئۆيلەيمەن دەپ ئالدىقاچان

قىز تېپىپ قويغانكەن. «كۆزۈمنىڭ تىرىكلىكىدە سېنى ئۆيلەپ قويمىسام بولمايدۇ. يالغۇزچىلىق مېنى قىيناپ قويدى. ئەمدى گېپىمگە كىرمىسەڭ، ئاپىرىپ مېنى تىرىكلا كۆمۈپ قوي» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى.

مەن ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققانىنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايتتىم، رازى بولماي ئامالىم بولمىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن رىزۋان بىلەن تويىمىز بولدى. توينىڭ ئەتىسى ھاۋاگۈل ئىسىملىك ناتونۇش بىرسىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، كېيىن ئۇقسام ھاۋاگۈل ھەمىدەنىڭ ھەدىسى ئىكەن. ھاۋاگۈل شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم ۋە ئەڭ مېھرىبان سىڭلىم ئورنىدا ماڭا مۇڭداش بولۇپ كەلمەكتە...

بۇ گەپ بىلەن مەن شۇ ھامان ھېلىقى كىچىك قىزچاقنىڭ ئانىسى ھاۋاگۈلنى ئەسكە ئالدىم.

— خەت مۇنداق يېزىلغانىدى، — دەپ داۋام قىلدى نەسىردىنكام:

«نەسىردىن!

ئەسلىدە سىزگە ئالدى بىلەن سالام بېرىشىم لازىم ئىدى. بىراق سىز ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ سالام بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان ۋىجدانسىز يىگىت ئىكەنسىز، شۇڭا سالىمىمنىڭ زايە كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاڭلىسام توي قىلماقچى بوپسىز. سىزدەك ۋاپا ـ ئەقىدىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان، كىچىككىنە ئەمەلنى كۆرگەندە ئۆز مۇھەببىتىگە — سۆيگىنىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋىجدانسىز ئادەم ئۈچۈن بىچارە سىڭلىم ھەمىدەنىڭ چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە، ھەسرەت ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ ياداپ قۇرۇپ كېتىۋاتقىنىغا ئېچىنىمەن.

ھەمىدەنىڭ سىز ئۈچۈن شۇنچە يىللار تۆككەن كۆز ياشلىرى، قىلغان سەمىمىي ۋاپادارلىقى بىكار كەتتىمۇ؟ سىزنى دەپ، ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا بىلەن ئانىنى تالاي قېتىم رەنجىتىپ تارتقان روھىي ئازاب بەدىلىگە ئۇلارنى قايىل قىلىپ، يولىڭىزغا ئىنتىزار بولغانلىرى، سىزدىن كۈتكەن ئۈمىد ۋە ئەقىدىلىرى بوشقا كەتتىمۇ؟

بېيجىڭدىن كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ يازغان خېتىنى ۋە ئانىڭىز ئىككىڭلاردىن ئەپۇ سوراپ يازغان خېتىنى جاۋابسىز قالدۇردىڭىز. بىز سىزنىڭ مۇنداق نامەرد، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، ئەمەل ـ مەنسەپنى تاپقاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ ھەۋەس قوغلىشىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئەسلا ئويلىماپتۇق...»

خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا ماجالىم قالمىدى. بىر غايىب قول كېلىپ يىراققا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك بولدۇم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىمنى سىزگە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ پۇشايمان ۋە ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قاتتىق ئۆرتىنىپ كەتتىم. «ئاھ، ھەمىدە! ساڭا ئەمدى قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟! سېنىڭ خەتلىرىڭ نېمىشقا ماڭا تەگمەي قالغاندۇ؟ ياكى ئارىغا كىرگەن دۈشمەن بار بولغىيمىدى؟ نېمىشقىمۇ سېنىڭ ئالدىڭغا بارمىغاندىمەن؟ مېنى قانداق شەيتان غەپلەتتە قالدۇرغاندۇ؟...

دەردىم ئىچىمدە قالدى. ھېچكىمگە، بولۇپمۇ ئۆي ئىچىدىكىلەرگە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىغۇم كەلمەيدۇ.

ئارىدىن ھەپتىمۇ ئۆتمىگەنىدى، ئەتىگەندە ئىشقا كېتىۋاتاتتىم، شەھەر ئىچىگە يېقىنلاپ قالغاندا، تۇساتتىن ئاجايىپ بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنزىرىگە دۇچ كېلىپ قالدىم. يول بويىدىكى يوغان ئاق تېرەكنىڭ دالدىسىدىن باشتىن ــ ئاياغ ئاق كىيىنگەن بىر ئايال چىقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. مەن سەل ئەجەبلىنىپ، مېڭىشىمنى ئاستىلاتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ كەلدى. مەن ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى يۈرەكلىرىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىدە غەزەپ ئوچقۇنى چاقنايتتى. ئۇ ماڭا نەشتەردەك قادالغىنىچە شۇنداق يېقىن كەلدىكى، بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەملا ئۇنىڭغا ئۈسۈۋالاتتىم. بىردىنلا سارەسىمىگە چۈشۈپ قالدىم. تۇيۇقسىز يۈزۈمگە «چارس» قىلىپ بىر شاپىلاق تەگدى.

ــ نامەرد! ۋىجدانسىز!

ھاڭ ــ تاڭ بولغىنىمچە بۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەي داڭگىدە تۇرۇپلا قالدىم.

ــ سىز...؟

ــ ھە، مەن ھەمىدە ئۈچۈن ھېساب ئالغۇچى. سىڭلىمنىڭ قاتىلىنى جازالىغۇچى...

ــ ھە؟ ھەمىدە دەمسىز؟ ئۇ نەدە؟

ــ نەدە بولاتتى؟ جەننەتتە. ھۆر ــ غىلمانلار بىلەن بىللە.

ــ نېمە؟ ــ قولۇمدىكى ۋېلىسىپىت چالاقشىپ چۈشۈپ كەتتى. شۇئان جاھان پىرقىراپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن، پۈتۈن ئەزايىم غاللداپ تىترەيتتى.

ــ ھاۋاگۇل! ماڭا ئوچۇق گەپ قىلىڭا! ھەمىدەگە نېمە بولدى؟ نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ــ يەنە نېمىلەرنى دېگىنىم ئېسىمدە يوق، بىر ھازا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ قىلغان نالە ــ زارىمغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى بولغاي، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ ئاھ، نەسىردىن! ھەمىدەدىن ئايرىلدۇق. سىزنىڭ توي قىلغىنىڭىزنى ئاڭلاپ بىچارە سىڭلىم دورا ئىچىۋاپتۇ. ئىچىلماي تۈزۈپ كەتتى ئەمەسمۇ، ئەلەم ــ ھەسرەت ئوتىدا كۆيۈپ كۇل بولدى ئەمەسمۇ، بىر جۈپ قىز ئىدۇق. ئەمدى مەن يېتىم قالدىم ئەمەسمۇ...

ئىككىمىز بىر ــ بىرىمىزگە ئېسىلىشىپ قانچىلىك يىغلاشقىنىمىزنى بىلمەيمەن.

...

نەسىردىنكام ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە بىرھازا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىمنى سۈرتەتتىم.

ئاھ، نەسىردىنكا، سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن يالغان كۈلۈپ، ئۆزىڭىزنى گۇللاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭىزنىڭ سىرىنى ئەمدى چۈشەندىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مامۇت زايىت

# تۈگىمەس دىئالوگلار

(مەسەللەر)

1

پۇل دېدى: بەك ئەرزان، خارغۇسەن،
قىممىتىڭنى ئاشۇراي گەزمال.
گەزمال دېدى: سۆزلىمە نادان،
ئەزىز ـ خارلىق ئىلكىدە جاھان،
ئاشسا ئەگەر مېنىڭ قىممىتىم،
ئۆزۈڭ بولۇپ قالمامسەن پاخال؟

2

چېكىتسىز جىڭ يىغلاپ باققالغا،
دېدى: يۈزۈڭ قىزارسۇن ئادەم.
باققال دېدى: ئىككىمىز ئوخشاش
ئىنسانغا كەسىپ ئالدىنىش، ئالداش.
ئويلىدىڭمۇ بىچارە دىتسىز،
چېكىتسىز جىڭ ئەسلىدە ئالەم...

3

گۈل دېگەنىمىش: مەن چىرايلىقمۇ،
ياكى سەتمۇ، بەرگىنە جاۋاب؟
تەشتەك دەپتۇ: ساڭا تەۋسىيەم:
كۆرگىن بۇنى بۇلبۇلدىن سوراپ...

4

كۆكلەم: چال سەن، باشلىرىڭدا قار،
قىش: قارىمدىن ياشنايسەن كۆكلەم.
كۆكلەم: مەندە بەرق ئۇرار چېچەك،
قىش: تېخى سەن مېۋىسىز گۆدەك،
كۆكلەم: سەندىن نۇر ـ يالقۇن ئۆچكەن.
قىش: مەن تىرەن پىكىرگە كۆچكەن...
تالاشماڭلار، ــ دېدى كۈز ئاخىر، ــ
پاكىت ئادىل يەكۈنگە قادىر.
ئارتۇقچىلىق ھەم يېتەرسىزلىك
قۇچىقىدا مەۋجۇت بۇ ئالەم...

5

ياغاچ دېدى: ئالداپسەن مېنى،
ئاچسام ساڭا دوست بىلىپ قۇچاق.
قۇرت دېدى: يېدىمەن سىجىل،
بىراق تاپتىڭ كېچىكىپ ئەقىل،
ئىشەنگەنتىڭ قاتتىقلىقىڭغا،
يېيەلمەس دەپ،
مەن بولغاچ يۇمشاق...

6

سۇندۇك دېدى: قىلىيەن پەرۋاز،
سەن ئېتىزدا سۆرەيسەن سۆرەم.
ئۆكۈز دېدى: بولدى، ياخشى گەپ،
ھاۋا بىلەن ئاپتاپنىلا يەپ،
ياشاۋەرگىن مەڭگۈ خاتىرجەم...

7

چىش غەزەپتە دەپتۇ سۆڭەككە:
كەچۈرمەيمەن، سۇندۇردۇڭ مېنى!
سۆڭەك دەپتۇ: ئەي ئادەم چىشى،
قاساپ غاجاش ھايۋانىڭ ئىشى،
تۈگىمەسەن سۇنۇپ ۋە ئۇپراپ،
غاجاۋەرسەڭ ئۆزگىنى، مېنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

8

خوراز دېدى: تاج كىيىدىم بۆگۈن،
ئۆسۈپ كەتتى ئەقىل، سەۋىيەم.
كاككۇك دېدى: خوراز سەن يانا،
بىر كۈندىلا بولمايسەن دانا،
مەنسەپ، ئەقىل باشقا ـ باشقا گەپ،
مۈشۈ ساۋاق تەبرىك ـ ھەدىيەم!

9

تاۋۇز دېدى: زىياپەتلەردە
باش تۆردە مەن، چىقاردىم ئاتاق،
لەگەن دېدى: نادان، ھاماقەت،
ساڭا تالىق ئەمەس زىياپەت،
ئۇنتۇدۇڭمۇ تېخى ھېلىلا
يېگىنىڭنى قارنىڭغا پىچاق؟!

10

غەيۋەت دېدى: يالغاننى راستقا
چىقىرىمەن، مەندە ماھارەت.
ۋاقىت دېدى: غۇلايدۇ ھامان
قۇم ئۈستىگە چۈشكەن ئىمارەت...

11

ئوتۇن دېدى: خۇشال بول دوستۇم،
كۆيۈپ سەندىن چىقاردىم تۈتۈن.
مورا دېدى: بۇ بىزگە جازا،
ئىگىمىزگە تەئەللۇق غىزا،
كۆل بولسەن كۆيۈپ،
ئاھ، مەنچۇ؟
ئاچچىق يۇتۇپ قالىمەن پۈتۈن...

12

داۋراڭ دېدى: سۆكۈت بىچارە،
ئاجىزلىقتىن تۇرىسەن جىمجىت.
سۆكۈت دېدى: كۆچلۈكلۈكىڭدىن
بىر پەشۋادا بولىسەن بىتچىت...

13

ھۆپۈپ دېدى: كۆككە ئۇچۇشتا
سۇمۇرغ بىلەن ئىككىمىز ئوخشاش.
بۈركۈت دېدى: ئۇچىدۇ راسا،
قاغا ھەتتا يىڭناغۇچ، پاشا،
سۇمۇرغ ئەمەس بارچە ئۇچقان قۇش،
قارا چىراغ بولالماس قۇياش...

14

ھەرە دېدى: بال ھەرە ئاداش،
يوق سېنىڭدەك ئەخمەق جاپاكەش،
ئۆزگىمنى دەپ چېكىپ مۇشەققەت،
بال ئىشلەيسەن، يېمەيسەن پەقەت...
بال ھەرىسى دېدى: ئەي نادان،
قابىسمىزغا ئىجىل ـ دوست ئىنسان؟
قەدىر ـ قىممەت مىزانى نېمە؟
ئەقلىڭ بولسا بۇنى ئۆزۈڭ يەش...

15

بۇرۇن دېدى: ھاماقەت ئېغىز
ھەممە ئىشقا كۆلىسەن ئەجەب!
ئېغىز دېدى: ئۆزۈڭ ھاماقەت،
كۆلكەمدە بار ھەر خىل قىياپەت،
چۈشىنىسەن ئويلىساڭ تازا:
قوللاش، قارغاش، ئالقىش، ئىستېھزا،
سۆيگۈ، نەپرەت، سۆكۈت ۋە پىغان...
بارچە تۇيغۇ ئۈندىدا ئايان،
ئويلىدىڭمۇ كۆلكە ـ شادلىق دەپ،
ئۇنىڭغىمۇ سىغىدۇ غەزەپ...

16

قاپلان دېدى: باشلىق چېغىمدا
بولغان ئىدىڭ ماڭا يەلپۈگۈچ،
مەنسىپىمدىن چۈشكەندىن بېرى،
بولۇپ كەتتىڭ بىراقلا نېرى؟.
دېدى تۈلكە: ئۆزۈڭ ھاماقەت،
سادىقلىقتىن يىراق خۇشامەت،

ئەمدى يېڭى باشلىقنى تاپتىم،
ئاڭا سېنى يامانلاپ چاقتىم،
كۆچۈك يەتمەس، دېسەڭمۇ (ئەتتەك)
خۇشامەتچى ۋاپاسىز سەتەك،
ئەقلىڭ بولسا رەھبەر ۋاقتىڭدا
تەخسكەشكە بولار ئىدىڭ ئۈچ...

17

قۇشقاچ دېدى: دوست تۇتسام سېنى،
ئۇزۇن ئۆتمەي تاندىڭ مېنىڭدىن.
دېدى ئاڭا ئاق دىل تۇمۇچۇق:
بولماس ساڭا دېمىسەم ئوچۇق،
دوستۇم، ئاكام، دېسەڭ ئالدىدا،
تۆھمەت، غەيۋەت قىلساڭ دالدىدا،
دوستۇڭ تۈگۈل، تاپقان داداڭمۇ
دات! دېمەمدۇ بىر كۈن سېنىڭدىن.

18

گۈل دېگەنىمىش: سايرىسا بۇلبۇل،
ئۆزگە قۇشلار قالسىدى توختاپ،
باغ دېگەنىمىش بولمىغىن ئەخمەق،
زېرىكەرلىك بىر خىللا قوشاق،
ھەربىر قۇشنىڭ سايرىشى باشقا،
زېمىن خۇشتار ئۇنى ئاڭلاشقا،
ئېلىپ كەلمەس بىرلا قۇش باھار،
قىلسا بولماس باشقىنى ئىنكار.

19

ھۆپۈپ دېدى: ھەسەتخور قۇشلار
سېسىق دەيدۇ بولغاچ مەندە تاج.
كەپتەر دېدى: زارلىمىغىن بەس،
سېسىق، دېيىش ھەسەتتىن ئەمەس،
تاجىلىقىقۇ توز بىلەن خوراز،
ئۆلار سېسىق ئەمەسقۇ بىرئاز،
ئەمما سېنىڭ بەدبۇيلىقىڭنى
يوشۇرۇشقا تاجمۇ نائىلاج.

20

تاغقا دېدى بىر كىچىك خوراز:
قېنى مېنىڭ ئەكس سادايىم؟
تاغ دېدى: ھەي، بۇ گېپىڭ خاتا،
چىقاردىڭ سەن قانچىلىك سادا،
تۈزۈك سادا ياڭراتماي تۇرۇپ،
بەرگىن دەيسەن ئۇنى ياندۇرۇپ،
نامەرت ئەمەس، ئادىل ئەسلى مەن،
كەشىپ ـ ئىجادكار ئەجداد نەسلى مەن،
(ياق) دەمسەنا، ماڭا يەتكۈدەك،
چۆچۈتكۈدەك ھەم تىترەتكۈدەك،
قېنى نەۋرەم، ياڭراق سادايىڭ؟

ئەركىن داۋۇت

## قېيىۋالدىم ئۆزۈمگە باپ يول

(مەسەللەر)

كىرىپە

مېنى كىچىك تىكەنلىك دېمەڭ،
بويۇم گويا تۆگە بىلەن تەڭ،
بەدەنلىرىم سىيلىق تاختىدەك،
يۇمشاقلىقىم ئاپئاق پاختىدەك.
ھەر قەدىمىم كېلەر بىر مېتىر،
بىلمەيسىلەر بۇ تېخى چوڭ سىر.

يۈگرەشلىرىم ھەممىسىدىن تېز،
تېزلىكىمدىن يەرگە چۈشمەس ئىز.
يېتەلمەيدۇ كەينىمدىن ئاتلىق،
مەن ئۈچۈن بۇ زىيادە شادلىق.

### ئىت

ئىت ئۆزىچە باشلاپتۇ بىر سۆز،
ھەر تەرەپكە تاشلىغانچە كۆز،
ھەيۋە پەيدا قىلىمەن قاۋاپ،
مۇھىم سورۇن، مەيدانىنى تاللاپ.
ئۇچرىغانىنى تالىلماي يەيمەن،
بۇمۇ ئامەت، بوپتۇلا دەيمەن.
كىم تەگكۈزسە ماڭا كۆپرەك نەپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆتىمەن راست ئەپ.

ئىگەمگە بەك سالىمەن زىيان،
تۇيدۇرماستىن يول مېڭىپ ھامان.
چۈنكى مېنىڭ يۈزۈمدە تۈك بار،
بىلمەيسىلەر، قورسىقىم بەك تار.

### كېپىنەك

بارچە گۈلنى پۇرايمەن قانماي،
ئىلھاملىرىم دىلىمغا پاتماي.

شىجائىتىم ھەممىدىن يۈكسەك،
يولۇمدا يوق توسالغۇ ھەم چەك.

ئايلىنىمەن يىراق - يېقىننى،
قىرغاقلىرى گۈزەل ئېقىننى.

ساپ ھاۋادىن ئالىمەن نەپەس،
ھەرىكەتلىرىم ئاجايىپ چەبدەس.

مۇھەببەتتە راستلا پەيزىم بار،
شاد ياشايمەن شۇڭا بەختىيار.

مانا بۇنىڭ ئۆزى ماھارەت،
ماڭا قايىل بولۇڭ جامائەت.

**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**

## سەن كۆكلەم، مەن يىللىق باھار

### تورمۇز

سەن ئۆتكەن، مەن ئۆتكەن تونۇشلۇق يوللار،
ھەر دوقمۇش - ئاچالغا سىڭگەن سەزگۈمىز.
باللىق ئەلبۇمى بۇندا ئۇك - سوللار،
ئەندىكمەس سىرداش بوپ قالغان كۆڭلىمىز.

بىر چاغلار چىۋىق ئات ئۈستىدە ئەگىپ،
سېكىلەك چېچىڭنى ئويناتقانمۇ مەن.
ئەندىكسۇن، چۆچۈسۇن، قالسۇن دەپ سەگىپ،
بېشىڭغا شەبنەملىك گۈل چاچقانمۇ مەن.

قىزىق ئىش؛ شۇ دوقمۇش، شۇ يولدا بۈگۈن
ئۇچراشتۇق بىر سىزىق ئۈستىدە قەدەم.
بوغۇلدى نەپەسلەر (تورمۇزلاندى ئۈن)
كىم سالغان تورمۇز بۇ، ئېيتقىنا ئەركەم؟

### شۇندىمۇ يارىمسەن گۈزەللىكتە تاق

ئاي بىلەن قۇياشقا قارايمەن ھەر تاڭ،
نېمىشقا ئۇلارنى ئۇپۇق قىلماس جەم.
بىر ئۆمۈر قېچىشلار، ئەسىرلەپ قوغلاش،
ئامرىقىم، ساڭىمۇ بەرگەنمۇ تۈز - تەم؟

سەن بىر ئاي، مەن قۇياش مېھرىمنى چاچقان،
دەپ قويسام قاچامسەن، يوقامسەن شۇنداق؟!
ئۆزۈڭنى قاچۇرما، يوشۇرمىغىن يۈز،
شۇندىمۇ يارىمسەن، گۈزەللىكتە تاق...

**تەسكەي مۇھەببەت**

مۇھەببەت شەرتىنى قويغىنىممۇ بىر،
ئايرىلىپ باقمىدىم شاخكەشلەر كەبى.
قانچىلىك دەھشەتتە كېلىدۇ ھىجران،
بىلمەيمەن شۇنىمۇ، مەن بۇندا سەبى.

ئايرىلىش بەلگىسى بەردىڭ قانچە رەت،
ئايرىلىش سۆزىنى ئىزدەپ مېنىڭدىن.
بولمىسا قەلبىمدە ئۇ ھېستىن ئەسەر،
قانداقچە ئايرىلىپ كېتەي سېنىڭدىن.

ئەمەسمەن سۆيگۈڭگە تەلۋە ھۆكۈمران،
ساقلىدىم بەختىڭگە كۆيۈم ۋە شەپقەت.
يىغلايمەن ئۆرتەنسەڭ خىجىللىقتا سەن،
بۇ، ھېچكىم كۆرمىگەن تەسكەي مۇھەببەت.

**كەلمە ئۆزۈڭ، كەلسۇن خەتلىرىڭ**

مەن تۇرقىڭنى ئاران ئۇنتۇغان،
بىر ئەسلەشكە تۆلەپ مىڭ بەدەل.
شېكەر خۇلقىڭنى ئاران ئۇنتۇغان،
قارارىمغا قىلىپ مەن ئەمەل.

مەن ئۇنتۇغان تال - تال زۇلپىڭنى،
مەجنۇنتالغا قاراپ مىڭ ئاخشام.
مەن ئۇنتۇغان كەلمىش يولۇڭنى
دەريالارغا سىڭگەندە ناخشام.

مەن ئۇنتۇغان ئاپئاق يۈزۈڭنى
دېڭىزەمدىن قول سوزغاندا ئاي.
مەن ئۇنتۇغان ئاھۇ كۆزۈڭنى
يۇلتۇز تەۋرەپ كۆرسەتسە چىراي.

مەن ئۇنتۇغان رومىلىڭنى، جان،
يىرتىلغاندا تاڭدا تۇمانلار.
سەن ئۇنتۇغان شۇنداق قەدىردان،
ۋەسلىڭ يوللاپ شۇبھە - گۇمانلار.

ئەسلىمەڭدىن بىر كۈن ئامرىقىم،
ئۆرۈلسە مەن كۆلگەن بەتلىرىڭ.
ئازابلارغا قالمىسۇن جېنىم،
كەلمە ئۆزۈڭ، كەلسۇن خەتلىرىڭ.

**سەن تەۋرەن، سەن كۆكلەم، مەن يىللىق شامال**

ئۆچمەكتە پەنجىرىدىن قىشنىڭ تەسۋىرى،
يەر ئاستا سوزۇلۇپ ئالار يېڭىك تىن.
تاغلارنىڭ باغرىدا ئاپئاق چاتقاللار
يوقايدۇ ھاياتتەك ئالماشتۇرۇپ سىن.

تىرناقتا ئەينەككە سەن جىجىغان خەت،
تىنماستىن تۇۋلايدۇ كەلدى دەپ باھار.
ئاخشامقى چۈشلىرىڭ ئۆتتى ئېسىڭدىن،
بىلىمەن، باھارنى سېغىندىڭ دىلدار.

سۆي مېنى، پۈرلەشسۇن چېچىم قولۇڭدا،
ئوخشايدۇ ئەزەلدىن باھارغا ۋىسال.
گۈل مەكزىڭ ئۈستىگە ياغسۇن يامغۇرۇم،
سەن تەۋرەن،سەن كۆكلەم،مەن يىللىق شامال.

**مېنىڭ يېشىل تايچاقلىرىم سەن**

ئۆز ئەركىمگە ئانامدەك مايىل،
مېنىڭ يېشىل تايچاقلىرىم سەن.
چۈلۈۋۈرۈمسەن، ئىگەرىممۇ سەن،
ئۆزۈم چاپقان ئويناقلىرىم سەن.

قىسسەڭ غايىب يېشىل چېۋىقلار
باللىقنى كەتتىڭ مىندۇرۇپ.
جاۋاب ئىزدەپ باقسام ئىزىڭغا
پەرزەنتىمنى كەتتىڭ كۆلدۇرۇپ...

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمەت دۇگايلى



# پاسىل

(پوۋېست)

## قۇملۇق

تۈنۈگۈن ئۇلار بەش ئادەم ئىدى، مانا بۈگۈن تۆتەيلەن قالدى. ئۇلارنىڭ ئى-
چىدىكى ئەڭ غەيرەتلىك ۋە يېشى ھەممىدىن چوڭ بولغانلىقى سەۋەبلىك ھۆرمەتكە
لايىق دەپ تونۇلغان بىر ئەزىمەت ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولدى. ئۇنىڭ بىر ئۆزى
غايىب بولغان بولسىغۇ كۆڭۈلنى بىردەم ئەزگەن، غەم - قايغۇ پەيدا قىلغان ۋە ئېچىن-
دۇرغان بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بەش تۆگە، تۆگىلەردىكى يېمەكلىك، ئو-
رۇن - كۆرپە، لازىمەتلىك ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرمۇ تەڭ غايىب بولغانىدى. ئۇنى
غەرەزلىك ھالدا بەش تۆگە ۋە ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ قېچىپ كەتتىمىكىن، دەپ
ئويلاش تۈگۈل شۇنداق گۇمان قىلىشقىمۇ ھېچكىم پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئاشۇن-
داق غەرەز بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئەڭ ئامراق ئىنىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ
كەتكەن بولاتتى. ئۇ بۇ ئىنىسىغا سەپەرگە چىققان 17 كۈندىن بېرى شۇنداق كۆيۈ-
نۈپ كەلگەنىدىكى، تاماقنى ئاۋۋال ئىنىسىغا يېگۈزەتتى، سۇنى دەسلەپ ئىنىسىغا ئىچۈ-
رەتتى، ئاخشاملىرى ئىنىسىنى ئوتقا يېقىن ياتقۇزۇپ، ئۇ ئۇخلىغاندىن كېيىن ئاندىن
ئۆزى ئۇخلايتتى. ئۇ باشقىلاردا ئاشۇنداق تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئاخىرى ئۆزى قې-
چىپ كېتىشكە تەييارلانغان دېگىلى تېخىمۇ بولمايتتى. چۈنكى بۇ قۇرغاق، ئۆلۈك

دېڭىزدا جان ساقلاشنىڭ مەنبەسى بولغان باكتىكى سۇ بۇ تۆتەيلەننىڭ يېنىدا قالغانىدى. ئاخشام ئۇلار بۇ باكنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ بىر كۈرۈشكىدىن سۇ ئىچىشكەنىدى، ھازىر باك ئاخشام قويۇلغان جايدا — بىر تۈپ قۇرۇغان توغراق كۆتىكىنىڭ يېنىدا ئۆز پېتى تۇراتتى. غايىب بولغۇچى ئۇنى ئېلىپ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدەك قىلاتتى. ئەگەر ئۇ غەرەزلىك قاچقان بولسا، ئەڭ ئاۋۋال سۇ توغرىلىق ئويلىغان بولاتتى.

تۆتەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. قۇياش كۆتۈرۈلگەنسېرى قۇم قىزىشقا باشلىدى. ئۇلار چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاشتى. مۇلاھىزىلەر، پەرەزلەر، ئاللىكىملەرنى قارغاش ۋە تىللاشلارمۇ توختىدى. يۈز بەرگەن پالاكەتكە ئولتۇرغانلاردىن كىمدۇر بىرى ئەيىبلىكتەك ھېچكىم بىر - بىرىگە قارىمايتتى. ئۆچۈپ قالغان گۈلخاننىڭ كۈلى ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەيدىغاندەك، پالاكەتنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغاندەك ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئاشۇ گۈلخانغا قاتتىق تىكىلگەنىدى.

— تاپىنىمىزنىڭ تېگىدىن بىرەر نىجاتلىق چىقىپ قالماس ئاغىنىلەر، — دېدى يۇلغۇن كۆتىكىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر يىگىت بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا كۆزىنى قىسىپ غىل - پال قارىۋېتىپ، — بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى يۇرت بار يەرگە بېرىۋېلىشنىڭ گېپىنى قىلىشمايمىزمۇ؟

— بۇ قۇملۇقنىڭ نەرىدە يۇرت بار؟ — سورىدى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت غەزەب بىلەن.

— ئەگەر خۇدا ئادەملەر ئارىسىغا بېرىۋېلىشىمىزغا نېسىپ قىلسا، — دېدى غەزەبلەنگەن يىگىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان يىگىت، — ئاللا يولىدا بىر يىلدا يەتتە قوي سويۇپ، 11 قېتىم نەزىر قىلىپ بېرىمەن. خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلمايمەن...

ئەگەر ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇ كۈن چۈشمىگەن بولسا، بۇ يىگىت ئاشۇنداق دېمىگەن بولاتتى، دېگەن ھالەتتىمۇ شۇ تاپتا بىر كۈلۈشمەككە سەۋەبچى بولغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق ھاراقخۇمارلىقى بىلەن نام چىقارغان، تېخى ئاخشاملا ئىچىدىغان ھارىقىنىڭ تۈپىگە بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىدىن ۋايسىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم كۈلمىدى ۋە ھېچقانداق ئىنكاسمۇ قايتۇرمىدى. ھەممەيلەن قۇمدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان ئۇپۇققىچە بويۇنداپ قاراپ قويۇشتى - يۇ، يەنە ئۆچكەن گۈلخانغا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

— ئولتۇرۇۋەرسەك نېمە پايدا؟ — يۇلغۇن كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يىگىت يەنە سۆز ئاچتى، — بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز يوق بۇرادەرلەر، ئىچىدىغىنىمىز بولغىنى بىلەن ئۇ ئاز ھەم سۇ ئىچىپلا ئولتۇرۇۋەرگىلى بولمايدۇ. يېتىپ يېسە تاغ توشمايدۇ، دېگەندەك ئۇمۇ تۈگەر... — ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ چۈشكۈن قىياپىتىگە نۆۋەت بىلەن قاراپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن لام - جىم دېمەي بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان، يىغىدىن كۆزى ئىششىپ قىزارغان، يېشى ھەممىدىن كىچىك يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى، — قېنى ئۇكام، سەن بىر مەسلىھەت بەرگىنە! ئاكاڭ غايىب بولدى، بۇ ساڭىلا كەلگەن بالا - قازا ئەمەسقۇ؟

www.uyghurkitap.com



ــ ماڭا ئاكام قايتىپ كېلىدىغاندەكلا بىلىنىدۇ. تۆگىلەر قېچىپ كەتكەن بولسا شۇنى تۇتقىلى كەتكەندەك، ھەممىنى تۇتالمىسىمۇ بىر ـ ئىككىنى تۇتۇپ يولدا كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ...ــ دېدى ئۇ يىغلامسىراپ. ئەتىگەندىن بېرى قالغان ئۇچەيلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ھەققىدە ھەرخىل پەرەزلەرنى، گۇمانلارنى قىلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ ئارىلاشتۇرمىغانىدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىگە لايىق پەرەزلەر بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن ـ دە!

ــ ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلغانىدى،ــ دېدى ھاراقخۇمار يىگىت. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلماقچى ئىدى، يېنىدىكى ئاچچىقى يامان يىگىتنىڭ غەزەبلىك قارىشىدىن ئەيمىنىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى نېمە دەپ ،ئولتۇرغانلىقى ھەممەيلەننىڭ يادىدا ئىدى.

ــ مېنىڭچە، تەۋەككۈل قىلىپ ماڭساق بولارمىكىن،ــ دېدى يۆلغۇن كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يىگىت، ــ ئۇنىڭ قايتىپ كېلەلىشىدىن ئۈمىد يوق. بۇ تىلسىمات يەرنىڭ چېكىنى، ئوڭ ـ سولىنى بىلگىلى بولمىسا قانداق قايتىپ كېلەر؟

ــ مەن ئاكامنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇراي،ــ دېدى ئالدىراپ ھەممىدىن ياش يىگىت،ــ ئۇ ماڭا قايتىپ كېلىدىغاندەكلا بىلىنىدۇ...

يۆلغۇن كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يىگىت باشقا ئىككىيلەنگە قارىدى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ شۇك ئولتۇرۇۋېلىشى ياش بالىنىڭ ئاكىسىنى ساقلاش توغرىسىدىكى سۆزىنى قوللاشقا تەڭ ئىدى. شۇڭا، يۆلغۇن كۆتىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يىگىتمۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئۈمىدسىزلىك بىلەن يەرگە قارىدى.

ھەممىدىن ياش يىگىت ھەممەيلەننىڭ دەرقەمتە تۇرۇپ ئاكىسىنى بىللە ساقلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. باياتىن ئۇ «مېڭىۋېرىش» تەكلىپى ئوتتۇرىغا چىققاندا قالغان ئىككىيلەننىڭ قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرىگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلى خېلى تەسكىن تاپتى. ئەتىگەندىن بېرى بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاكىسى ھەققىدە ھەرخىل بولمىغۇر گۇمانلارنى قىلىشقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقانىدى، ئەمدى بىلدىكى، بۇ ئىككىيلەننىڭ مىجەزى باشقىچە، غەلىتىرەك بولسىمۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئاكىسىغا كۆيۈنىدىكەن...

ئۇ ئورنىدىن چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ ئالدىدىكى ئۈچ غۇلاچچە ئېگىزلىكتە چوقـ ـ چىيىپ تۇرغان قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تۆت تەرەپكە كۆزى تالغىچە قارىدى. بىر تەرەپتە، بىرەر يۈز قەدەمچە نېرىدا دولقۇنلاپ تۇرغان سۇغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن ئېگىز قۇم بارخانلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. قالغان ئۈچ تەرەپ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق دالا بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن يۆلغۇن شاخلىرى ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك شەكىلدە چوقچىيىپ چىقىپ تۇراتتى. تېخىمۇ ئۇزاقتا بۇ قۇملۇقتىكى ئەڭ رەھىمسىز ئەجەل بولغان سەرەپ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان سوزۇك سۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تىنىمسىز ئۆركەشلەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن، ئۇ پەرەز قىلغان تۆگىلەردىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى...

قۇياش زېمىنغا ئوتتەك قىزىق نۇر چاچاتتى. ئۇ دەسسەپ تۇرغان يۇمشاق قۇم

قوقاستەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى سۇ تەر بولۇپ ئېقىپ تۈگىدى. ئۇنىڭ ئېغىز بوشلۇقى قۇرۇپ، بۇرنى ئېچىشىپ، كالپۇكىدا شور تەمى پەيدا بولدى. بارا - بارا بېشى قېيىپ، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئىككى، پۇتى ئەمدى بەدەن ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ھېچ تەرەپتىن بىرەر شەپىسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان يۇلغۇن كۆتىكىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇچەيلەن يۇلغۇن شاخلىرىغا ئارتىپ سايىۋەن قىلغان چاپانلىرىنىڭ ئاستىدا ھاسىرىغىنىچە سونايلىنىپ يېتىشاتتى. ئاچچىقى يامان يىگىت ئۇنىڭغا سۇ بار باكنى ئىشارە قىلدى. ئۇ باك ئۇستىدىكى كۇرۇشكىغا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ سۇ قۇيدى. ئېغىز كۆيگۈدەك دەرىجىدە ئىسسىپ كەتكەن سۇ ئۇسسۇزلۇقنى باسالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ قۇملۇقنىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقىدا ئاشۇ سۇلا ئادەمنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالالايتتى. مۇشۇنداق سۈيى بولمىغان غايىب بولغۇچىنىڭ كېچىچە ۋە بۈگۈن چۈشكىچە ھايات تۇرالىشىغا ئەمدى ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

## گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر

قادىرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكى گۈلسۈمخان ئانىنىڭ كۆزلىرىگە تۈگىمەس ياش ئېقىنىنى باشلاپ كەلدى. ئۇ بۇ ئوغلىنىڭ تىرىشچان، كىتابخۇمار ئىكەنلىكىدىن، ھە دېسىلا كوچىغا چىقىۋېلىپ دامكا، شاھمات ۋە بىلىيارت ئويناشقا قىزىقمايدىغانلىقىدىن ئىچىدە سۆيۈنەتتى تېخى! «خۇداغا شۈكرى، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم كالتە - ساياق يوللارغا تېيىلىپ كەتمىدى، — دەپ خۇشال بولاتتى مومای ئىچىدە، — چوڭى كادىر بولالمىسىمۇ بىر ئوبدان ھۈنەر بىلەن ئۆيىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. بېشىنى ئوڭلاپ قويای دېسەممۇ ئۇكام ئالىي مەكتەپكە چىقىۋالسۇن دەپ ئۇنىمايدۇ. كىچىكىمۇ ئاكىسىنى دوراپ ئوبدان يولغا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپكە چىقىۋالسا ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئوڭلايمەن، كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ گۆرۈمدە ئارامخۇدا ياتىمەن...» ئەمما قادىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇ ئۆزى ئىمتىھانىنى ئوبدان بەردىم، ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن بىلەتتىم، شۇڭا قېينالماي ئۆتۈپ كەتتىم، دەپ يۈرەتتىغۇ؟ مۇشۇ كوچىدا بىللە مەكتەپكە بېرىپ بىللە ياندىغان، ئىمتىھانغا تەڭ قاتناشقان تۆت بالا بولۇپ، قالغان ئۈچىگە ئالىي مەكتەپكە چاقىرتقان قەغەز كەلدى. كوچىنىڭ بېشىدىكى نىياز ئاخۇننىڭ بالىسى ئىچكىرىدىكى بىر مەكتەپكە ماڭدى، كوچىنىڭ ئايىغىدىكى ھېلىم ياپىسا دېگەن كىشىنىڭ قىزى تېخى شاڭخەي دېگەن يەرگە كەتتى. ئۇلارنىڭ قوشنىسى ھاشىماخۇن قاساپنىڭ ئوغلى ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئالىي مەكتەپكە ئېلىندى. قادىرغا بولسا ھېچقايسى ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق قەغىزى كەلمىدى. بۇ نېمە بولغىنى؟ ئۇنىڭ بالىسى باشقا ئۈچەيلەندىن ناچار ئوقۇغان بولغىيمىدىيا؟ قادىر ياخشى ئوقۇمىغان، ئىمتىھانىنى ئوبدان بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئانىسى بىلەن ئاكىسىنى ئالداپ قويغانمىدىكىنيا؟ مومای بۇنداق گۇمانىمۇ قىلالمايتتى.

www.uyghurkitap.com



لېكىن، قادىرنىڭ شوكلەپ كېتىشى، ئېغىر ئۇھ تارتىشى، قوشنىسىغا هال ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇۋالدىقتا قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى گۈلسۇمخان ئانىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇ مائارىپ ئىدارىسىغا، مەكتەپكە، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىلىرىغا قاتراپ يۈرۈپ قادىرنىڭ ياخشى ئوقۇغانلىقى، ئوبدان ئىمتىهان بەرگەنلىكى، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە چاقىرتىلمىغانلىقى... قاتارلىق ئىشلارنى سۈرۈشتۈردى. مەكتەپ، مائارىپ ئىدارىسى قادىرنىڭ دەرستە ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، ئۇلار مومايغا بۇ ھەقتە ئوبدان گەپ قىلدى، لېكىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نېمىشقا قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئۇلارمۇ بىلمەيدىكەن... ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەر ئىمتىهان قەغىزىنى تېپىپ تەكشۈرۈپ بېقىشقا ۋەدە بەردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، قەغەز ۋە ئىسىم ئالمىشىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن.

گۈلسۇمخان ئانا ھەپتە كۈتتى، بىر ئاي، ئۈچ ئاي كۈتتى، يېرىم يىل كۈتتى. ھېچكىمدىن تەكشۈرۈشىمىز مايەردىن دەيدىغان ئىنكاس چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈرۈشتۈرۈشكە بەل باغلاپ يەنە يول مېڭىش تەرەددۇتىغا چۈشكەندە چوڭ ئوغلى سادىر ئۇنى توستى:

— بولدى ئانا، سۈرۈشتۈرىمەن دەپ ئاۋارىچىلىق تارتقىنىڭىز قالدۇ، يەنىلا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىسىز، — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ پالانچىنىڭ ئوغلى، پوستانچىنىڭ قىزى دەپ گەپ باشلاۋاتقىنىغا قاراپ، — قادىرنى باشقىلار بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ يۈرمەڭ. بىز ئۇلارغا يېتىشەلمەيمىز، نىياز ئاخۇن دېگەن كىم؟ ئۇ شەھەرلىك قاتناش شىركىتىنىڭ باشلىقى، ھېلىم ياپسانىڭ خوتۇنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇ قىزىنى ئىمتىهان تۈگۈل پىلسىراتتىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ھاشىماخۇن قاساپنىڭ قولىدىن گۆش، يانچۇقىدىن پۇل چىقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ زاماندا ئاشۇلارنىڭ بالىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي، بىزنىڭ قادىر ئوقۇسا ناھەقچىلىق بولمامدۇ؟ بىز يا باشلىق ئەمەس، يا باي ئەمەس، قادىرنى دەپ باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتە قىلمايلى ئەمدى...

سادىرنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان تەنە گەپلىرى گەرچە باشقىلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، قېرى ئانىنىڭ باغرى پۇچۇلاندى. سادىر ئىنىسىنى ئوقۇۋالسۇن دەپ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆيلىنىشنى رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇلا ئەمەس، يەتتە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىق سىنىپىدىن قايتىپ چىقىپ دادىسىنىڭ يوكىنى زىممىسىگە ئالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان شەپكە تىكىش ھۈنىرىگە تايىنىپ ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى بېقىشقا بەل باغلىغانىدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ياخشى يېمەي، ياخشى كىيمەي، ئىنىسغا يېگۈزۈپ، كىيگۈزۈپ ئوقۇتقانلىرى بىكار بولامدۇ؟

— مەكتەپتىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، كېلەر يىللىق ئىمتىهانغا قاتنىشىپ بېقىشىغا بولىدىكەن، — دېدى گۈلسۇمخان ئانا ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ھالەتنى پەسەيتىش ۋە ئۆز كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكىمۇ خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، — مەكتەپ مۇدىرى دەرسلىكلەرنى پۇختىراق ئىزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ تۇرسۇن، مائارىپ

ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان كۇرسقا كەلسە تېخىمۇ ياخشى، ئۇلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ، دەيدۇ...

سادىر «ئىختىيار ئۆزىدە» دېگەندەك قىلىپ ئىنىسىغا قاراپ قويىدى. ئەمما قادىر:

— بولدى ئەمدى، — دېدى گەپنى كېسىپ، — ئۆيدە ئانچە - مۇنچە كىتاب كۆرۈپ، كونسپېكتلىرىمغا قاراپ قويسام بولار، ئەمما كۇرس - پۇرس دېگەنلەرگە ئاياغ باسمايمەن. كۇرستا ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن 300 كوي پۇل ئالىدىكەن، ئۇنى دەرس ئۆتكەنلەرگە، كۇرس ئۇيۇشتۇرغانلارغا مۇكاپات قىلىپ تارقىتىشقا ئىشلىتىدىكەن. بۇ ياخشى غەرەزدە قىلىنغان ئىش ئەمەستەك تۇرىدۇ، غەرىزى ياخشى بولسا ئازراق ئالماي ئاشۇنچىۋالا كۆپ ئالامدۇ؟— ئۇ ئاكىسىنىڭ گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپ داۋام قىلدى، — ئىمتىھاندىن ئۆتسۇن دېگۈسى بولسا ماڭا ئوخشاش ئۆتەلىگەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ ئىسمى بىلەن يەڭگۈشلەپ قويمىسا بولاتتى. ئەگەر كۇرسقا كىرىپ ئاخىرى يەنە بۇ يىلقىدەك بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟

ئەگەر قادىر كۇرسقا كىرىشكە رازى بولغان بولسا، سادىر ئىنىسى ئۈچۈن يەنە بىر يىل جاپا تارتىشقا، 300 كويىنى راسلاش ئۈچۈن دۇكاننىڭ يېرىمىنى ئىجارىگە بېرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. ئىنىسىنىڭ رەت قىلىشى ئۇنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇ قادىرنىڭ كۇرسقا قاتناشماسلىق توغرىسىدىكى سەۋەب - ۋەجىگىمۇ ئېتىراز بىلدۈرمىدى. چۈنكى، قادىرنىڭ ئېيتقانلىرى خېلىلا ئورۇنلۇق بولۇپ، بىر يىللىق كۇرستا ئوقۇغاندىمۇ ئالىي مەكتەپكە چوقۇم قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى.

— ئۇنداقتا، نېمە ئىش قىلارسەن جېنىم بالام؟ — دېدى گۈلسۈمخان ئانا يىغلىۋېتىشكە تەييار ھالدا. ئۇ چوڭ ئوغلى سادىرنىڭ ئىنىسىنى ئوقۇشقا مەجبۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنەتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ جىم ئولتۇرۇپ كېتىشىدىن غەيرىيلىك سەزمىدى.

— ئاكام بىلەن شەپكىچىلىك قىلىمەن، — دېدى قادىر ئاللىبۇرۇن شۇنداق قارارغا كەلگەندەك خاتىرجەملىك بىلەن.

— ۋاي ئېسىت، جېنىم بالام، ۋاي جېنىم بالىلىرىم... — موماي ئىككى ئوغلىغا نۆۋەت بىلەن قاراپ يىغلاشقا تۇتۇندى. ئۇ ئەسلىدە «قارا ئىش، تىكىش - سۆكۈش داداڭلار بىلەن تۈگەمدىكى دېسەم...» دەپ ھازا ئاچماقچى بولۇۋېدى، لېكىن قادىر يەنە ساددىلىق ۋە يەڭگىللىك بىلەن ئۇنىڭ يىغىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭغا ئۆزىنى جۇۋۇتۇپ كۆڭۈل بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئانا؟ — ئۇ ئانىسىغا مۇراجىئەت قىلغان بولۇپ ئاكىسىغىمۇ دارىتمىلىدى، — ھازىر تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش شەرەپلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئاكام بىلەن ئىككىمىز نېرىسى ئۈچ يىل، بېرىسى ئىككى يىل بېرىلىپ ھۈنەر قىلساق، خېلى جىق مەبلەغ جۇغلىيالايمىز. شۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ باش كىيىم كارخانىسى دەمدۇق، شەپكە - قۇلاقچا زاۋۇتى دەمدۇق، ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر كارخانا قۇرالىشىمىزغا كۆزۈم يېتىدۇ.

سادىر ئىنىسىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ قادىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئانام بىلەن ئاكام ئاڭلاپ خاتىرجەم بولسۇن دەپ دەۋاتقانلىقىنى ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن شۇنداق ئويلاپ قويغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما، ئىنىسىنىڭ بۇ پىلانى تامامەن خام خىيالمۇ ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

ئانا نېمە دېيەلەيتتى؟ ئۇ بىقۇۋۋۇل، ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا قاراشلىق مۇماي بولغانلىقتىن، بالىلىرىغا ئۆتۈنۈش تەرىقىسىدە تەكلىپ بېرەلەيتتىكى، تەلەپ قىلىشقا ئۆزىنى ھوقۇقسىز سېزەتتى. شۇڭا ئۇ قادىرنىڭ سۆزلىرىگە چوڭ ئوغلى سادىردەك ئۇنچىۋالا ئۈمىدۋارلىق بىلەن باھا بېرەلمىسىمۇ، ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق دەپ تەكلىپ ياكى تۈزىتىش بېرەلمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، قادىر شەپكە تىكىشكە كىرىشسە، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە پۇل توپلاپ سادىرنىڭ توينى قىلىش، يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىل تىرناقلاپ پۇل يىغىپ قادىرنىڭ بېشىنى ئوڭلاش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى ئۈچ ئېغىز بولۇپ، توي قىلىش نۆۋىتى قادىرغا كەلمەي تۇرۇپلا ئۆي قىسلىق خاپىلىقى باشنى ئاغرىتاتتى. قادىرنىڭ ئالىي مەكتەپكە بېرىشىغا ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تەقەززا ئىدىكى، ئۇ ئوقۇپ كادىر بولسا توي ئىشىنى ئۆزى ۋە كەلگۈسىدىكى كېلىنىنىڭ مائاشى بىلەن، تۇرالغۇسىنى بولسا ئىشلىگەن ئىدارىسى بېرىدىغان ئۆي بىلەن ھەل قىلىۋېرەتتى. ئەمدى ئۇنداق ئۈمىد كۆپۈككە ئايلاندى. بالىلار ئىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھازىر ئويلىيالمايۋاتسا كېرەك.

بالىلار بەك كېچىكىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىر يىلدىن كېيىن يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. قولدا تىككەن شەپكىلەرنىڭ بازىرى ئۇنچە كاسات بولمىسىمۇ، قادىر ئېيتقان «نېرىسى ئۈچ يىل، بېرىسى ئىككى يىل ئىچىدە» كارخانا قۇرغۇدەك پۇل جۇغلىغىلى بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. شەپكىنىڭ ماتېرىيالى ـــ سارجا، سوكنو، ئەستەرلىك خادەن، چېكىلىكلىك سۇلياۋ، يىپلارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. شەپكە تىكىدىغانلار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇتلاردا تىكىلگەن يېڭى مودا شەپكىلەر ئەرزان بولغانلىقتىن، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ياردىشا، قولىغا كىرىدىغان كىرىم بەكمۇ ئاز بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ھازىرقىدەك سۈرئەت بىلەن 10 يىل ئىشلىسە ئاندىن توي قىلغۇدەك پۇل جۇغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇلاردا تېخى رەڭسىز تېلېۋىزورمۇ يوق ئىدى. ئەگەر تېلېۋىزور بولغىنىدا ئىككى ـ ئۈچ سائەتلىك ۋاقىت بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. قادىرغۇ كىتاب ئوقۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى، سادىر بولسا كىتابقا ئۆگەنمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن پىۋىخانىغا بارىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاكىسى ئىككى قېتىم مەست بولۇپ كەلگەندىن كېيىن قادىرمۇ سادىرغا ئەگىشىپ پىۋىخانىغا بارىدىغان بولۇۋالدى. بۇ پىۋىخانا ئۇلارنىڭ كوچىسىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ دائىملىق ۋە كەچلىك خېرىدارلىرى بولاتتى. دۇكاننىڭ ئىسمى پىۋىخانا بولسىمۇ ھاراقمۇ سېتىلاتتى ۋە شۇڭا بۇ يەردىن بىر توپ ھاراقكەشلەرمۇ ئۆكسۈمەيتتى.

قادىرنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، سادىر ھاراق ئەمەس پەقەت پىۋا، پىۋا بولغاندىمۇ باھاسى ئەرزان، زاكوسكا كەتمەيدىغان پارچە پىۋا ئىچەتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن ئۈلپەت بولمايتتى، ھېچكىمنىڭ تۇتقان ھاراق ياكى پىۋىسىنى ئىچمەيتتى، ئۆزىمۇ ھېچكىمگە

پىۋا تۇتمايتتى. قادىرچۇ؟ ئۇ باشتا ئاكىسى سىزىپ قالسا قوغلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، لېكىن، ئاكىسى سىزىپ قېلىپمۇ ھېچنېمە دېمىدى ۋە يېنىدا بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. «ئىچمەيمەن» دېۋىدى، زورلاپمۇ كەتمىدى.

مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈچ ئاي ئۆتتى. قادىر بولسا ئاكىسىنىڭ پىۋىكەش بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. بۇ ھالەت ئۇلار مەجىددىن دېگەن بىر يىگىت بىلەن تونۇشقىچە داۋام قىلدى. مەجىددىن ئۇلارنىڭ پىلانىنى، كەسپىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىر ئاخشىمى سادىر بىلەن قادىر پىۋىخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قادىر بېرىپ يەتتە موچەن تۆلەپ بىر لىتر پىۋا ئەپكېلىپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. سادىر قاچىنى قولىغا ئالا - ئالماي ئېگىز بويلۇق، قاتاڭغۇر، يېشى 24 - 25 لەرگە بارغان، خېلى سالاپەتلىك بىر يىگىت ئۈستەل يېنىدا پەيدا بولدى - دە، ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن:

— بۇرادەرلەر، رەنجىمىسەڭلار بىز ئىككىمىزگىمۇ ئورۇن بەرسەڭلار، — دېدى سادىر بىلەن قادىرغا نۆۋەت بىلەن قاراپ ۋە تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئولتۇردىغان جاي قالماپتۇ، بولمىسا، سىلەرنى ھەرگىز بىزاۋتە قىلغۇم يوق ئىدى ...

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دېدى سادىر ئۇنىڭغا سوغۇققىلا قاراپ ۋە ئورۇندۇقىنى تام تەرەپكىرەك سۈردى.

قادىرمۇ ئاكىسى ئولتۇرغان تەرەپكە سۈرۈلدى - دە، بۇ كىشىنىڭ سىپايىگەرلىكىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى. چۈنكى، پىۋىخانىدا دېمىسىمۇ ئادەم كۆپ، ئورۇندۇق يېتىشمەيتتى، يېتىشكەندىمۇ قايسى ئۈستەل يېنىدا ئورۇندۇق بولسا خالىغان كىشى ئولتۇرۇۋەرسە بولاتتى. بۇ كىشى قارىغاندا بۇ شەھەرلىك بولمىسا كېرەك، كىيىۋالغان كاستيۇم - بۇرۇلكا ۋە تاقىغان گالستۇك، مەيدە يانچۇقىدىن ساڭگىلاپ چىقىپ تۇرغان مودا سائەت بېغىدىن قارىغاندا خېلىلا باي، ئالىپتە كىشى ئىدى. ئۇ پوكەي تەرەپكە ئىككى قېتىم بويۇنداپ قارىدى. بۇ ھەرىكىتىدىن ۋە بايا «ئىككىمىز» دېگىنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھەمراھى ئادەملەر ئولىشىۋالغان پوكەي ئالدىدا بىر نەرسە ئېلىش بىلەن ھەلەك ئىدى. قادىر ئۇنىڭ بۇ شەھەردە تېپىلمايدىغان، مېتىرى كەم بولغاندىمۇ 60 يۈەندىن توختايدىغان كىيىمىنىڭ سارجىسىغا قاراپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇلاردا مۇشۇنداق سارجىدىن بىر توپ بولغىنىدا بازىرى ئىتتىك شەپكىلەرنى تىكىپ سېتىۋالغان بولاتتى.

— تاماكا چېكىڭ، — دەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى ئالىپتە يىگىت.

قادىر تاماكا چەكمەيتتى. شۇڭا، قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ: «رەھمەت، مەن چەكمەيمەن» دېدى. ئالىپتە يىگىت سادىرغا تەڭلىدى. ئۇ باياتىندىن بېرى پىۋىسىنى ئاز - ئاز ئوتلاپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۆزىگە تاماكا تەڭلەنگىنىنى بايقاپ ئۇمۇ بېشىنى كۆتۈردى - دە، خېلى ئەدەب بىلەن:

— رەھمەت، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دېدى.

ئالىپتە يىگىت خىجالەت بولمىدى. ئۇ تاماكىنى لېۋىگە قىستۇرۇپ كاستيۇمىنىڭ

uyghurkitap.com



يانچۇقىدىن گاز بىلەن ياندىغان چاقماقنى چىقىرىپ ئەمدى تۇتاشتۇراي دەۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ھەمراھى بىرمۇنچە قەلەي قۇتىلىق پىۋا ئېلىپ كېلىپ ئۇستەلگە تىزىپ قويدى. ئاندىن يەنە پوكەي تەرەپكە كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي ئىككى قولىدا تۆت تەخسە زاكوسكىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

سادىر بىلەن قادىر ئالپتە يىگىتنىڭ ھەمراھىنى تونۇيتتى. ئۇمۇ 24 بىلەن 25 ياشلار ئارىسىدا بولۇپ ھەر ئاخشىمى مۇشۇ پىۋىخانىدا چەت ئەل پۇللىرى، زايوم، بېلەت ـ چەكلەر سودىسىنى قىلاتتى. بۇ سودىنىمۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ پۈتتۈرەتتى. باشقىلار ئۇنى «ھوشۇر ئەپقاچتى» ياكى قىسقارتىپلا «ئەپقاچتى» دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ سادىر بىلەن قادىرنى ھەمراھىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كونا ئۇلپەتلەر، — دېدى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلارغا ھەمراھىنى ئىشارەت قىلىپ، — ئىسمى مەجىددىن، بېيجىڭدىن كەلدى، — دەپ تونۇشتۇردى.

سادىرنىڭ چىرايىدىن بۇ يېڭى ئۇلپەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قادىر بولسا خېلى قىزىقىپ قالغانىدى. مەجىددىن ھاپىلا ـ شاپىلا قەلەي قۇتىنىڭ ئاغزىنى تارتىپ ئېچىپ سادىرغا، ئاندىن يەنە بىرنى قادىرغا تەڭلىدى. ئەمما ئىككىيلەننىڭ «رەھمەت، ئۆزىڭىزنى كايىتماڭ» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىدى.

— كايىمىش دېگەن نەدە تۇرۇپتۇ، قېنى ئىچىڭىزلەر، بۇ پەقەت پىۋىغۇ، — دېدى مەجىددىن يەنىلا خىجالەت بولماي ۋە بىردىن قۇتىنى ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئەپقاچتىغا قاراپ بۇيرۇدى، — بار، يەنە ئىككى جۈپ چوكا ئېلىپ كەل!

ئەپقاچتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چوكا ئېلىپ كەلدى. مەجىددىن ئاكا ـ ئۇكىلارنى پىۋا ئىچىشكە زورلاۋەردى ۋە ئىككى جۈپ چوكىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ سوغۇق زاكوسكىدىن ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

بۇ ئۇلپەتچىلىك سادىر بىلەن قادىرنى ناھايىتى خىجالەت قىلىپ قويدى. تونۇش بولمىسىمۇ يىراقتىن كەلگەن بىر كىشى ئۇلارنى قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. تاماكىسىنىغۇ «چەكمەيمەن» دەپ رەت قىلغىلى بولدى، پىۋىنى رەت قىلىۋېرىشكە باھانە بولمىغانلىقتىن سادىر ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. قادىر ئىچىپ باقمىغانلىقىنى، ئاكىسىغا ھەمراھ بولۇپلا ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئىچىشتىن قۇتۇلدى.

بۇ ئۇلپەتچىلىكتە ئالاھىدە گەپ ـ سۆزلەر بولۇنمىدى. مەجىددىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا پەقەت «ئۆز ئارا تونۇشۇشتى»، خالاس! لېكىن، بۇ «تونۇشۇش» نىڭ غەلىتە بىر يېرى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مەجىددىن پۇلنى ئايىماي خەجلىدى. ئۇ سادىر بىلەن قادىرنىڭ شەپكە تىكىپ ساتىدىغان ھۈنەرۋەنلەردىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. بۇنى ئەپقاچتىمۇ ئىسپاتلىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەجىددىن «تونۇشۇپ قالغانلىقنىڭ شەرىپى» دەپ ئەپقاچتىنى پوكەي تەرەپكە يەنە ئىككى قېتىم ئەۋەتتى. سادىر بۇ يىگىتنى باشتا سودىگەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ «ئىلتىپاتى» ئاۋۇپ كەتكەنسېرى كېيىن سودىگەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ئەجەبلەندى. چۈنكى، سودىگەر بولسا قول ھۈنىرى قىلغۇچىلار بىلەن بۇنچىلىك يېقىن ئۇلپەتداشلىق قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل سۆھبەت جەريانىدا

مەجىددىن سادىر بىلەن قادىرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈستىدە رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە ئېغىز سوئال سوراپ قويۇپ، بازار ئەھۋالى، سودا ـ سېتىق توغرىسىدا لام ـ جىم دېمىدى. ئەپقاچتى ئىككى قېتىم بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىغان ئادەم چىقمىدى.

ئۇلپەتلىشىش سادىرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ئەتە يەنە سەھەر تۇرۇپ دۇكانغا بېرىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەجىددىن يەنە بىردەم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى- يۇ، چىڭ تۇتۇپمۇ كەتمىدى.

— مەن مېھمانخانىغا چۈشتۈم، — دېدى ئۇ ئالىي دەرىجىلىك بىر مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، — خالىساڭلار ھەرقانداق بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىڭلار.

— سىزمۇ بىز نەرەپكە بېرىڭ، — دېدى سادىر مۇجمەلرەك قىلىپ. ئۇ ئۆيگە ياكى دۇكانغا بېرىشنى ئېيتمىدى. قادىر ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن تومتاقلا تەكلىپ قىلغىنىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇنداق ئالپتە بايۋەتچىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپمۇ، دۇكانغا تەكلىپ قىلىپمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئىدى. ئەمما، مەجىددىن بۇ تەكلىپكە جىددىي قارىدى:

— چوقۇم بارىمەن، بارماي قويمايمەن. سىلەر ئۈچۈن ئۆيدە كۆرۈشۈش ئەپلىك بولسا ئۆيۈڭلەرگە، دۇكاندا كۆرۈشۈش قولايلىق بولسا دۇكانغا بارىمەن. قېنى قايسىسى مۇۋاپىق؟

— دۇكانغا بېرىڭ، — دېدى سادىر بىر چەتكىرەك قاراپ پەس ئاۋازدا.

قادىر ئاكىسىنىڭ قىسىلىۋاتقىنىنى ئاقلاپ قوشۇپ قويدى:

— ئۆيدە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ياشانغان ئانىمىز بار ئىدى، ئۇ ئىچىشمەكنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ...

— خوپ، سۇ ئىچىش ئۈچۈنمۇ ئازادىلىك بولغىنى تۈزۈك، — دېدى مەجىددىن قېتىر- قىنىپ كۈلۈپ ۋە بۇ كۈلكىسى بىلەن سادىرنىلا ئەمەس قادىرنىمۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇل- دۇردى، — مەن توپتوغرا دۇكانغىلا باراي. دۇكان...

— مەن بىلىمەن، باشلاپ ئاپىراي، — دەپ ئالدىغا ئۆتتى ئەپقاچتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن سادىر مەجىددىن توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— شۇ بۇرادەردە بىر گەپ بارغۇ دەيمەن ئۇكام، ئاخشام بىزگە كانىدەك چاپلىشىپلا ئالدى. ئۇنىڭ باشقىچە بىر مۇددىئاسى باردەك قىلىدۇ... ئۇنىڭ تۈز ـ تائامىغا ئېغىز تەگ- كۈزدۇق. ئەمدى بىزمۇ ئۇنى مېھمان قىلىپ قويمىساق بولماس.

— ھېچ ۋەقەسى يوق ئاكا، — دېدى قادىر ئاكىسىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى سېزىپ، — كەلسە بىرنەچچە بوتۇلكا پىۋا قويۇپ بېرەرمىز، بىر ـ ئىككى جىڭ پىششىق گۆش توغراپ بېرەرمىز، دۇنيادىن ئۇلپەتچىلىكسىزمۇ ئۆتكىلى بولماس...

ئۇلار مەجىددىننى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ قالار، دەپ مۆلچەرلەشكەنىدى، ئەمما، مەجىددىن شۇ ئاخشىمىلا — ئاكا ـ ئۇكىلار دۇكاننى تاقاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا خېلى ۋەزنى بار بىر سومكىنى كۆتۈرگەن ئەپقاچتىمۇ بار ئىدى.

— ۋاقىت ئۈزىراپ كەتسە بىر ـ بىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى دەپ بۈگۈنلا كەلدىم، —

uyghurkitap.com

دېدى مەجىددىن تۇنۇش بولۇپ قالغان كۈلكىسى بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ قولىنى نۆۋەت بىلەن قىسىپ، ــ كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

سادىر بىلەن قادىر تەييارلىقسىز تۇرغىنىغا قارىماي دەرھال ئولتۇرۇشقا جاي راسلىدى. ئەپقاچتى رەخت پىچىدىغان ئۈستەلگە ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن سومكىسىدىن قەلەي قۇتىلىق پىۋا، پىششىق گۆش، زىخىدىن سىيرىۋالغان كاۋاپ، خالتىلىق مېغىز دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىپ تىزىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق، چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى ئەينەك رومكا ئالدى. سادىر ئۆزلىرىگە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن مەجىددىنگە سوغۇق بىر قاراپ، ئەپقاچتىغا ئالىيىپ قويدى، ئەمما، ھېچنېمە دېمىدى.

ئىچىشىش سورۇنلىرىدا بولىدىغان تەكەللۇپ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىمۇ باشقىچە شەكىل بىلەن دېيىلىپ بولدى. سادىر پىۋا ئىچتى. قادىر بولسا ھېچنېمە ئىچمىدى. مەجىددىن بىلەن ئەپقاچتى ھاراق بوتۇلكىسىنى يېرىم قىلغاندىن كېيىن، ئەپقاچتى سودا ـ سېتىق ئۈستىدە گەپ باشلىۋىدى، شۇ چاققىچە تەكەللۇپ، تۇزۇت سۆزلەردىن باشقىسىنى قىلمىغان سادىر خېلىلا ئەستايىدىللىق بىلەن مەجىددىندىن سورىدى:

ــ يىگىت، ئۆزىڭىز خېلى ئوكلۇق، مەرد كىشى ئىكەنسىز، بېيجىڭدا نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىسىز دەپ سورىساق ئېغىر كەتمەس؟

مەجىددىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

ــ سىلەرنىڭ ئىككى ئاخشامدىن بېرى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سورىمىغىنىڭلار ئېغىر كەلگەنىدى، ــ دېدى ۋە رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئادەتتىكى بىر سۆزنى دېگەندەك تۈزلا ئېيتتى، ــ پەن ـ تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيمەن.

بۇ جاۋابقا قادىر ھەممىدىن بەك ھەيران بولدى. ئۇ بىر چاغلاردا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنسىلا ئالەم فىزىكىسى ياكى ئاسترونومىيە، ھېچ بولمىغاندىمۇ تىل تەتقىقاتى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش چۈشىنى كۆپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ چۈشى چۈش پېتى قالدى. كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ كىشى ئۇنىڭ نەزەرىدە تەتقىقاتچىغا ئوخشىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەۋەسلىنىپ:

ــ قايسى ساھەدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟ ــ دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدى.

ــ قەدىمكى يېزىق تەتقىقاتى، ــ دېدى مەجىددىن پەرۋاسىزلىق بىلەن ۋە بۇ ھەقتە گەپ ئاۋۇمىسۇن دېگەندەك باشقىلارنى يەپ ـ ئىچىشكە زورلىدى، ــ قېنى بۇرادەرلەر، يەڭلار، ئىچىڭلار...

سادىر ئۇنىڭغا تېخىچە مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. قادىر ئاكىسىنىڭ بىر نېمىدىن شەكلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالغان مەجىددىندىن كۆپرەك بىر نەرسە سورىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى.

ــ سىز قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ ئوقۇغان ئالىي مەكتىپىم ئىككى، ئاخىرقىسى تېخى تۈگىمىدى. ھازىر مەن پىراكتىكا ئۈستىدە، ــ دېدى مەجىددىن ۋە يەنە باشقىلارنى يەپ ـ ئىچىشكە زورلاپ تۇرۇپ

قادىرنىڭ قولىغا بىر تۇخۇنىڭ پاچىقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇنىڭدىن ئەمدى بۇ ھەقتە گەپ سورىما دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. بىراق قادىرنىڭ ئورنىغا سادىر سورىدى:

ـــ ئۆزىڭىز ئىلمىي ئادەم ئىكەنسىز، بىزلەردەك قارا تۇركلەر بىلەن ئۈلپەتلىشىپ، بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى سورىساق ئەدەبسىزلىك بولماس ـ ھە؟

مەجىددىن يەنە كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

ـــ سىلەرچە بولغاندا پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار چېچى ئاقارغان، كۆزەينەك تاقىغان، ئىشخانىدىن چىقماي خەت يازىدىغان ياكى كىتاب ئوقۇيدىغانلار بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ۋە ھەممەيلەنگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا سىلەر پەرەز قىلغاندەك ياشانغانلار بار، بىزدەك ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ بار. ھازىر ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار تېخى كۆپ ساندا...

سادىر سوئالىغا بىۋاسىتە جاۋاب ئالالمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بولدى قىلغۇسى كەلمىدى. مەجىددىن رومكىسىنى بىكار قىلىشىغىلا ئۇ يەنە سورىدى:

ـــ بىزدەك ئاددىي ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ تەتقىق قىلامسىز؟

ـــ ياق، مەن قەدىمكى يېزىقتىن باشقا ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارمىدىم...

ـــ ئەمىسە ...

ـــ ئەجەبمۇ گىرىلىك قىلدىڭىز بۇرادەر، ـــ دېدى ئەپقاچتى سادىرنى سىلكىپ خېلىلا توڭلۇق بىلەن، ـــ بۇ كىشىگە، ـــ ئۇ رومكىسى بىلەنلا مەجىددىننى ئىملىدى، ـــ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياردەمچى كېرەك ئىكەن. ئۇ دەسلەپ مېنى تاپقانىدى، ئاڭلاپ باقسام بېرىدىغان ھەققى ئاز ئەمەس ئىكەن، دوللارچىلىق قىلىش بىلەنمۇ يامان ئەمەس ياشاۋاتاتتىم، لېكىن ئۇ دەتتىكام قىلىدىغان بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتمۇ ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ماقۇل دېدىم. ئىككى يىگىت تاپقىن دېۋىدى، ئاخشام سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. مەنمۇ ئاۋارىچىلىقتىن خالاس بولدۇم...

مەجىددىن كۈلۈپ باش ئىشارىسى بىلەن ئەپقاچتىنىڭ سۆزلىرى راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاندىن ئۆزىگە ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ قالغان ئاكا ـ ئۇكىلارغا شۇنداق دېدى:

ـــ ھوشۇر ئالدىراپلا ئېيتىپ قويدى. بولمىسا، بىز بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇپ بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشسەك تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مەنغۇ ئاخشام بىردەم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. لېكىن، سىلەرنىڭمۇ مېنى چۈشىنىشىڭلار لازىم ـ دە!...

ـــ بىز سىزگە قانداق ياردەم بېرىمىز؟ ـــ دەپ سورىدى سادىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. باياتىن ئەپقاچتى دوللارچىلىقتىنمۇ بۇنىڭ بېرىدىغان ھەققى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇ قىزىقىپ قالغانىدى.

مەجىددىن جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. ئۇ ھەممەيلەننى ئىچىشكە زورلىدى. ئاندىن زاكوسكىدىن ئېلىڭلار دەپ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، سادىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋەتمەي تۇرۇپ ئۇلارنى يېڭىۋزگىلى ۋە ئىچۈرگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئادەتلەنگەن كۈلكىسى بىلەن كۈلدى.

— بىز بىللە سەپەرگە چىقىمىز، بىر جايدا قەدىمكى خارابە ئىزى بار، شۇ يەرنى قازىمىز. ئەگەر شۇ يەردىن مەن تەتقىق قىلىدىغان قەدىمكى يېزىق چىقىپ قالسا، بىرەيلەننىڭ ئىش ھەققى 10 مىڭ يۈەندىن بولىدۇ. چىقماي قالسا بەش مىڭ يۈەندىن بولىدۇ، لېكىن، قەدىمكى يېزىق ئۇ يەردە چوقۇم بار. ئۇنى تاپالايدىغانلىقىمىزدا شەك يوق. ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، ھۆكۈمەت تۇتسا سېپى يوق تەۋەككۇل ئىشقا پۇل خەجلىمەيدۇ. سەپەر ھەققى، يېمەك ـ ئىچمەك ھەققى ئۈچۈن سىلەر پۇل تۆلىمەيسىلەر...

— قانچىلىك ۋاقىت كېتەر، — سورىدى سادىر ئانچە قىزىقمىغاندەك.

— ھازىرچە بىر نېمە دېيىش قىيىن، — مەجىددىن ئويلىنىپ جاۋاب بەردى، — ئىككى ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك. ئەمما، ھۆددە قىلىمەنكى، بىر ئايدىن ئاشمايدۇ.

— بارىدىغان جايىمىز قايسى تەرەپتە؟ — سورىدى قادىر ئالدىراپ. ئۇنىڭغا مەجىددىننىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى شۇنچە قىزىقارلىق ۋە مەنىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى.

— بۇ مەسىلىنى ئاۋۋالقى مەسىلە ھەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن دېيىشىمىز، — دېدى مەجىددىن تۇتۇقلۇق بىلەن، — يەنى، سىلەر ئىككىڭلار ماڭا ياردەملىشىشكە قوشۇلامسىلەر ـ يوق؟

قادىرنىڭ شۇتاپىنىڭ ئۆزىدىلا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگۈسى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاكىسىغا تەمە بىلەن قارىدى. سادىر خېلى بىر ھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەيلا:

— ئويدانراق مەسلىھەت قىلىپ جاۋاب بەرسەك بولارمىكىن، — دېدى.

— مەسلىھەت قىلىدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى ئەپقاچتى سادىرغا قاراپ، — پۇل تاپىدىغان ئىشقىمۇ مەسلىھەت قىلىش كېتەمدۇ؟ ھەش ـ پەش دېگۈچە 10 مىڭ يۈەن سانايدىغان يەر بار دېسە مەن باراي دەيدىغانلاردىن بىر دەمدە يۈزنى تاپقىلى بولىدۇ...

— ھەببەللى، — دېدى سادىر مىيىقىدا كۈلۈپ ئەپقاچتىغا قاراپ، — دەل ئاشۇ ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىق سەۋەبىدىن مەسلىھەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ـ دە!

— شۇنداق، شۇنداق بولسۇن، — مەجىددىن بىر نېمىلەرنى ئويلىدى بولغاي، كۈلكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سادىرنى قوللاپ چىقتى، — مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس دېگەن گەپ بار، — ئۇ سادىرنىڭ ئالدىغا كاۋاپ بار قەغەزنى ئىتتىرىپ قويۇپ يەنە مۇنداق دېدى، — مەسلىھەت قىلىڭلار، ھوشۇر گەرچە خالايدىغان ئادەم كۆپ دېگىنى بىلەن ھەممىلا ئادەمنى ياردەمگە چاقىرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق جاپا ـ مۇشەققىتى بار، يېرىم يولدا يەل قويۇۋەتسەك ئىش ئەپلەشمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق مەخپىيەتلىكىمۇ بار. چۈنكى، بىز ئىزدىمەكچى بولغان قەدىمكى يېزىق دۇنيادىكى يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدە بىر گۆھەر ھېسابلىنىدۇ، — ئۇ ئارتۇق سۆزلەپ قويغاندەك دەررۇ سۆزىنى توختىتىۋالدى. سەھۋەنلىكى ئۈچۈن ھاراق سەۋەبچى بولغاندەك رومكىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئىچىدىكى ھاراققا كۆزلىرىنى قىسىپ بىردەم قارىدى. كېيىن بەرىبىر ئېغىز ئاچتى، — شۇڭا بۇ ئىشنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئېيتىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن دۆلەت نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ قېزىپ تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرغان ـ دە!

ئۇ كېيىنكى جۈملىلەرنى سادىرغا قارىتىپلا سۆزلىدى. سادىر ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراپ

ئۆلتۈرمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قادىلىپ قاراشلىرىنى سېزىپ ئولتۇردى ۋە «مەسلىھەت قىلغاندىمۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلا!» دېگەن بېشارەتنى چۈشەندى.

ھاراقتىن قىپقالغان ئاخىرقى رومكىنى ھوشۇر ئەپقاچتى ئىچىۋەتتى. پىۋىسىدىن يەنە بىر قۇتا قالغانىدى، ئۇنى سادىرنىڭمۇ ئىچكۈسى كەلمەي مەجىددىن تەرەپكە سۈرۈپ قويدى. مەجىددىن خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە:

— بۈگۈنكى ئولپەتچىلىكىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى سادىرغا قول ئۇزىتىپ، — بايا دېيىشكىنىمىزدەك مەسلىھەت قىلىڭلار. جاۋابى ئۈچۈن ئۈگۈنلۈككە كەچتە كېلىمەن.

— بولىدۇ، — ماقۇل بولدى سادىرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن ئاكا-ئۇكا ئىككىڭلارنىڭ ماقۇل بولىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، — مەجىددىن ئىشىك يېنىغا بېرىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — ھەر ئىككىڭلار يار دەملىشىڭلار، ئۆيىنى ياكى دۇكاننى دەپ بىرسىڭلار باربىغان، بىرسىڭلار قالىدىغان مەسلىھەتنى قىلىپ يۈرمەسلىكىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. تەكرارلىسام، يېڭى ھەمراھ تېپىپ، بىر-بىرىمىزنى چۈشىنىپ بولغىچە يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يىغىلغىنىمىز بويىچىلا گۆھەر ئىزدىگۈچى گۇرۇپپا بولۇپ قالساق ئوبدان ئەمەسمۇ؟

— بارساقمۇ، قالساقمۇ ئاكا-ئۇكا دائىم بىللە بولىمىز، — دېدى سادىر.

ھوشۇر ئەپقاچتىمۇ مەجىددىنگە كاپالەت بەردى:

— ئاكا-ئۇكىلار تەڭ بارىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

## سىرلىق سەپەر

— ئۇنىڭ بىزنى مېھمان قىلىۋېرىشىدە بىر سەۋەب بار، دەپ ئويلىۋېدىم، دېگىنىمدەك بولدى، — دېدى ئەتىسى سادىر ئىنىسىغا.

— ياخشى ئىش ئىكەنغۇ؟ — قادىر ئاكىسىنىڭ نېمىشقا شۇبھىلىنىۋېرىشىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىدىن كۆرە ئىلمىي قىممىتىگە بەكرەك قىزىقىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاكىسىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ سۆزلىدى، — ئەگەر ئۇ ئۆزى دېگەن يېزىقنى تاپالىسا ئىككىمىز 10 مىڭدىن 20 مىڭ يۈەنلىك بولۇپ قايتىدىكەنمىز، زادى بولمىغاندىمۇ بەش مىڭدىن 10 مىڭ يۈەنلىك ۋەجدار بولۇپ قالىدىكەنمىز. بۇنىڭغا ھەر قانچە كەتسە بىر ئاي كېتىدىكەنغۇ؟ ئىككىمىز بۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپ بىر يىلدىمۇ بەش مىڭ يۈەن جۇغلىيالمىسمىز...

سادىر ئىنىسىغا تەنە بىلەن بىر قاراپ قويدى-دە، ماشىنىنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ:

— بىر بالاسى بولمىسا سايدا ياتامدۇ قۇيرۇق ياغ، دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئاسان كەلگەن پۇلنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بولۇپ يۈرمىسۇن؟

— دەردى چىقمايدۇ، — ئىشەنچ بىلەن دېدى قادىر، — ھۆكۈمەتمۇ يەن-تېخنىكا خادىملىرىنى قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى قېزىش-تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇۋاتامدۇ؟ بۇ سېنىڭ كىتاب، گېزىت ئوقۇمىغانلىقىڭنىڭ كاساپىتى. بىز دۇكانغا بىر سان گېزىتكە مۇشتىرى بولۇپ قويساق بولغۇدەك...

www.uyghurkitap.com



— ئەمىسە، ئۇ نېمىشقا بۇ ئىشنى سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ؟ — سادىر يەنىلا قايىل بولمىدى.

قادىر كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاكىسىنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە مىساللارنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما ئاكىسىنىڭ گەپ قىلماي شەپكە تىكىشكە كىرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ قايىل بولغاندەك تۇردۇ، دەپ ئويلىدى.

تېگىدىن ئېيتقاندا، قادىرنىڭ ئاخشامدىن بېرى ئىچىگە بىر ئوت كىرىۋالغاندەك بولۇپ قېلىپ ئۇيقۇسىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇ مەجىددىنىدىن قەدىمكى يېزىق تەتقىقاتى بويىچە ئۆزىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئويلاپ قويغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى شۇقەدەر قانات قاقتىكى، بەزىدە دەم ئاللىقانداق گۈزەل كەلگۈسى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى. بەزىدە يەنە، ئەگەر مەجىددىن رەت قىلغاندىمۇ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ تەتقىقاتى دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندا، يېزىق تېپىشقا قاتناشقانلار قاتارىدا ئۆزىنىڭمۇ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىدىن خۇشاللىناتتى.

چۈشتىن كېيىن قادىر رايونلۇق كۇتۇپخانىغا باردى ـ دە، ئاكىسىنى قايىل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن بىر دەستە كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەلدى. سادىر ئىنىسىنىڭ كىتاب كۆتۈرۈپ كېلىشتىكى غەرىزىنى بىر قاراپلا چۈشەندى. ئۇ بۇنىلا ئەمەس قادىرنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنىمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— پىرژىۋالىسكى، چوقان ۋەلىخانوۋ، ستەين دېگەنلەرمۇ شىنجاڭغا يالغۇز كەلگەن، ئۇلار يەرلىك ئادەملەرگە پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسار ـ ئەتىقە ئاختۇرغان. ئەسلىدە ئۇلار روسىيە ۋە ئەنگلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈچۈن ئىشلەيتتى. مانا، ماۋۇ كىتابتا ئاشۇلارنىڭ ئىشلىرى يېزىلغان. ئوقۇپ باق، سىرگىي مالوۋمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىمى سۈپىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ قۇمۇل، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چۆچەك ياكى ناخشا ئېيتىپ بەرگەن يەرلىك ئاھالىگە بىرمۇنچە پۇل بەرگەن. مانا، ماۋۇ كىتابتا خەنزۇ ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ھەققىدە...

— بولدى، بولدى. نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى ئۇقۇپ بولدۇم، — دېدى سادىر ئىنىسى تەڭلەۋاتقان كىتاب، ژۇرناللارنى باشقا بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ، — ئاخشامدىن بېرى تۇتقان ـ قويغىنىڭنى بىلمەيۋاتىسەن، بەك بارغۇك كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن؟

— سەنچۇ؟ — سورىدى قادىر سەل ئەجەبلەنگەن ھالدا قولىدىكى بىر ژۇرنالنى مەقسەتسىزلا ۋاراقلاپ تۇرۇپ.

سادىر سەل ئىككىلىنىپ بىردەم ئولتۇردى ـ دە، كېيىن ئىنىسىغا كۆيۈنۈش نەزەرىدە قاراپ:

— سېنى يالغۇز ئەۋەتەلمەيمەن، شۇڭا مەنمۇ بارىمەن! — دېدى.

قادىر 18 گە كىرگىنىنى ئۇنتۇپ سادىرنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغىلى تاس قالدى. خۇشۇيلۇقتىن ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى. سادىر بۇلارغا ئېتىبار بەرمەي:

— پېۋا ئىچكىلى بارىمەن، بارامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سېنى يالغۇز ئەۋەتەلمەيمەن، شۇڭا مەنمۇ بارىمەن! — دېدى قادىر ئاكىسىنىڭ ھازىرلا ئېيتقان سۆزىنى يۇمۇرلۇق تەكرارلاپ.

پېۋىخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئەمما ئۇ يەردە مەجىددىنمۇ، ھوشۇر ئەپقاچتىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئەتىسى ئاكا-ئۇكىلار مەجىددىننى كۈتتى. ئۇلار مەجىددىن ھوشۇر ئەپقاچتى بىلەن يەنە كەچتە كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى، لېكىن چۈشتىن سەل ھالقىغاندا مەجىددىن يالغۇز كىرىپ كەلدى. ئۇ سادىردىن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىنى يوشۇرمىدى:

— رەھمەت، مەن سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قارارغا كېلىدىغانلىقىڭلارنى مۆلچەرلىگەنىدىم، — دېدى.

— ئاخىرقى ئۆتكەل بار تېخى، — ئەسكەرتتى سادىر، — بىز ئانىمىزغا بىرەر ئىشنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ رازىلىقىنى ئېلىشىمىز لازىم.

— ئاكا-ئۇكىلار بىر قارارغا كەلگەنلا بولساڭلار ئانىمىزنى قايىل قىلىش تەس ئەمەس، — دېدى مەجىددىن ئىشەنچ بىلەن، — بىز بەك ھايال بولمايلا قايتىمىز، شۇنداقتىمۇ مومايىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بىر — ئىككى مىڭ يۈەن قالدۇرۇپ كېتىشكە بولىدۇ. ماقۇل دېسەڭلار مېڭىش ئالدىدىن بۇ پۇلنى بېرىمەن...

بۇ مەردلىك ھەرقانداق گۇمان ۋە ئالدىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان تەشۋىشلەرنى تارقىتىۋېتەلەيتتى. قادىر بۇنىڭغا ئاشۇنداق قارىدى ۋە كۆڭلىدە «ئەمدى ئاكامدا ھەرقانچە شۈبھە بولسىمۇ قالمايدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن، سادىر بۇنداق قىلىشنى نېمىشقىدۇ خورلۇق ھېس قىلغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ:

— رەھمەت، ئانىمىزنى قايىل قىلىش ئۈچۈن پۇل كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بىساتىمىزدىمۇ ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىمىز بار، — دېدى.

— ئەمىسە تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار، نېرىسى ئالتە-يەتتە كۈن، بېرىسى ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز، — دېدى مەجىددىن ۋە خېلى قىزغىنلىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — تەكرارلىشىم ھاجەتسىز بولسىمۇ دەپ قوياي، بۇ ئىش توغرىسىدا باشقىلار ئۇقماي تۇرسۇن. بۇنداق دېسەم رەنجىمەڭ يەنە، — ئۇ بارغانچە تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقان سادىرغا قاراپ نەسىھىتىنى توختاتتى-دە، سورىدى، — ماڭىدىغان چاغنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تېپىشىدىغان ئورنىمىز...

— دۇكانغا كېلىڭ، — دېدى سادىر توڭلۇق بىلەن، — جەھەننەمگە بارىدىغان سەپەر بولغاندىمۇ بىز يەنىلا مېڭىش ئالدىدا مۇشۇ دۇكاندا بولىمىز.

مەجىددىن سادىرنىڭ نېمىشقا رەنجىگىنىنى چۈشىنەلمەي ئۈن-تىنسىز بىردەم تۇرۇپ كەتتى، كېيىن سىپايىلىق بىلەن:

— ئۇنداقتا خەير-خوش! ماڭىدىغان چاغدا مەن يەنە كېلىپ خەۋەر قىلارمەن، — دېدى.

ئۇنى قادىر ئۇزىتىپ قويدى ۋە سىرتتىن كىرىپ ئاكىسىغا:

— كۆڭلۈڭگە بىر ئىش كەچتىمۇ ئاكا؟ — دېدى تەشۋىشلىنىپ.

سادىر ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئۆزى سورىدى:

ــ ئانامغا نېمە دەيمىز؟

قادىر بۇ ھەقتىمۇ ئويلاپ قويغانىدى، شۇڭا ئاكىسى سۆزدىن توختىشىغىلا سۆزلەپ كەتتى:

ــ ھازىر شەھەردە شەپكىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا يېقىنراقتىكى بىر ـ ئىككى ناھىيىگە بېرىپ دۆۋىلىشىپ قالغان شەپكىلەرنى ساتىمىز، بازار ئەھۋالىغا قاراپ ئونبەش ـ يىگىرمە كۈندە قايتىپ كېلىمىز، دېسەك ئۇ ئىشىنىدۇ...

ــ يالغان گەپ قىلىدىكەنمىز ـ دە؟ ــ سادىر ئىنىسىغا قادىلىپ قارىدى.

قادىر كۆزىنى ئاكىسىدىن قاچۇرۇپ:

ــ ئەمىسە... ــ دېدى ـ يۇ، تۇختاپ قالدى.

ــ بالا ئانىسىنى ئالداپ يالغان گەپ قىلسا بولمايتتى، ــ دېدى سادىر خېلىدىن كېيىن، ــ لېكىن، بۇ قېتىم سەن دېگەندەك بولسۇن، بىز ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىپ بىر قېتىم ئالدايلى... بىز ئۆزىمىزمۇ چوپچوڭلا ئادەم تۇرۇقلۇق ئالدىنىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟

قادىر ئاكىسىغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئاكىسىنىڭ دەيدىغان يەنە گېپى باردەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما ئۇنىڭ: «بىز چوپچوڭلا ئادەم تۇرۇپ ئالدىنىۋاتىمىز» دېگەن سۆزى قادىرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. ئەجەبا بۇ ئىشنىڭ قادىر ئاڭقىرالمىغان مەخپىي تەرەپلىرىمۇ بارمىدۇ؟ ئاكىسى بۇنى سەزگەن بولسا نېمىشقا ئىنىسىغا ئوچۇق ئېيتمايدىغاندۇ؟ ئۇ شۇلارنى خىيال قىلدى ـ يۇ، ئاكىسىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى.

ئۇلار كەچ بولغىچە سەپەرتوغرىسىدا گەپلەشمىدى. سادىر ئون ـ يىگىرمە كېپكە، 30 دەك چېكىلىكلىك شەپكە پىچتى. ئالتە ـ يەتتىدەك شەپكە ساتتى. قادىر بولسا شەپكە ئەستەرلىرىنى تىكتى. ئۇلار خېرىدارلار بىلەن گەپلەشتى، بىر ـ ئىككى تونۇشلار كىرگەندە بەش ـ ئون مىنۇتتىن پاراڭلاشتى. بىراق، ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە نورمال بولمىغان بىر غەشلىك بار ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سادىر پىشۇدىخانىغا بارماقچى بولۇپ قادىرنىڭ بېرىش ـ بارماسلىقىنى سورىدى. قادىر شۇ چاغدىلا ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە يول ئۈستىدە:

ــ ھېلىقىلار ئالمادىس ئۇچراپ قالسا بارالمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، بۇنىڭغا ئانىمىزنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتسەك قانداق؟ ــ دېدى.

ــ مانا دېمىدىممۇ؟ ــ دېدى سادىر ئىنىسىغا كۆيۈنۈش ئارىلاشقان تەنە بىلەن، ــ يەنە يالغان گەپ قىلىدىكەنمىز ـ دە؟ بىر قېتىم يالغان گەپ قىلىپ ئاقتۇرۇۋالساڭلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى يالغانچىلىقلارمۇ تۇغۇلۇۋېرىدۇ. يالغان گەپ قىلىشمۇ قىمارۋازلىققا ئوخشايدۇ ئۇكام...

ــ ئەگەر مەجبۇرىدىن بىز ئويلىغاندەك چىقمىسىچۇ؟ ــ قادىر «ئۇ ئەگەر سەن پەرەز قىلغاندەك ئالدامچى بولمىسىچۇ؟» دېمەكچى ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېپىقراق قىلىپ شۇنداق دېدى.

سادىر دەماللىققا بىر نېمە دېمىدى. پىشۇدىخانىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئاندىن:

— ھازىر بىر نېمە دېيىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ۋەدە بېرىپ بولدۇق. يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتسا بولمايدۇ. مۇبادا بىز ئۇنىڭ كاززاپلىقىنى بىلىپ قالساق، نەدە بىلسەك شۇ يەردە ئادا-جۇدا بولۇۋېرىمىز، — ئۇ قادىرغا سەل ئېڭىشىپ مۇنداق دېدى، — شۇڭا ئىشتىن بالدۇر ئۇنىڭ بىرتىيىن پۇلىنىمۇ ئالماسلىقىمىز لازىم.

— چۈشەندىم ئاكا، — دېدى قادىر. ئۇ ھەرقانچە بولغاندىمۇ مەجىددىننى ئاكىسى ئەنسىرىگەندەك دەپ پەرەز قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئاكىسى بىلەن تەگىششىنى خالىمىدى.

— يېنىمدا بار پۇلنى ئانامغا بېرىپ سەن دېگەندەك ئامال بىلەن ئۇنى خاتىرجەم قىلايلى، — دېدى سادىر يەنە، — سەن دېگەندەك چارە بىلەن ئەتىدىن باشلاپ بىرەر يۈزچە شەپكە تىكىپ يولغا ئېلىۋالايلى. چۈشكەن يېرىمىزدە ساتساق ئاز-تولا بولسىمۇ پۇل بولىدۇ، خەققە بېقىنىپ قالمايمىز...

قادىر ئاكىسىنىڭ ئەتراپلىق ئويلىغىنىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەتىسى راستىنلا سادىر بىر توپ كاجى ۋە بىر توپ خۇادانى ئەپكەلدى، پىچتى ۋە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن جىددەللەپ تىكىشكە كىرىشتى. مەجىددىن يولغا چىقىش ۋاقتىنى ئېنىق ئېيتمىغانلىقتىن ئاكا-ئۇكىلار ئۇ تاسادىپ كېلىپ قالغىچە تەييارلىنىۋالايلى، دەپ ئالدىراشتى.

مەجىددىن ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى. سادىر ئىنىسىنى دۇكاندا قويۇپ ئۆزى ئاھالىلەر كوممىتېتى ۋە كوچا باشقارمىسىغا بېرىپ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ تىككەن شەپكىلىرىنى سېتىش ئۈچۈن سىرتقى ناھىيىلەرگە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىسپات خەتمۇ ئېلىۋالدى. بۇ قادىرغا تېخىمۇ ياراپ كەتتى.

بۇ ئىشلار گۈلسۈمخان ئانىنى ئىشەندۇردى ۋە خاتىرجەم قىلدى. دەل شۇنىڭ ئۈستىگە مەجىددىن كەلدى:

— تەييارلىقىڭلار پۈتكەن بولسا يولغا چىقايلى، ماشىنا ساقلاپ قالدى.

سادىر بىلەن قادىر شەپكە قاچىلانغان بىر چىپتىنى ۋە ئىچ كىيىملىرى سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ دۇكاننى قۇلۇپلىدى-دە، يولنىڭ چېتىدە ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ماشىنىغا چىقىش ۋاقتىدا سادىر بىلەن مەجىددىن ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر تۇقۇنۇش بولۇپ ئۆتتى:

— نېمە بۇ؟ — سورىدى مەجىددىن چىپتىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ.

— شەپكە، — سادىر پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ چىپتىنى كوزۇپقا تاشلىدى.

— بىر تاغار شەپكىنى نېمە قىلىسىلەر؟ — سورىدى مەجىددىن ھەيران بولغىنىچە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

سادىر قولىدىكى توپا يۇقىنى قېقىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ساتىمىز-دە! سېتىپ پۇل قىلىمىز.

مەجىددىن بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كەتتى:

— بىز شەپكىچىلىك قىلمايمىز ئەمەسمۇ؟ ئاندىن، ئۇنى نەدە ساتىسىلەر؟ بىز بازارغا بارمايمىز.

— كوھقاپقا بارساقمۇ ئادەم بار جاي ئارقىلىق ئۆتەرمىز؟ — دەپ سورىدى سادىر

uyghurkitap.com

بوش كەلمەي، ـــ بىزنىڭ كەسپىمىز شەپكىچى، بارغان ـ تۇرغان يەردە شەپكە ساتىدىغان گەپ.

ـــ ئادەم بار جاي ئارقىلىق بارغان بىلەنمۇ شۇنچىۋالا شەپــكە سېتىلىپ بولغىچە ساقلاپ تۇرىمىزمۇ؟

ـــ ساتالىغىنىمىزچە ساتىمىز. بىر قىسمىنى بارغىچە، بىر قىسمىنى يانغىچــە ساتىمىز، ئېشىپ قالسا ياندۇرۇپ كېلىپ مۇشۇ يەردە ساتىمىز.

ـــ بولدى، بولدى، تالاشماڭلار، ـــ دېدى ئەپقاچتى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قولىنى شىلتىپ، ـــ دەسلەپ چۈشكەن يەردىلا سودىنى پۈتتۈرۈۋەتكىلىمۇ بولىدۇ. نەچچە پۇلــدىن توختىغان ئۇقەت بۇ؟

ـــ ئىككى كويىچە كېلەر...ـــ دېدى سادىرغا ۋەكالىتەن قادىر.

ـــ چوڭ گەپ يوق، ئىككى يېرىم كويىدىن دوڭلا ئۇرىمىز، ـــ دېدى ئەپقاچتى مەيــدىسىــگە ئۇرۇپ، ـــ مانا مەن ھــۆددە قىلىمــەن. چاربازارچىــلار ئۆلــگۈچە ئالــدۇ، قېــنى ماڭايلى...

مەجىددىن ئۇنچىقمايلا كابىنكىغا كىردى. سادىر ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ كــوزۇپىــقا چىقىپ چىپتا ئۈستىدە ئولتۇردى ـ دە، قادىرغا بىر قاراپ قويدى. قادىر ئاكىســنىڭ بۇ قارىشىدا قانداق مەنە بارلىقىنى بىلەلمىدى.

ماشىنا قوزغالدى. نەگە بارىدىغانلىقىنى، قاچان يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ «گۆھەر قېزىش» قا ئاتلانغان سەپەرچىلەر شۇ كۈنى كەچكىچە ماڭدى. چۈشتە بىر قېتىم، كېلىپ چۈشكەن يەردە بىر قېتىم تاماق يېيىشتى. مەجىددىن ئۆزى دېگىنــدەك تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىدى، ئەپقاچتىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا ھــاراق، ئۆزى بىلەن سادىــرغا پىۋا، قادىرغا گاز سۈيى بۇيرۇتتى.

ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە كۆز باغلانغۇدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. شۇــنىڭغا قارىماي، بۇ يەرنىڭ خېلى ئاۋات ناھىيە بازىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرغىلى بولاتتى: يىراقتىن كېلىۋاتقان توخۇ، تۇخۇم، گازىر ـ پۇرچاق ساتىدىغانلارنىڭ ئاۋازى تۇتۇق ئاڭــلىناتتى. ئۇلار تاماق يېگەن ئاشخانا شۇنداق كىچىك بولۇشىغا قارىماي يەنىلا قىزىق سودا قىلىۋاتاتتى. ئاشخانىنىڭ يول تەرەپتىكى دېرىزىسىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان يوك ماشىنىلىرىنىڭ غارقىرىغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىناتتى. تېخىمۇ نېرىدا خېلى كۆچىۋم ئاھالىلەر رايــونى ياكى ئىدارىلەر بارلىقى ۋاللىداپ تۇرغان لامپۇچكا نۇرلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

ـــ بۇ قەيەر؟ ـــ سورىدى سادىر مەجىددىنىدىن، ئۇ بىر لەتىپىنى سۆزلەپ توختىغاندــدا، ـــ بازىرىنى ئايلىنىپ كەلگىلى بولامدۇ؟

ـــ بۈگۈن 480 كىلومېتىر يول ماڭدۇق، بولۇپمۇ سىلەر قۇرۇق كوزۇپىتا جاقىلداپ قېقىلىپ، سوقۇلۇپ، ئولتۇرۇپ تازا چارچىدىڭلار، ـــ دېدى مەجىددىــن باشقا ماۋزۇدا سۆز ئېچىپ، ـــ ئەتە تاڭ سەھەردە يەنە يولغا چىقىدىغان گەپ. بىلمىگەن ـ كۆرمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا دېگەن گەپ بار. ئەگەر بالدۇرراق كەلگەن بولساق بازار ئايلىنىپ كېلىشسەكمۇ بولاتتى. ھازىرقى كەچلىك بازارنىڭ كۆرگۈچىلىكى يــوق. مېنىڭچە، سىلەر ئارام ئېلىپ ئۇخلىساڭلار. مەن ئەتىلىك سەپىرىمىز ئۈچۈن ماشىنا ئۈۋۈشۈپ كېلىمەن...

— يېمىشى بەلەن بولسا بېغىنى سورىماي يە دەپتىكەن، — ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان ئەپقاچتى مەجىددىننى قوللىدى، — بۇ يەرنىڭ قەيەر بولۇشى بىلەن نېمە كارىمىز، تامىقى بەلەن ئىكەن، گۆشىنىڭ تەمى تېخىمۇ ياخشى ئىكەن. ھارىقى جىلىڭ قوناقتىن ئىشلەنگەنىكەن، بازىرىنىڭ نېمە كېرىكى...؟

مەجىددىن سادىرنىڭ بازار كۆرۈش توغرىسىدىكى ئارزۇسىنى شەپكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى.

— مېنىڭ بىر سودىگەر تونۇشۇم بار، شەپكىلەرنى شۇنىڭغا ئۆلگۈجە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى، سانى نەچچە ئىدى؟

— 180، — دەپ جاۋاب بەردى قادىر.

— ھە، ياخشى، باھاسىنى ئەتىگەن ھوشۇر دېگەن نەرخ بويىچە ئىككى يېرىم يۈەندىن توختاتساق بولارمۇ؟

قادىر ئاكىسىغا قارىدى. سادىر مەجىددىننىڭ بۇ شەپكىلەردىن قۇتۇلغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۈچ يۈەندىن دېسىمۇ ياق دېمەيدىغانلىقىنى پەملىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمىدى. ئۆزىنىڭ بازارغا چىقىپ سوراپ بىلگۈسى بار ئىدى، لېكىن يوقى يوق ماشىنىدا بىر كۈن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئولتۇرغانلىقتىن پۇت - قوللىرى ئۇيۇپ چېقىشۋەتكەندەك ئاغرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ:

— مەيلى، شۇ نەرخ بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭ، — دېدى.

مەجىددىن يېگەن تاماقلارنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئۈچەيلەننى ئوتتۇراھال بىر ياتاققا باشلاپ كىردى. ياتاقتىمۇ ئۈچ كارىۋات بولۇپ، ھەممەيلەن بىردىن ئىگىلىدى — دە، كېچىكمەيلا ئۇخلاپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇلارنى مەجىددىن تاڭ قاراڭغۇسىدا ئويغاتتى. ئەپقاچتى بەل - پۇتلىرى ئاغرىغانلىقى سەۋەبلىك ھەممىدىن بەك ۋايىسىدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ بولغىچە «ۋاي بېلىم، ۋاي پۇت - قوللىرىم...» دېگەن سۆزنى ئون نەچچە قېتىم تەكرارلاپ چىقتى.

— ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋايجان دېمە، — دېدى سادىر ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئەپقاچتىنىڭكىدىن ياخشى بولمىسىمۇ چاندۇرماي، — ئاغرىق ئاغرىدى دېگەن يەرگە يىغىلارمىش...

ئۇلار ئەتىگەندە نان بىلەن قايماقلىق چايدا ناشتا قىلىشتى. مەجىددىن سادىرغا بىر تۇتام پۇلنى بېرىپ:

— ئىككى كوي ئالتە مودىن دۇكانلا ئۆتكۈزۈپ بەردىم، چىشتىغا ئۈچ كوي ئالدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

سادىر مەجىددىنگە شەكلىنىپ قاراپ قويدى - يۇ، پۇلنى ئېلىۋەردى. ئۇنىڭ شەپكىلەرنى ساتقان بولۇشىمۇ، تاشلىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن بۇ سادىر بىلەن قادىرغا ئانا سۈتىدەك ھالال پۇل ئىدى.

ئۇلار بۈگۈن ئولتۇرغان ماشىنىدا يۈك بار ئىدى، ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۈكلەر ئىككى تەرەپكە ئېلىپ باغلىنىپ ئوتتۇرىسى چوڭقۇرلىتىلغانىدى. ئۈچەيلەن ئەمدى

www.uyghurkitap.com



خېلى يۇمشاق، ئولتۇرغىلىمۇ، ياتقىلىمۇ بولىدىغان ئازادە ئورۇنغا ئىگە بولغاندى. ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كۆزۈپتىن ئىككى غولاچچە ئۇزۇن كەڭ تاختايلار تىكىپ قويۇلغاندى. ھېچكىم بۇ ماشىنا نەگە بارىدۇ، تاختايلار نېمىگە كېرەك...دەپ سوراپ يۈرمەيلا ئۈيقۇسىنىڭ كېمىنى تولدۇرغىلى يېتىشتى.

ئۇلار ئويغىنىپ ئەتراپقا قارىغىنىدا كۈن چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. ماشىنا ئاسمان ـ پەلەك توپا توزۇتۇپ ئۇششۇقتا كېلىدىغان قۇملۇق يولدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقتىن چاقلار تېگىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئۇدۇل كۆزۈپ ئۈستىگە قوناتتى. ئۇلار ئۇيقۇلۇقتا بىلمىگىنى بىلەن شۇ تاپتا ھەرقايسىنىڭ ئۈستىگە بىرلىكتەك توپا قونغان، ھېچكىمنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى. يۈكىنىڭ ئۈستىمۇ ئوخشاشلا توپا بولۇپ، بۇ ماشىنا يۈك ئەمەس، توپا بېسىپ كېتىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

ـــ شۇڭا بېرىدىغىنى 10 مىڭ يۈەن ئىكەن ـ دە! ـــ دېدى ئەپقاچتى ئاغزىدىكى قۇم دانىچىلىرىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن توختىماي تۈكۈرۈپ تۇرۇپ، ـــ مىڭ جانىنىڭ بىرسى قالغاندا ئاندىن مەنزىلگە يەتكىلى بولغۇدەك...

سادىر ئىندىمىدى. قادىرنىڭ يادىغا پەنىنىڭ چوققىسى جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە بولغاندىلا ئاندىن ئۇ چوققىغا چىققىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر جۈملە مەشھۇر سۆز كەلگەنىدى، ئېيتمايلا قويدى. ئۇنى دېگەنبىلەنمۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ چۈشىنىپ يېتەلىشى ناتايىن، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزى ھەممىدىن بەك قىزىققان بۇ سەپەرنىڭ بۇقەدەر ئازابلىق، مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلگەنسېرى ھاۋا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ، ئۇلارنىڭ توپا چاڭلىرىغا تولغان دىمىقىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى پەيدىنپەي ئاستىلاپ باراتتى. شۇ سەۋەبتىن ئازراق شامالمۇ سوقمايتتى. ماشىنا ئۈستىدىكىلەر ئىسسىق ۋە توپا ـ چاڭنىڭ دەستىدىن يا گەپلىشەلمەيتتى، يا ئارام ئالالمايتتى. بىر دۆڭگە يېقىنلاشقاندا ماشىنا توختاپ قالدى. توپا ـ چاڭ بېسىلماي تۇرۇپلا شوپۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ ماشىنىدىن چۈشۈپ چاق ئاستىغا تاختاي قويۇڭلار! تېز بولۇڭلار!

كۆزۈپنىڭ ئۈستىدىكىلەر تاختاينى تېگىشتىن بۇرۇن پەسكە تاشلىدى ـ دە، ئارقىدىن ئۆزلىرىمۇ سەكرەپ چۈشۈشتى. شوپۇر تاختايلارنى ئالدى، چاقنىڭ ئۇدۇلىغا تىزىپ قويۇشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ شۇ ئۈلگە بويىچە قويۇپ چىقتى. شوپۇر ماشىنىنى قوزغاپ تاختايلاردىن يۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن كەينىدە قالغان تاختايلارنى ئالدى تەرەپكە يۆتكەپ، ئاۋۋالقى تەرتىپ بويىچە قويۇپ چىقىشنى بۇيرۇدى. تاختايلار بەش قېتىم يۆتكەلگەندىن كېيىن ماشىنا دۆڭ ئۈستىگە چىقتى.

ـــ ئەمدى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىڭلار، ـــ بۇيرۇدى شوپۇر. ئۇ بۇ يولدا كۆپ قاتناپ پىششىپ كەتكەن بولسا كېرەك، سۆزلىرىدىن قارىغاندا ئورۇنلۇق؛ قىلغان ئىشى ئىدىتلىق ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى يېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

«ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش» ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلمىدى. دۆڭدىن پەسكە چۈ-

شۇپ يېرىم سائەتلەرچە ماڭغاندىن كېيىن چاق ئاستىغا تاختاي قويۇش مەشغۇلاتى يەنە تەكرارلاندى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا مۇشۇ چۆللۈك ئىچىدىكى خېلىلا كۆجۈم بىر مەھەللىگە كىرىپ كېلىشتى. قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە ئۇششاق بالىلار، كېيىن چوڭلار تالاغا چىقىشتى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىز، — دېدى مەجىددىن كوزۇپىتكىلەرنى پەسكە چۈشۈشكە بۇيرۇپ، — ئەتە يەنە ئىسسىقتا قىينىلىپ يۈرۈشنى ئازايتىش ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ ماڭىمىز.

كوزۇپىتكىلەر پەسكە چۈشۈپ ئۇستىبېشىنى قېقىشتى، يۆتىلىپ-يۆتىلىپ تۇرۇپ تۈكۈرۈشتى. ئاڭغىچە مەجىددىن شۇ يەرلىك كىشىلەرگە ئىككى سوغا سۇ ئەكەلدۈردى.

سەپەرچىلەر بۇ سۇدا يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەجىددىن ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ، تاملىرى توغراق چىۋىقلىرى بىلەن توقۇلۇپ ئۈستىدىن قوپال سۇۋالغان كۆرۈمسىز ئۆي ئىدى. ئۇنىڭ تورۇسى شۇنچىلىك پەس ئىدىكى، سۇپىغا چىققان كىشى ئۆرە تۇرالمايتتى. تورۇسمۇ توغراق بادرىلىرى بىلەن يېپىلغان، ئوتتۇرىسى قورساق سېلىپ ساڭگىلىغان، بادرا ۋە يۇلغۇن چىۋىقلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە قوي يېغى قۇيۇلغان قارا چىراغ بۇس چىقىرىپ يېنىۋاتاتتى. سۇپا ئۈستىگە چىغ بورا ۋە قېلىن كىگىز سېلىنغان بولسىمۇ، سۇپىنىڭ پەس تەرىپى ئۇششاق قۇم ئىدى. سەپەرچىلەر كىگىز ئۈستىگە تاشلانغان قوي تېرىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. ئۇلار بۇ تېرىلەرنىڭ كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى پەملەشتى. چۈنكى، تېرىلەرنىڭ يۇڭى چۈشۈپ تاقىرلىشىپ قالغانىدى.

هايال ئۆتمەي ئۇرۇق، ۋىجىك، شۇنداق ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي بېشىغا ئاق تۇماق، ئۈستىگە ئەيلەنمىگەن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيگەن، ئېڭىكىدىكى ساقىلىنىڭ تۈكىنى ساناپ ئالغىلى بولغىدەك دەرىجىدىكى كۆسا بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرغانلارغا بىر قاردۇۋەتكەندىن كېيىن يېرىلغان، قاداق بېسىپ كەتكەن چوكىدەك بارماقلىق قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. مېھمانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بولغىچە ئۇ ئالقانلىرىنى قورۇق باسقان يۈزىگە سۈردى-دە: «خۇش كېلىشىپلا، هارمىغايلا...» دېدى. مېھمانلارمۇ ئورنىدىن سەللا كۆتۈرۈلدى. مەجىددىن ھەممەيلەنگە ۋەكالىتەن: «تىنچ-ئامان تۇرۇۋشاملا؟...» دەپ هال سورىدى. بوۋاي ھېچكىمگە قارىماي «ئەلھەمدۇلىللا» دېگىنىچە قولتۇقىغا قاتلاپ قىستۇرۇۋالغان داستىخاننى سۇپا ئۈستىگە سالدى. سادىر داستىخاننىڭ پۈرلىشىپ قالغان جايلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ ھەيران بولدى. چۈنكى، بۇ داستىخاننى رەخت دەپ ئويلىۋېدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ يۇڭى قىرقىۋېتىلگەن تېرە ئىدى.

بوۋاي يۈزىنى يۆگىۋالغان ئايالنىڭ قولىدىن ياغاچ تاۋاقلارنى ئېلىپ ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا بىردىن قويۇپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇ تۆت تال ياغاچ قوشۇقنىڭ سېپىنى چۆچەكتىكى ئاشلارغا قاداپ قويدى-دە: «قېنى ئېلىشسىلا...» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

تاۋاقتىكى ئاش لەغمەن ئىدى. ئاش تاللىرى شۇنچىلىك چوڭ، توم ئىدىكى، كىشى تارتىلمىغان پىلتىنىڭ ئۆزىنى يەۋاتقاندەك بولاتتى. ئاشنىڭ ئۈستىدە قوي يېغىدا قورۇلغان چامغۇر بار ئىدى. قوشۇقنىڭ سېپى چوكا ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى. ھەممەيلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى. تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن ئۈنچىقماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇيقۇڭلار كەلگەن بولسا ئۇخلاۋېرىڭلار، — دېدى مەجىددىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — مەن چىقىپ ھېساب-كىتاب قىلىپ كىرىمەن.

— توۋا خۇدايىم...— دەپ ئېلىشىپ قالغاندەك پېچىرلىدى ئەپقاچتى ئۆز-ئۆزىگە، — بۈگۈن بىر كۈندىلا ھالىم شۇنچە پەسلەپ كەتتى. يەنە نەچچە كۈنگىچە چىدىغىلى بولاركىن؟ ھەي 10 مىڭ يۈەن، ھەي 10 مىڭ يۈەن...

— يەنە ئىككى كۈندە بازىرى بار ناھىيىگە بارىدىكەنمىز، — چۈشەندۈردى قادىر، — بىز تاپىدىغان نەرسىلەر بار يەرگە نەچچە كۈندە بارىدىغانلىقىمىز تېخى مەلۇم ئەمەس...

— ئىشقىلىپ تىرىك قايتىشىمغا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام يولغا چىقىپ قالغان ھالەتتىمۇ ئاخشام قونغان بېكەتتىن كەينىمگە ياناركەنمەن. مانا ئەمدى...— ئەپقاچتى غۇدۇڭشىغىنىچە سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئاخشام ئېشىپ قالغان ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەن ئىچىشكە باشلىدى.

سادىر ئىنىسىغا قاراپ:

— سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— ئەھۋالىم ياخشى ئاكا، — دېدى قادىر خۇشاللىق بىلەن، — جاپاسىغىمۇ جاندىن ئۆتىدىكەن. لېكىن، بۇ سەپەر ماڭا قىزىق تۇيۇلىۋاتىدۇ. بۇ يەرلەرنىمۇ كۆرۈپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوقتەك تۇرىدۇ.

— بالدۇرراق ئۇخلىغىن، — سادىر سومكىسىنىڭ توپا باسقان تەرىپىنى دۈم قىلىپ ئىنىسىغا ياستۇق قىلىپ بەردى.

قادىر بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ كەتتى، ئەپقاچتىمۇ ھارىقىنى ئىككى ئىلىك يېرىمىلىتىپ ئۇيقۇغا چۈشتى. سادىر بېشىنى توقۇما تامغا تىرەپ تۈتەپ يېنىۋاتقان قارا چىراغقا قاراپ ياتتى. ئۇمۇ بۇنداق سەپەرگە چىقىپ باقمىغانلىقتىن چىدىغۇسىز دەرىجىدە چارچاپ كەتكەنىدى. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى، ئالدىدىكى نامەلۇم بىر نېمىدىن ئەنسىرەيتتى. قارىغاندا، مەجىددىن ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇ جاپادىن قاچماسلىقى، ياللانغان بۇ ئۈچەيلەننى ئۆزىنىڭ مەدىكارى قاتارىدا كۆرمەسلىكى بىلەن ساختىپەز، كاززاپلاردىن ئەمەستەكمۇ تۇيۇلاتتى. باياتىن بوۋاي بىلەن قىلىشقان كىچىككىنە مۇئامىلىدىنلا ئۇنىڭ بېيجىڭدەك يەردە تۇرۇپمۇ دىنىي ئۆرپ-ئادەتكە ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا بارىدىغان يېرىنى، قانچىلىك ۋاقىتتا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتمەيدۇ؟ قادىرنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكى بارمۇ دەيلى، لېكىن، ئەمدى ئاتلاپ قالىدىغان شەھەر كىشىلىرىمۇ يوقتۇ؟ ياكى ھېلىقى بازىرى بار ناھىيىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېيتىپ بېرەمدىكىن...

## سەرەپ ئەجەل چىللايدۇ

بازىرى بار ناھىيە ئىچىگە تۆت كۈندە كېلىشتى. ھېلىقى ئۆتەڭدىن چىققان كۈنى چۈشتىن كېيىن ماشىنىنىڭ رادىئاتورى تېشىلىپ سۇ ئېقىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. شوپۇر

رادىئاتورنى چۆۋۈپ، تېشىلگەن جايىنى قەلەي ئېرىتىپ يامىدى. قەلەي ئېرىتىش ئۈچۈن ھەممەيلەن ھەرىكەتكە كېلىپ چاكاندا، قۇرۇغان يۇلغۇن شاخلىرىنى تېرىپ كېلىپ ئوت قالاشتى. ئەمما، رادىئاتور ماشىنىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن ئىچىدىكى سۇيى ئۆلچەمگە يەتمىدى. بۇنىڭغا ئۇلار ئىچىدىغان سۇلىرىنىمۇ ئىشلەتتى.

— ئالدىمىزدا قۇدۇقى بار بىر قوتان بار، — دەپ ئېلان قىلدى شوپۇر مۇشۇنداق شارائىتتا زۆرۈر بولغان تەمكىنلىك بىلەن يولۇچىلارنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — ئەگەر يولغا تاختاي قويۇشقا توغرا كەلمىسىلا ئىككى سائەتتە يېتىپ بارىمىز.

يولغا چىققاندىن كېيىن رادىئاتورنىڭ «كېسىلى» تولۇق ساقايمىغانلىقى بىلىندى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىدەك سۇ ئاقمىسىمۇ، ھەر ھالدا سۇ سىزەتتى ۋە بۇ ھال رادىئاتورنىڭ سۇيىنى مۆلچەردىكىدىن بۇرۇن ئازايتىۋېتىپ باراتتى. شۇ چاغدا مۆجىزىدەك بىر ئىش يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىر ئەمەس، بىراقلا ئىككى ماشىنا چىقىپ كەلدى. ئۇلار دەل ھېلىقى بازىرى بار ناھىيىدىن چىققانىدى. شوپۇرلارمۇ تونۇش چىقىپ قالدى، ئۇلار بىر باك سۇ تەقدىم قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ كەچلىك قونالغۇغا ئالدىرايتتى، شۇڭا ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن ئۆز نىشانلىرىغا يۈرۈپ كېتىشتى.

زاپاس سۇ بىلەن رادىياتور توشقۇزۇلدى. ئىچىشكىمۇ ئازراق ئېشىپ قالدى. ئۇلار ھېلىقى قۇدۇقى بار قوتانغا ئىككى سائەتتە ئەمەس قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ بارالىدى. لېكىن قۇدۇق قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن قوتان چۆلدەرەپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى يېقىلغان گۈلخاننىڭ ئىزى ۋە سۆڭەك، تېرە، لاتىلار بار ئىدى.

ئەتىسى ئۇلار رادىئاتورنى رېمونت قىلىشتى. سۇ قۇيۇپ سىناپ بېقىشتى. شوپۇر، رادىئاتۇر يەنە ئىككى كۈنگە چىداشلىق بېرەلەيدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. لېكىن شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارغىچە ئاران چىدىدى. بۇ كۈنى ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىشى ۋە سۇنىڭ يوقلۇقى ھەممىنىڭ جېنىغا تەگدى. ئەپقاچتى ئىككى قېتىم كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتتى. ھەتتا ئەڭ ئۈمىدۋار قادىرمۇ قاپىقىنى ئاچماي ئۈھ تارتىپلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىر نېمە دەپ ۋايسىغۇسى بار ئىدى - يۇ، ئاكىسىدىن تەپتارتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئىككى تۆگە قوشقان بىر چوڭ ھارۋىنى كىرا قىلىپ يولغا چىقتى. شوپۇر يۈكىدىن ئەنسىرىگەن بولسىمۇ ماشىنىسىنى تاشلاپ ھارۋا بىلەن ناھىيىگە قايتماقچى، مۇشۇ ھارۋىدا يېڭى رادىئاتور ئەپكېلىپ، ماشىنىسىنى ئوڭشاپ ئاندىن ھەيدەپ كەتمەكچى بولدى.

— بۇ يولدا ماشىنا بىلەن تۆگە ئوخشاش سۈرئەتتە ماڭىدۇ، — دېدى ئۇ ھارۋىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — يۈكى يوق سالتاڭ يولۇچى ئۈچۈن تېخى تۆگە ئەپلىك، تاختاي قويۇش ئاۋارىچىلىقىنى تارتمايدۇ...

ئۈچ كۈنلۈك جاپا — ئاچلىق، سۇسىزلىق ئەپقاچتى بىلەن قادىرنى يىقىتىپ قويدى. ئىنىسىنى دېمىسە سادىرنىڭمۇ ئىنجىقلاپ ياتقۇسى بار ئىدى. ئۇلار توپتوغرا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىشتى. لېكىن، دوختۇرلار پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— ھېرىپ قاپتۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىر - ئىككى كۈندىلا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپ خاتىرجەم قىلدى سادىر بىلەن مەجىدىنىنى.

www.uyghurkitap.com

سادىر دوختۇرخانىغا ئالماسمىكى دەپ قورقانىدى، ئۇنداق بولمىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئاددى، سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆيلىرىدىكى غىچىرلاپ تۇرىدىغان، سىرلانمىغان ياغاچ كارىۋاتلىرى بوش ـ بىكار ئىدى. قارىغاندا، پۇل تۆلەپ يېتىشنى خالىسا دوختۇرلار ساق ئادەمنىمۇ قوبۇل قىلىدىغاندەك تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، تۆت كارىۋات قويۇلغان بىر ياتاقنىڭ ئىككى كارىۋىتىغا ئەپقاچتى بىلەن قادىر، ئۇچىنچىسىگە سادىر جايلاشتى. تۆتىنچى كارىۋاتقا ئۇلار سومكىلىرىنى قويۇپ قويۇشتى.

مەجىددىن شوپۇر بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كىردى ـ دە، سادىرغا:

— ئەمدى سىز بۇ ئىككىيلەنگە ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ يەردە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كەلگۈسىدىكى سەپىرىمىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي. ئەمدى بىز تۆگىلەر بىلەن ماڭىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — يېمەك ـ ئىچمەكنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىمەن. يەنە نېمىلەر كېرەك، ئېيتىڭ...

— بۈگۈنچە ئاراملىق كېرەك، — دېدى سادىر دورا ئىچكەندىن كېيىن ئىڭىرىماي ئۇخلاپ كەتكەن قادىرغا بىر قارىۋېتىپ، — باشقا گەپنى ۋاقتى كەلگەندە دېيىشمەيمىزمۇ؟

— ماڭا ھاراق...ھاراق ئالغاچ كېلىشنى ئۇنۇتماڭ، — دېدى ئەپقاچتى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ. ئۇ تېخى ئۇخلىمىغانىدى.

— ھە، بولىدۇ. ئەمىسە ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشەيلى!

مەجىددىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سادىر چىۋىن چىچىپ قارايتىۋەتكەن لامپۇچكىغا نەزەر تاشلاپ يېتىپ خىيالغا چۆكتى.

«مەجىددىن سەپەرگە پىششىق، ئۈمىدۋار ۋە غەيرەتلىك ئىكەن، — دەپ خىيال قىلىپ ياتتى ئۇ، — ئۇ، بۇ يولدا نۇرغۇن قېتىم ماڭغان بولسا كېرەك. بۇ يەرنىڭ يوللىرىنى، ئۆتەڭلىرىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئادەملىرىنى تونۇيدىكەن. پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىكەن. ھۆكۈمەت ئۇنى ئەجەبا يالغۇزلا ئەۋەتىپتۇغۇ؟ بۇ يەردە خەجلىگەن پۇلنى قانداق ئاتچوت قىلالايدۇ؟ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرغاندا بىر تالاي سوئاللار تۇغۇلىدىغۇ...»

سادىر شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن، «ئۇنداق ئەمەس» دېگەن سوئالغىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇ شۈبھىلىنەتتى، لېكىن، شۈبھىنى يېشىدىغان پاكىتمۇ يوق ئىدى، شۈبھىسىنى مۇستەھكەملەيدىغانغىمۇ ئاساس تاپالمايتتى.

ئۇلار دوختۇرخانىدا ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈشتى. ئەپقاچتى بىلەن قادىرنىڭمۇ يېتىۋەرگۈسى كەلمىدى. گەرچە مەجىددىن ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان، يەنە بىر ـ ئىككى كۈن يېتىپ ئاندىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئۇلار ئۇنىمىدى، ناھىيە بازىرىنى بىر كۆرۈپ باقايلى، دېيىشتى ۋە دوختۇرخانىدىن سىرتتىكى بىر مېھمانخانىغا يۆتكىلىشتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ جاھازلىرى، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنىڭ ئەھۋالى دوختۇرخانا ياتىقىغا يەتمىسىمۇ يولدا قونغان ئۆتەڭلەردىكىدىن ياخشىراق ئىدى.

ئۇلارنىڭ بازار ئايلىنىشقا چىققان كۈنى يەكشەنبىگە توغرا كەلدى. بۇ دەل بازار بولىدىغان كۈن ئىدى. ئەمما، ناھىيە بازىرىغا سودا ـ سېتىق ئۈچۈن كەلگەن ھەممە ئادەمنى

يىغسا ئىككى ـ ئۈچ يۈزگىمۇ يەتمەيتتى. بۇ بازاردا ئات، تۆگە، كالىدىن تارتىپ توخۇغىچە بار ئىدى. قوغۇن، ئۈزۈم، قورۇلغان گازىر ۋە لەگپۇڭ، دوغ...قاتارلىق يېمەكئىچمەكلەرمۇ سېتىلىۋاتاتتى. ئەمما ئالىدىغان ئادەمدىن ساتىدىغان ئادەم كۆپرەكتەك كۆرۈنەتتى.

سەپەرچىلەر بازار ئىچىگە كىردى. ئەمما، بۇ بازار كىشى هاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك دەرىجىدە ئەرزەنچىلىق ئىدى. دۆۋىلىۋېتىلگەن قوغۇننىڭ ئەڭ چوڭى ئىككى موچەن بولۇپ، ئۇنى ئالغان كىشى كىچىكرەك بىرنى قوشۇۋالسا ساتارمەن ھېچنېمە دېمەيتتى. خېرىدار تويغۇدەك ئۈزۈم يەپ بەش پۇڭ تۆلىسە ئىگىسى رەھمەت دەيتتى. ئۇلار مال ئۇلتۇرۇۋاتقان قاسساپنىڭ ئىككى قوينىڭ كاللىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. بىر توپ ئىتلار بۇ ئىككى كاللىنى يەيىمىزمۇ، يېمەيىمىزمۇ دەپ مەسلىھەت قىلىشقاندەك پۇراپ قويۇپ يېتىۋەردى. بۇ بازاردا بىر جىڭ گۆش ئۈچ موچەندىن سېتىلاتتى. پىچاققا يارايدىغان تىرىك قوينى بەش ـ ئالتە كويغا ئالغىلى بولاتتى.

— توۋا، قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي خۇدايىم، — دېدى ئەپقاچتى ياقىسىنى چىشلەپ، — ئەپكەتكىلى بولسا ئاشۇ ئىت يېمىگەن كاللىنى ئاپىرىپ ساتساقمۇ بىزنىڭ شەھەردە بىر مۇنچە پۇلغا يارايتتى ـ دە...بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھالىغا باقماي ئىسراپچىلىق قىلغىنىغا ھېلىمۇ قۇم بېسىۋېلىپ، يەر يۇتمايدىكەن...

— ئەلۋەتتە ئەپكەتكىلى بولمايدۇ ـ دە بۇرادەر، — چۈشەندۈردى مەجىددىن، — بۇ يەردىكى نەرسىلەرنى توشۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىمىزمۇ كۆردۇققۇ؟ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن پۇل لازىم، ئالىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن مەھسۇلاتلىرىنى بىكارغا بەرگەندەكلا ئەرزەن ساتىدۇ.

— ھۆكۈمەت چارە قىلىپ توشۇسا بولمامدىغاندۇ؟ — سوراپ قويدى قادىر.

— بۇ يەردىكى مەھسۇلات يىراقلارغا توشۇغىدەك دەرىجىدە كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يول ياسىسىمۇ، يولنى بىر سائەتتىلا قۇم بېسىپ كېتىدۇ.

ئۇلار مەردلىك ۋە سېخىلارچە پۇل تۆلەپ قوغۇن، ئۈزۈم، پىششىق گۆش ئېلىپ مېھمانخانىغا قايتىشتى. يول ئۈستىدە ماگىزىندىن هاراق ئېلىشتى. پىۋا دېگەن نەرسە بۇ يۇرتقا تېخى يېڭى نەرسە ئىدى.

— هاراق نېمىشقا قىممەت؟ — ھەيران بولدى ئەپقاچتى، — بۇ يەرنىڭ يەرلىك باھا ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندا بىر بوتۇلكا هاراق كۆپ بولسا بەش موچەن بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئالغان بۇ هاراق بىزنىڭ شەھەرنىڭ قاراڭغۇ بازىرىدىمۇ تۆت كوي تۇرسا، بۇ يەردە تۆت يېرىم كوي ئىكەنغۇ؟ بۇ دېمەك، بىر قويغا بىر بوتۇلكا هاراق تېگىشكىلى بولىدۇ، دېگەن سۆز...

ھەممەيلەن كۈلۈپ قويۇشتى. باياتىن مەجىددىن دېگەن سەۋەبنى تەكرارلىمىسىمۇ ئەپقاچتىنىڭ چۈشەنگۈچىلىكى يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ يەردە خۇپسەنلىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلغانلىقتىن ھېچكىم چۈشەنچە بەرمىدى.

ئۇلار تاڭ سۆزۈلمەستە يولغا ئاتلىنىشتى. ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ ئىككى سائەت-

www.uyghurkitap.com

چە يول ماڭغاندىن كېيىن بەش ـ ئون ئائىلە بار كىچىك بىر مەھەللىگە كېلىشتى. ئۇلارنى ھۆرۈن ئىتلاردىن 20 نەچچىسى قارشى ئالدى، لېكىن ئۇلار قاراپ تۇرۇشتى ـ يۇ، يا قاۋىمىدى، يا خىرىس قىلمىدى. مەجىددىن ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ بۇ ئادەمسىز مەھەللىنىڭ نېرىقى چېتىگىچە باردى. ئوتتۇرىدا ئەپقاچتى بىلەن قادىر، ئاخىرىدا سادىر ماڭغانىدى. «ئۇ بۇ يەر بىلەن ناھايىتى تونۇش، خۇددى ئۆزىنىڭ قورۇسىدا يۈرگەندەك ماڭىدىكەن، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ مەجىددىن توغرىسىدا، ــ ئاخشام بىزگە مەسلىھەت سالغىنى بىلەن ئاللىقاچان تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ قويغان ئىكەن. ئۇنى بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىمۇ تونۇيدىكەن...»

مەجىددىن چۆرىسى توغراق ۋە يۇلغۇن چىۋىقلىرى بىلەن قاشالانغان بىر قورۇقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىردى. ئاندىن ھويلىدا تۇرۇپلا:

ــ چاۋار، ھاي چاۋار، ــ دەپ توۋلىدى.

ئۇدۇلدىكى ئىشىكتىن 22 ـ 23 ياشلاردىكى بىر يىگىت چىقىپ ھويلىدىكىلەرگە قىزغىنمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس بىر نەزەر تاشلىدى ـ دە، مەجىددىندىن:

ــ مۇشۇ كىشىلەرمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھە، يەنە كىم بولماقچىدى؟ ــ دەپ چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇندى مەجىددىن، ــ قېنى ئاۋۋال ئۆيگە باشلاڭ، قورساقلارنى ئەستەرلىۋالايلى، بىز تېخى ناشتىسىز ...

ــ قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ــ دېدى چاۋار ئىسىملىك بۇ يىگىت. ئۇمۇ بۇ يەرلىكلەرگە ئوخشاش بېشىغا ئاق تۇماق، ئۇستىگە تاشلانمىغان جۇۋا كىيىۋالغانىدى. تۇمىقى بىلەن جۇۋىسى ئوخشاشلا كىرلىشىپ كەتكەنىدى. پۇتى يالاڭاياق ئىدى.

سەپەرچىلەر ئۆيگە كىردى. پەس يېپىلغان ئۆينىڭ تورۇسىدىكى بادرا ۋە چىغ بورىلار ئىس ـ كۈيىدىن قارايغان، توققۇما تاممۇ ئوخشاشلا قاپقارا ئىدى. سۇپا ئۇستىگە بىر ئىلىك توپا باسقان كىگىز، كۆرپە ئورنىدا تۈكى يېتىپ كەتكەن تېرە تاشلاپ قويۇلغانىدى. شۇ تاپتا تالادا كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن، ئەمما ئۆي ئىچى گۇڭگا ئىدى. ھەم مورا، ھەم دېرىزە ئورنىدا پايدىلىنىلىدىغان تۈڭلۈك بەك كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى كۈيە بېسىپ كەتكەنلىكتىن ئۆي ئىچىگە يېتەرلىك يورۇق چۈشمەيتتى.

يىگىت تېرە داستىخان سېلىپ چۆچەكلەردە قېتىق ئەكىردى. مەجىددىن تۈنۈگۈن ناھىيە بازىرىدىن ئېلىۋالغان ئاقناندىن بەش ـ ئالتىنى ئۇشتۇپ قويدى. مېھمانلار تەكەللۇپ قىلىشماستىنلا داستىخانغا تۇتۇش قىلىپ بىردەمدىلا قورساق تويغۇزۇپ بولۇشتى. چاۋار قورسىقىم توق دەپ بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى ۋە تەبىئىي ئۆسكەن پېتى ئۇستىرا تەگمىگەن، يۈزىنى يېپىپ كەتكەن ساقىلىنى تاتىلاپ ناتونۇش كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي كۆزەتتى.

ــ ماڭساق بولار، ھە؟ ــ سورىدى مەجىددىن دۇئادىن كېيىن چاۋارغا قاراپ.

دۇئانىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان چاۋار خۇش ياقمىغان ئاۋازدا توڭلۇق بىلەن:

ــ ئۇنى ئۆزۈڭلاردىن سوراڭلار، مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ قويغان، ــ دېدى.

— ئەمسە ماڭايلى، بىزمۇ تەييار، — دېدى مەجىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ھەممەيلەن سىرتقا چىقىشتى. چاۋار ئۇلارنى ئۆيىنىڭ كەينىگە باشلاپ ماڭدى ۋە يەرنى كولاپ ياسالغان بىر گەمىسىمان ئۆيىنى كۆرسىتىپ:

— نەرسە - كېرەكلەر ئاشۇ يەردە، مەن تۆگىلەرنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

— قېنى بۇرادەرلەر، نەرسە - كېرەكلەرنى قول - قول سىرتقا ئەپچىقايلى، — دەپ بۇيرۇدى مەجىددىن ۋە ئىشىكنى ئېچىپ گەمىگە كىرىپ كەتتى.

بۇ ھەقىقىي گەمە ئىدى، ئىشىكتىن باشقا يەردىن يورۇقلۇق كىرمىگەنلىكتىن قاراڭغۇ ھەم مۇزدەك سوغۇق ئىدى. تۆتەيلەن گەمىدىكى تۇگۈنچەكلەرنى، خۇرجۇن - چىپتىلارنى، ئۇزۇن گۈرجەك ۋە قىسقا بەلگۈرجەكلەرنى، كەتمەن، پالتىلارنى ۋە ئاخىرىدا 200 جىڭدىن ئىككى تۇڭكە باكنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى. تۇڭكە باكىنى كۆتۈرۈپ ئەپچىقىشلى بولمىغانلىقتىن دومىلىتىپ ئەپچىقىشقا توغرا كەلدى.

— مۇشۇنچىۋالا نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭامدۇق؟ — سورىدى ئەپقاچتى ئەجەبلىنىپ.

— «مۇشۇنچىۋالا» دېگۈدەك نەرسىلەر ئەمەسقۇ بۇ؟ — مەجىددىن كۈلۈپ قويدى، — ھەممىسى سەپەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر، بۇ نان، كۆمەچ، قۇرۇتۇلغان گۆش، تالقان ۋە كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغى، — چۈشەندۈردى ئۇ ئىسكى تاغار، بىر چىپتا، ئۈچ خۇرجۇننى كۆرسىتىپ، — تۇگۈنچەكلەردە ئەدىيال، دورا - دەرمەك ۋە كونسېرۋالار بار. چۆلنىڭ ئىسسىقى قانچىلىك يامان بولسا كېچىلىك سوغۇقى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. شۇڭا يوتقان - كۆرپە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. كەتمەن - گۈرجەكلەر ئىشلىشىمىز ئۈچۈن كېرەك. باكتىكى سۇنى نورما بىلەن ئىچىمىز تېخى...

— بىرەر ئايلىق ئوزۇق بولغۇدەك، — دېدى قادىر ئۆزىچە مۆلچەرلەپ.

شۇ ئارىدا چاۋار بەش تۆگىنى بىر - بىرىگە چېتىپ ئېلىپ كەلدى. تۆگىلەر سېمىز بولۇپ، لۆكىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ھەممىسى چوم بىلەن جابدۇلغانىدى. سەپەرچىلەر يۈكلەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ تېڭىشقا كىرىشتى. بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغىچە ھېرىپ-چارچاپ، ئۇسساپ كېتىشتى.

— يۈرت ئىچىدە ئاخىرقى غىزالىنىشىمىز بولۇپ قالسۇن، تويغۇدەك يەپ، قانغۇدەك سۇ ئىچەيلى بۇرادەرلەر، — دېدى مەجىددىن قولىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئىسسىق ۋاقىتقا يەتكەن بىر چاغدا يولغا چىقىشتى. مەھەللە چېتىدە 15 — 20 دەك تۆگە ۋە شۇنچىلىك ساندا ئېشەكلەر ئوتلاپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرى باغلاقلىق ئەمەس ئىدى.

— ئەجەب بۇ يەردە ئادەم يوق ئىكەنغۇ؟ — سورىدى قادىر. ئۇلار قاتارلىشىپ ماڭغان تۆگىلەرگە مىنگەن ئىدى. قادىرنىڭ ئورنى ئاكىسىنىڭ ئالدىدا، مەجىددىننىڭ كەينىدە ئىدى. مەجىددىن ئۇنىڭ سوئالىغا يېرىم بۇرۇلۇپ قاراپ جاۋاب بەردى:

— بۇ مەھەللىدە 35 — 40 تەك ئادەم بار، ھەممەيلەن يا ئېتىزلىرىدا ئىشلەشكە ياكى ماللىرىنى بېقىشقا كەتكەن. بۇ يەرلەردە ئوغرى بولمايدۇ، ئىشىكلەر ئېتىلمەيدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com


مال - ۋارانلار باغلاپ قويۇلمايدۇ. يېقىن ئەتراپتا بۆرە بار، لېكىن ئۇلار ئىستلارغا تەگ كېلەلمەيدۇ...

بۇ چۈشەندۈرۈش ھەممەيلەننى قىزىقتۇردى. لېكىن، بىر - بىرلەپ قاتارلىشىپ مېڭىش پاراڭلىششقا بىئەپ بولغانلىقتىن گەپمۇ شۇ يەردە تۈگەشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆگە مىنىپ كۆنمىگەن سادىر، قادىر ۋە ئەيقاچىلار بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ مېڭىشتىن بىئارامىلىق ھېس قىلىشماقتا ئىدى. چاۋار ھەممىنىڭ ئالدىدا بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ، گەپ قىلماي كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكىچە مېڭىپ، تاشلىنىپ كەتكەن بىر قوتان يېنىدا تۈنىمەكچى بولۇشتى. مەجىددىننىڭ ھېلىقى مەھەللىدىن ئالدىراپ قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بۈگۈن كەچ مۇشۇ يەرگە يېتىۋېلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ يەردە ئىتلار بولمىغانلىقتىن ئۇلار تۆگىلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ چۆكتۈرۈشتى. چاۋار كۆيىدۈرۈلگەن قوي يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يىرىك تارتىلغان قوناق ئۇنىدا يوم ياساپ تۆگىلەرنى باقتى. ئۇنىڭغىچە باشقىلار گۈلخان يېقىپ كەچلىك غىزا تەييارلاشقانىدى. قوتاننىڭ تاشلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەبىمۇ ھايالسىز مەلۇم بولدى. قۇدۇقتىن تارتىلغان سۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇزلۇق ئىدى.

ھېرىپ قالغان يولۇچىلار ئورۇن - كۆرپىلەرنى سېلىشىپ ئۇخلاشقا يېتىشتى. ئەڭ ئاۋۋال چاۋار، ئارقىدىن قادىر ئۇخلاپ قالدى. ئەيقاچىتى ئۇزۇن ئادەتتىكە خىلاپلىق قىلماي ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ھاراق ئىچىۋېلىپ ئاندىن ئۇخلىدى.

سادىر ئىنىسىنىڭ يوتقىنىنى پۇختىلاپ يېپىپ قويۇپ ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئاز ئولتۇردى. تېخى كېچىنىڭ سوغۇقى باشلانمىغانلىقتىن، قادىر پات - پات بىلىكىنى يوتقاندىن چىقىرىۋالاتتى ياكى پۇتى بىلەن ئاياغ تەرەپنى تېپىپ ئېچىۋېتەتتى.

— ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ناھايىتى ئامراق ئىكەنسىلەر، — دېدى مەجىددىن. نېمىشقىدۇ ئۇمۇ ئۇخلىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانىدى.

— شۇنداق، بىزنىڭ بىر ئانىمىزدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقىنىمىز يوق. ئىنىم مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر كېنىمۇ سىرتتا قونۇپ باققان ئەمەس، ئەنسىرەيمەن...

مەجىددىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، تاماكىسىنى كۈچەپ شورىدى ۋە ئوت يالقۇنىدا قىزىرىپ كەتكەن سادىرنىڭ يۈزىگە بىر سېكۇنتچە قاراۋېلىپ:

— سىزنىڭمۇ ئۇككىزدىن تاشقىرى خىياللىرىڭىز باردەك قىلىدىغۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى سادىر، — ئوي - خىياللىرىمنىڭ 99 پىرسەنتى ئۇكامغا تەئەللۇق بولغاندىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ بىرەر پىرسەنتى قالىدۇ - دە! — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇساتتىن ئېسىگە كەلگەندەك كۈلگىگە كەلگەن شەكىلنى ئېچىۋەتتى، — قارىڭا، — دېدى ئۇ مەجىددىنگە قاراپ، — سىز بۇنداق سەپەرگە بىرىنچى قېتىم چىقىۋاتمايدىغانسىز؟

ئۇ مەجىددىن «بىرىنچى قېتىم...» دەپ تۇرۇۋالدۇ، دەپ ئويلاپ كۈلگىگە بىر مۇنچە گۇمانلىرىنى تىزىپ سوراشقا تەييارلانغانىدى. ئەمما مەجىددىن:

— شۇنداق، بۇ تۆتىنچى قېتىم مېڭىشىم، — دەپ سادىرنى ھەيران قالدۇردى.

سادىرنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان جاۋاب ئۇنىڭ يەنە سوئال بېرىشىنى بىر مۇنچە ۋاقىت كېچىكتۈردى:

— ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق سەپىرىڭىزمۇ بۇ قېتىمقى مەقسەتتىكمىدى؟

— نېمە دېسەم بولار؟ — مەجىددىنمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ جاۋاب بەردى، — ئوخشىمايدۇ دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى باشتىكى ئۈچ قېتىمدا مېنىڭ ئالدىمدا قەدىمكى يېزىقنى تېپىش دېگەن مەقسەت يوق ئىدى. مەن باشتىكى ئىككى قېتىمدا باشقا - باشقا يوللار بىلەن بۇ چۆلگە كىرگەن. تاپقان نەرسىلىرىممۇ باشقا نەرسىلەر ئىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا بۇ قېتىم بىز ماڭغان يول بىلەن كىردىم. ھېچنېمە تاپالمىدىم. قۇرۇق يېنىشقا كۆزۈم قىيماي سىز ساتىدىغان شەپكىنىڭ ئەستىرىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بىر پارچە تېرىنى ئالغاچ كەتكەنىدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭدا بىر قەدىمكى يېزىق ئەۋرىشكىسى چىقىپ قالدى. بار - يوقى ئون نەچچە خەت، ئوقۇيالايدىغان ئادەم يوق. قانداق يېزىق، قايسى زاماندىكى يېزىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئون نەچچە خەت ئازلىق قىلىدى. مانا كۆرۈپ تۇرىسىز، مەن سىلەر بىلەن تۆتىنچى قېتىم كېتىۋاتىمەن. ئەگەر ئاشۇ يېزىقتىن بىرەر مىڭچە خەت تېپىلىپ قالسا ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ، بىر، ئىككى، ئۈچ ھەتتا بەش - ئون يىلدا بولسىمۇ ئوقۇيدىغان ئاچقۇچ تېپىلىدۇ... قانداق، يەنە شەكلەنگەن قايسى تەرەپلەر بار؟

سادىر ئۆزىنىڭ شەكلىنىپ يۈرگىنىنى مەجىددىننىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجالەت بولدى ۋە سورايدىغان بەزى سوئاللىرى بولسىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— ھە، ئەمدى... رەنجىمەيسىز - دە!

— رەنجىش دېگەن نېمە؟ — مەجىددىن كۈلۈپ قويدى، — بىزنىڭ ھەربىر قەدىمىمىز ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىك ئوتتۇرىسىغا بېسىلىدۇ. بۇ چۆل پۈتۈن دۇنيادا «بارسا كەلمەس تىلسىم يەر»، «ئۆلۈم دېڭىزى» دېگەندەك نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ چۆلگە كىرگەنلەر بىر - بىرىگە ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا بولۇپ قالىدۇ، بۇنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىزمۇ بىلىپ قالىسىز...

مەجىددىننىڭ دېگىنى ئەتىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە بېسىلغان مۇساپىلەردە بىلىنىشكە باشلىدى. تۆت تەرەپ تا ئۇپۇققىچە قۇم ئىدى. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار چاك - چاك يېرىلىپ، شاخلىرى ئۆگرە بولۇپ كەتكەنىدى. ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ چۆل ئۆسۈملۈكىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن يۈرەكلەر سىقىرايتتى. ئەمدى سەپەرچىلەرگە ئۆگزىسى پەس، تورۇسىنى كۈيە بېسىپ كەتكەن، مورىدەك قاپقارا، كىگىزى ئۈستىدە بىر ئىلىك توپىسى بار، قىغ پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيلەرلا ئەمەس، سۈيى قۇرۇپ كېتىپ تاشلىنىپ كەتكەن قوتانلارمۇ قەدىرلىك تۇيۇلاتتى. چۈنكى ئۇ يەرلەردە قاچانلا بولمىسۇن ئادەملەر ياشىغان دېگەن تۇيغۇ بىلەن كىشى ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيتتى. لېكىن ئۇلار ئۆلۈك قۇم دېڭىزىدا كېتىۋاتاتتى. ماڭغانسېرى كىشىگە ھاياتلىقتىن ئۇزاقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىر بىر تەسىرات چاپلىشىۋالاتتى.

— توۋا قىلدىم، — دېدى ئەپقاچتى دەسلەپكى كۈنى، — ھېلىقى ناھىيە بازىرىنى زاڭلىق قىلغانلىرىمغا توۋا! قوغۇن، ئۈزۈم دېگەننى پېۋۈلەپ ئەمەس تويىغا پۇچىلاپ يېيىشمۇ شۇ يەر بىر جەننەت ئىكەندۇق....

كېيىن ئۇ بۇ سۆزنى دېيىشتىنمۇ توختىدى. ھارغىنلىق ۋە ئىسسىق ھەممەيلەننىڭ ماغدۇرىنى قۇرۇتقانىدى. ئاسماندىن، يەردىن، تۆت تەرەپتىن ئىسسىق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار سوغۇق بولسىمۇ كېچىنىڭ پاتراق چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. لېكىن، كېچە باشلىنىشى بىلەنلا ھەممەيلەن ئەنسىرىشەتتى. چۈنكى، بىر - ئىككى كېچىدىن بېرى غەلىتە قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چاۋارنىڭ توڭلۇق بىلەن «بۇ شۇنداق ئاڭلىنىدۇ» دېيىشلىرى، مەجىددىننىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جىمجىتلىقتا بولىدىغان سەزگۈدىكى ئۆزگىرىش دېيىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ خاتىرجەم قىلالمايتتى. ئۇلار شامال چىقسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىشاتتى. لېكىن مەجىددىن شامالدىن بەك قورقاتتى.

— خۇدا ساقلىسۇن شامالدىن، — دەيتتى ئۇ، — بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى شامال بۇ يەردە بولمايدۇ. چۆلدە ياكى ئوت ئېلىپ كېلىدىغان ياكى قۇم بىلەن كۆمۈۋېتىدىغان شامال چىقىدۇ. چۆل يەنە ئىككى كۈن مۇشۇنداق شۈك تۇرۇپ بەرسە بىز مەنزىلىمىزگە يېتىۋالىمىز...

چۆل شۈك تۇرۇپ بەرمىدى. ئۇنىڭ مېھمانلىرىنى كۈندۈزدىكى ئىسسىقى، كېچىدىكى سوغۇقى، قورقۇنچلۇق دىمىقى بىلەن تونۇشتۇرۇپ تويغۇزغاندىن كېيىن ئەمدى شامىلى بىلەنمۇ تونۇشتۇرغۇسى كېلىپ قالغانىدى.

ئەتىسى پېشىندىن ئۆتكەندە چاۋار كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— تېز بولۇڭلار، بوران كېلىۋاتىدۇ! تېز چېپىڭلار...

دىمىق ئىسسىقتا بېشىنى مەيدىسىگىچە ساڭگىلىتىپ كېتىشىپ بارغان يولۇچىلار چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. ئەتراپ جىمجىت، بوران تۈگۈل شامالنىڭمۇ شەپىسى يوق ئىدى. لېكىن، چاۋار بىر ياقتىن ۋارقىراپ ئەنسىزلىك پەيدا قىلسا، بىر ياقتىن تۆگىسىنى ئۇزۇن بىر قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىنى كۆزلەپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. مەجىددىن چاۋار كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. سول ياقتىكى ئۇپۇقنىڭ ئاسمىنىدا ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان تۇتۇقلۇق بار ئىدى.

— تېز چېپىڭلار، تېز! بولمىسا قۇم كۆمۈۋېتىدۇ... — دەپ ۋارقىرىدى ئۇمۇ ۋە تۆگىسىنى قامچىلاپ ئاياغ تەرەپتىن ئالدىغا چېپىپ ئۆتتى. ئۆتكىچە ئەپقاچتىنىڭ، سادىرنىڭ، قادىرنىڭ تۆگىلىرىگە بىردىن تاياق سېلىپ چىقتى.

ئەمدى، تۆگىلەر ھۈركىرىگىلى تۇردى. ئۇلار سول تەرەپتىكى ئۇپۇققا چوڭ - چوڭ كۆزلىرى بىلەن ئەنسىز قارىشىپ، ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ غەمسىزلىكىگە غەزەبلەنگەندەك مۆڭگەكلەپ، تاقلاپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. چاۋار ئالدىدا چىققان دۆڭ خېلىلا ئېگىز ئىدى، ئۇ كەينىدىن چىققان مەجىددىننى كۆرۈپلا تۆگىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئىككى تۆگىنى چېتىپ قويۇپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۆز - يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان شۇ قىسقا ئارىلىقتا ئۇپۇقتىكى تۇتۇقلۇق قاراڭغۇلۇققا ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر - ئىككى سېكۇنتتىن

كېيىن ئەتراپ پۈتۈنلەي قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ۋە باش - يۈزلەرگە بىرسى ئەتەي چاچقاندەك شارقىراپ قۇم تۆكۈلگىلى تۇردى. ئەپقاچتىنىڭ تۆگىسى دۆڭگە چىققان هامان، شۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك بوران بېسىپ كەلدى.

— تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ تۆگىلەرنى جەم تۇرمىغۇدەك ئۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى چاۋار. ئۇ شۇ تاپتا ئەپقاچتىنىڭ تۆگىسىنى ئۇدۇل كەلگەن بىر تۆگىگە چېتىۋاتاتتى، — ئۆزۈڭلارمۇ تۆگە بىلەن تەڭ قىمىرلاڭلار...

بۇ هېچقانداق بوراندا ئوخشىمايتتى. قۇمنىڭ شارقىراپ كۆچۈشى سۇنىڭ شاقىرىشىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە دەهشەتلىك ئىدى. كۆزنى ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىرەر گىگانت مەخلۇق تۈۋى يوق تاغاردىن كىشىنىڭ ئۈستىگە قۇم قۇيۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. نېمىلەردۇر هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك دەهشەتلىك غارقىرايتتى. مىڭلارچە، ئونمىڭلارچە تۈنىكە تاختايلارنى قاتلاپ دەستىلەپ، مىسلىسىز ئېغىرلىقتىكى بازغان بىلەن ئۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەر بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇلار تۇرغان دائىرە پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرەكلەر سىقىراپ تىپچەكلەيتتى ۋە بىرسى كۈچەپ پەسكە تارتقاندەك بولاتتى. هاۋادىن نەپەس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، تىنىققا قۇم ئارىلاش تۈپا ئۇقچۇپ كىرەتتى. هاۋانى تۈپا پۇرىقى بېسىپ كەتكەندى. گەپ قىلىش ئۈچۈن ئېغىزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇبادا مۇمكىن بولۇپ گەپ قىلغاندىمۇ، بۇ گەپنى ئۆزىگە ئاڭلاتقىلىمۇ بولمايتتى. چاۋار يىلەن مەجىددىن قولى بىلەن سىيپاشتۇرۇپ يېنىدىكىلەرنى نوقۇپ، تۈرتۈپ هەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى...

بوران قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېزلىكتە غايىب بولدى. غارايىپ قورقۇنچلۇق ئاۋازلارمۇ توختاپ، ئەتراپ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. بەدەننى جۇغۇلدىتىدىغان سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ چىداپ بولمايدىغان ئىسسىق باشلاندى.

— كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى چاۋار.

هەممەيلەن كۆزلىرىنى ئېچىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. هېچكىمنى تونۇمىسىمۇ بەشەيلەن بىر بىرىنىڭ قاتار تۇرۇشىنى كۆرۈشتى. ئۇلار تۇرغان دۆڭ ئەمدى بىر ئويمانلىق بولۇپ قالغان، بوران كەلگەن تەرەپنىڭ قارشىسىدا سەككىز - ئون قەۋەتلىك ئىمارەت ئېگىزلىكىدە بىر قۇم دۆڭى پەيدا بولغانىدى. چاۋار بىلەن مەجىددىننىڭ ئايىغى ئوشۇقىغىچە قۇمغا پاتقانىدى. سادىر پاقالچىقىغىچە، قادىر تىزىغىچە، ئەپقاچتى بولسا تىزىدىن يۇقىرىراق قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇراتتى. هەتتا تۆگىلەرمۇ هەر خىل چوڭقۇرلۇقتا قۇمغا پاتقانىدى. هازىر بۇ جانىۋارلار خەۋپنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئىشەنمىگەندەك بوران كەلگەن تەرەپكە ئەنسىز قارىشىپ قويۇشاتتى.

سادىر قۇمدىن ئۆزى خالاس بولدى. ئەپقاچتى بىلەن قادىرنى باشقىلار تارتىپ چىقاردى.

— خۇدايا تەۋۋا، — دېدى ئەپقاچتى ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ بىر تىنىۋېتىپ، — قىيامەتمۇ مۇشۇنچىلىك بولار ... بىرەر كۈن ئۆتتىمۇ؟

— بەش يېرىم مىنۇت ئۆتتى، — دېدى مەجىددىن قويۇن يانچۇقىدىكى سائىتىگە

www.uyghurkitap.com

قاراپ قويۇپ ئاندىن قولىغا تاقاۋېتىپ، ــ دۆڭگە چىقىپلا سائەتتىن قۇرۇق قالماي دەپ يانچۇقۇمغا سالغىچە قارىغانىدىم...

ــ ماڭا بەش سائەتچە بىلىنىدى، ــ دېدى قادىر چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى سۈرتكەچ.

ــ بوران يەنە بەش مىنۇت چىققان بولسا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىمۇ بىر دۆڭ پەيدا بولاتتىكەن، ــ دېدى ئەنسىز ئاۋاز بىلەن سادىر ئەتراپقا نەزەر سېلىپ.

ئەتراپتا ھازىر ئېگىز ـ پەس دۆڭدىن بەش ئالتىسى پەيدا بولغانىدى. بوران كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار باياتىن چىقىۋالغان بىرلا دۆڭنى كۆرۈشكەنىدى.

ــ مىدىرلاپ تۇرمىغان بولساق سىز دېگەندەك بولاتتى، ــ دېدى مەجىددىن، ــ مەن باشتا بۇ ھەقتە ئېيتىپ قويىماپتىمەن. بوران كېلىشىنى سەزگەن ھامان دۆڭگە چاپقۇلۇق، سېزەلمىگەندە ئۆز جايىدا شۇك تۇرغۇلۇق. ئەمما ھەر ئىككى ئەھۋالدا پۇتلارنى كۆتۈرۈپ مىدىرلاپ تۇرۇش لازىم. شۇ چاغدا تۆكۈلگەن قۇملار ئاياغ ئاستىدا قېلىپ يا ئېگىز دۆڭگە چىقىپ قالىمىز يا پەسلەپ ئويغا چۈشۈپ قالىمىز. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالمايمىز.

ــ شامال توغرىلىق ئېيتقانلىرىڭىز راست ئىكەن، ــ دېدى قادىر.

شۇ پەيتتە ئەپقاچتى بىردىنلا غەلىتە، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان ئەنسىز ئاۋازدا:

ــ قاراڭلار، قاراڭلار... ئاۋۇ قەيەر؟ ــ دەپ توۋلىۋەتتى.

ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. كۆز يەتمەس نېرىدا غۇۋا بىر سېپىل قارىيىپ تۇراتتى. سېپىلنىڭ قوختىسىمۇ، راۋىقىمۇ ياكى ئوت ياقىدىغان مۇنارىسىمۇ، ئەيتاۋۇر ئېگىز بىر ئەسلىھەسى چوقچىيىپ تۇراتتى.

ــ بىزنىڭ ئىزدەيدىغان شەھىرىمىز دەل ئاشۇ، ــ دېدى مەجىددىن خۇشاللىقىدا تىپچەكلەپ.

ــ سەرەپ، ــ دېدى توڭلۇق بىلەن چاۋار، ــ شەھەر ئەمەس، ئېزىتقۇ ئۇ.

مەجىددىننىڭ چىرايىدىكى شادلىق بىر سېكۇنتچە ئۆچتى ـ دە، چاۋارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك بولۇپ يەنە تەكرارلىدى:

ــ سەرەپ ئەمەس، مەن ئىزدەيدىغان شەھەر شۇ. سەرەپ دېگەن بۇنداق ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، ــ ئۇ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپلا تۆگىدىكى سومكىسىدىن خەرىتە بىلەن كومپاسنى ئالماقچى بولدى.

سومكىنىڭ ئاغزى ئېتىكلىك تۇرۇپ ئىچى قۇم بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ سومكىسىنى يەرگە ئاغدۇرۇپ نەرسىلىرىنى باشقىدىن سېلىشقا باشلىدى. ئەپقاچتىمۇ ئۆز سومكىسىغا ئېتىلدى.

ــ ھەي، مېنىڭ ھارىقىم لاي ھاراققا ئايلىنىپتۇ ـ دە! ــ دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۇ ئاز ئىچكەن بولسىمۇ ھەر ھالدا قونالغۇدا بىر ـ ئىككى يۇتۇم ئىچىشنى قولدىن بەرمىگەنىدى. ئۇنىڭ سومكىسىمۇ قۇمغا تولغانىدى. ئاغزى ئېچىلمىغان ئىككى بوتۇلكا ھارىقى يەنىلا سۈزۈك تۇراتتى. لېكىن

يېرىمىدىن ئازراق قالغان بىر بوتۇلكا پارچە هارىقى لاي سۇغا ئوخشاپ قالغان، ئۇنىڭ دېگىنىدەك «لاي هاراق» بولۇپ قالغانىدى.

— سۇزۇلىدۇرسەمىغۇ ئىچكىلى بولار، — دەپ ئۆز - ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىدى ئۇ سومكىسىنى تازىلاپ تۇرۇپ.

سادىر بىلەن قادىرمۇ سومكىلىرىنى قېقىشتۇردى. بۇلارنىڭ سومكىسىدا ئىچ كىيىم بار ئىدى. كىيىملەرنىڭ چاكىلىرىدىكى قۇم چاڭلىرىنى بىر پەستە تازىلاپ بولغىلى بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

چاۋارنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ تۆگىلىرىنىڭ قۇلاق، بۇرۇن ۋە چاتىراقلىرىنى تازىلىدى.

مەجىددىن خەرىتە بىلەن كومپاسقا، بارغانسېرى ئۇلتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا بىر نەچچە قېتىم قارىدى. كومپاس بۇزۇلدىمۇ - يوقمۇ دېگەندەك قىلىپ سىلكىپ باقتى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بارغانسېرى تۇتۇقلىشىۋاتقان هېلىقى سىپىل تەرەپنى كۆزەتتى. سىپىلنىڭ ئېگىز قىسمى هازىر كۆرۈنمەيتتى، ئەمما، سىپىلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، سەرەپ ئۇ! — دېدى ئاچچىق بىلەن چاۋار ئۈچىنچى قېتىم.

— سەرەپ دېگەن كۆرۈنۈپلا ئۆچمەمدۇ؟ — قايىل بولمايتتى مەجىددىن.

— ھەپتىلەپ يوقالمايدىغان سەرەپلەرمۇ بولىدۇ، — دېدى چاۋار.

مەجىددىن يەنە خەرىتىسى بىلەن كومپاسقا ئېڭىشتى. بىر نېمىلەرنى ھېساب قىلىدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ سىپىل ئەسلى كۆزلىگەن مەنزىلىمىزدىن ئۈچ يېرىم گىرادۇس شەرقتىكىرەك ئىكەن، بۇ سەرەپ ئەمەس، — دېدى ئىشەنچ بىلەن، — بۇ سىپىل بۇرۇن قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ تۇرغان. باياتىن چىققان بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ شەھەر ئېچىلغان. مانا، بايا بىز تۇرغان ئېگىز دۆڭمۇ غايىب بولۇپ، — ئۇ كەينى تەرەپتىكى سەككىز - ئون قەۋەتلىك بىنادەك ئېگىزلىكتىكى قۇم دۆڭنى كۆرسەتتى، — بۇ دۆڭ پەيدا بولۇپ قالدى، بۇمۇ سەرەپمۇ؟

— دۆڭ بىلەن سىپىل ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېقىن، ئۇ يىراق، — چاۋارمۇ گېپىدە چىڭ تۇردى.

— بوپتۇ، ئەگەر سەرەپ بولىغىنىدىمۇ ئەسلىدىكى مەنزىلىمىزگە بۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۇزاق يول كەتمەيدۇ. ئەتە كەچكىچە مېڭىپ كۆرۈپ باقارمىز، — دېدى مەجىددىن ۋە ئاۋۋال باشلاپ تۆگىسىگە سومكىسىنى باغلىدى، — ماڭايلى بۇرادەرلەر.

ئۇلار يۈرۈپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىدە قۇم دۆڭلىرى پات - پات ئۇچراپ تۇردى. باياتىن كۆرۈنگەن سىپىل ئاستا - ئاستا تۇتۇقلىشىپ كېيىن كۆرۈنمىدى. بۇ چاغدا باشقا تەرەپلەردىمۇ بەك يىراقنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇلار سەپىرىنى ئادەم - ئادەمنى تونۇمىغۇدەك قاراڭغۇ چۈشكۈچە داۋام قىلدۇرۇشتى.

ئۇلار يۇلغۇن ۋە چاكاندا ئۇچرايدىغان بىر دۆڭنىڭ باغرىدا تۈنەشتى. مەنزىلنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېقىنلىقى ھەممەيلەننى ئاز تولدىن خۇشال قىلىپ، ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشتى. تۆگىلەرگىمۇ ئىككى كۈرۈشكىدىن سۇ ئىچۈرۈشتى ۋە بوران، سەرەپ ... قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە خېلى ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ يېتىپ ئۇخلاشتى.

ئەتىسى كۆڭۈللۈك سەپەر بولمىدى. چۈنكى ئاسمان - زېمىننى تۇتەكتەك چاڭ قاپلاپ كەتكەنىدى. ھاۋا يەنىلا ئىسسىق، دىمىق ئىدى. كۈن يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇرۇنلار چاڭدىن ئېچىشىپ، لەۋلەر قۇرۇپ گەز باغلاپ تۇراتتى. مەجىددىن بۇنى تۈنۈگۈنكى بوران يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن چاڭلارنىڭ قايتىپ چۈشۈشى تۈپەيلىدىن بولغان ھادىسە دەپ چۈشەندۈردى. سەپەرچىلەرگە چۈشەنچە ئەمەس بۈگۈن يېتىپ بېرىش مولجاللانغان مەنزىلگە بېرىش زۆرۈر ئىدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى خامۇش، قاپىقى سىلىق ئىدى. تۆگىلەر ئېغىر - ئېغىر قەدەم تاشلايتتى. مەجىددىن پات - پات كومپاس بىلەن خەرىتىگە قارايتتى. 50 — 60 مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلار قاراڭغۇدا قالماسلىق ئۈچۈن قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان بىر تۈز يەردە قونۇشتى.

ئەتىسىمۇ ھاۋا ئېچىلمىدى. چاۋار ماڭماسلىقنى، ھاۋا ئېچىلغىچە ساقلاپ تۇرۇشنى، ھاۋا ئېچىلغاندا ھېلىقى سىپىل كۆرۈنسە ئاندىن مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى:

— بىز سىپىل كۆرۈنگەن تەرەپكە بىر يېرىم كۈن ماڭدۇق، — دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماي، — دېمەك، ئۇنىڭغا ئاز - تولا يېقىنلاشتۇق. ھاۋا ئېچىلغاندا ئۇ تۈنۈگۈنكىدىن ئېنىقراق، ئېگىزرەك كۆرۈنسە، دېمەك بۇ سەرەپ ئەمەس. ئەگەر يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك تۇتۇق، يىراق كۆرۈنسە، ئۇ سەرەپ بولغان بولىدۇ.

— كۆرۈنمىسىچۇ؟ — سورىدى ئەپقاچتى، — ئەگەر يەنە قۇم بېسىۋالغان ياكى چاڭ كۆمۈۋەتكەن بولىسىچۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، بوران چىققماي تۇرۇپ قۇم باسمايدۇ، — مەجىددىن تۈنۈگۈنكى پەرىزىگە ئىشىنەتتى، — چاڭ دېگەن بىر شەھەرنى كۆمۈۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس...

— مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ كۆرۈنمىسىچۇ؟ — سورىدى قادىر.

— ئۇ چاغدا ئەسلىدىكى مەنزىلىمىزنى كۆزلەپ ئۈچ يېرىم گرادۇس غەربكە بورۇلىمىز. بۇنىڭدا كۆپ بولسا بىر كۈن ئۇشۇق ماڭارمىز ... — دېدى مەجىددىن. سادىر مەجىددىننىڭ چىرايىغا ئاجايىپ بىر مەيۈسلىنىش ۋە روھسىي ئازاب تارتىشنىڭ بەلگىسى يېپىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

مەجىددىننىڭ مەيۈسلىنىشى ۋە تارتقان روھىي ئازابى باشقىلارغىمۇ يۇقتى. چاڭ ئۈچ كۈنگىچە بېسىلمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە قۇياش كۆرۈندى. ھاۋا ئوچۇق پاكىزە ئىدى. ھەممەيلەن سىپىل كۆرۈنۈشى كېرەك بولغان تەرەپكە قارىدى. ئۇ تەرەپتىلا ئەمەس، تۆت تەرەپنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان بىرەر بۇلۇڭىدىمۇ سىپىل دېگەن نەرسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— راست ئېيتتىڭىز ئىكەن، — دەپ قويدى قادىر چاۋارغا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراپ. چاۋار ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. مەجىددىنگە ئۇنىڭسىزمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ

بوش ئاۋاز بىلەن كومپاس ۋە خەرىتە ئارقىلىق بەلگىلىگەن نىشانىنى چاۋارغا ئۇقتۇردى. تۆگىلەر يەنە مېڭىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى كەچلىكى قونغان يەردە ئۇلار يوتقان يېپىنمىدى. ئەمدى تۇساتتىن كېچىسىمۇ ئىسسىق ۋە دىمىق بولۇشقا باشلىدى. بۇ ھال مەجىددىننى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويدى. سادىر ئۇنىڭ كېچىلەپ خەرىتە كۆرۈپ گۈلخاننى ئۆچۈرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

ئۇلار ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ئالدىراپ مېڭىشتى، بىر ياكى بىر يېرىم كۈن دەپ مۆلچەرلەنگەن ۋاقىت ئۈچ كۈنگە سوزۇلغان بولسىمۇ يەنىلا مەنزىل كۆرۈنمىدى.

ئۇلار ئازغانىدى.

ئەجەل ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ جېنىنى سىقىراتماقتا ئىدى.

## پەرىشتە

ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە ئەجەل پۈتۈلگەندەك قىلاتتى. ئەگەر يېزىق تاپىمەن، شەھەر خارابىسىنى قازىمەن، دەپ يۈرمەي چۆل باغرىغا جايلاشقان بىرەر ئاھالىلەر رايونىنى كۆزلەپ قۇملۇقنى كېسىپ ماڭغان بولسا بەش - ئون كۈندە بۇ چۆلدىن قۇتۇلغىلىمۇ بولارمىدىكىن. بىراق ئۇلار كېچىككەنىدى. بىر كېچىدە تىلسىم يۈز بەرگەندەك بەش تۆگە بىلەن سادىر يوقاپ كەتتى.

قادىرنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇلار كەچكىچە كۈتتى. قاراڭغۇ چۈشتى، ئەمدى سادىرنىڭ كەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. تۆتەيلەن ئەتىگەندىن بېرى تاماق يېمىگەنىدى. ماغدۇرنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن ھەرىكەتمۇ قىلىشمىغانىدى. ئەمدى گۈلخان يېقىش ئۈچۈن ئوتۇن تېرىش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقتىن ئۇلار ئېرىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە شۇ ئەتراپتىنلا بىرمۇنچە ئوتۇن يىغىپ ئوت يېقىشتى. شۇ يەردە سەرەڭگىمۇ تۈگەپ قالغانلىقى، زاپاس سەرەڭگە بار قاپ تۆگىلەر بىلەن بىللە يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى.

قادىر ئوتۇن يىغىش، ئوت يېقىشقا قاتناشماي ھېلىقى دۆڭگە چىقىپ تۆت تەرەپكە ئۇزاق قارىدى. سادىردىن يەنىلا دېرەك يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇنى مەجىددىن چاقىرىۋالدى:

— كەل ئۇكام، بىرەر يۇتۇم قايناق سۇ ئىچىۋالغىن!

قادىر دۆڭدىن قايتىپ چۈشۈپ گۈلخان يېنىغا كەلدى. بىر كۈن ئاچ قېلىش بىلەن ھەممەيلەننىڭ چىرايلىرى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. قادىر تولا يىغلاۋەرگەن ۋە كۆزىنى ئۇۋۇلاۋەرگەنلىكتىن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسى قىپقىزىل دائىرە ھاسىل قىلغان، مەڭزىدىن زىناقلىرىغىچە چىبەرقۇتىنىڭكىدەك يول - يول سىزىقچىلار پەيدا بولغانىدى.

— چاي ئىچ ئۇكام، — دەپ مەجىددىن ئۇنىڭ ئالدىغا كۇرۇشكىنى قويۇپ قويدى، — ئەمدى يىغلاۋەرمە، يىغا توق ئادەمنىڭمۇ ماغدۇرىنى قۇرۇتۇپ كېرەكتىن چىقىرىدۇ، باشقىلىرىمىزغىمۇ ئوڭاي دەمسەن؟

قادىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوتتۇرا كۇرۇشكا قايناق سۇنى ئىچىۋەتتى. ئەسلى ئۇلار نۆۋەت بىلەن ئوتلىشىپ ئىچىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا مەجىددىن باكىنى سىڭايان قىلىپ

uyghurkitap.com



يەنە بىر كۇرۇشكا سۇ قۇيۇپ قايناتتى. باكىنىڭ بوش شالاقـلاۋاتـقانلىقى سۇنىڭ ئاز قالـغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بۇ كېچىمۇ ئانـچە سوغۇق بولمىدى. ئۇلار ئەتراپىغا ئوتۇن تىزىپ ئىككى گۈلـخان ئوتـتۇرىسىدا تۈنەشـتى. قادىر كۆڭلىدە ئاكام نېرىدىن ئوتنى كۆرۈپ قالار دەپ ئويـلاپ دۆڭ ئۈستىگە ئوتۇن تېرىشۇپ چىقىپ ئوت قالىدى ۋە تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىسىدا ئېسەنكىرەپ ياتـتى ـ دە، تاڭـغا يېقىن ئۇخـلاپ قالدى. تاڭغا يېقىن گەجـگىنى قورۇغۇدەك سوغۇق بولـدى. ھەممەيلەن يەنە چاپانلىرىغا يۆگىنىپ ئوت تەپتى سوۋۇمىغان قۇم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولـتۇرۇپ مەجىددىنىگە قاراشتى. مەجىددىن كۆپچىلىك ئالـدىدا ئۆزىنى ئەيىبلىك سەزگەندەك تاۋۇش بىلەن:

— بىر تەرەپكە ماڭايلى ئاغىنىلەر، بۇ يەردە ئولـتۇرۇۋەرسەك ئاچـلىق ۋە ئۇسسۇز-لۇقتىن ئۆلۈپ تۈگەيمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئاز ـ تولا سۈيىمىز بار چاغدا تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىپ باقايلى، — دېدى.

— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز، — سورىدى چاۋار.

— ئۇدۇلىمىزغا ماڭىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى مەجىددىن، — بىز شىمال تەرەپتىن كەلدۇق، ئۇدۇللاپ جەنۇب تەرەپتىن كېسىپ چىقايلى. ئىككى تەرەپ ناھايىتى ئۇزۇن، ئەڭ قىسقا يول جەنۇبقا مېڭىش...

قادىر بىلەن ئەپقاچتى گەپ قىلمىدى. ئۇلار بۇ چۆلنى، چۆلدىكى تەرەپلەرنى بىلمەيتـتى. ئەمما، مەجىددىنىنىڭ دېگىنىدەك مېڭىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىشاتتى. قادىر ئاكىسـدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

— بولىدۇ، تىرىشىپ مېڭىپ باقساقمۇ مەيلى، — دېدى چاۋار.

— باكـنى قانداق كۆتۈرىمىز؟ — سورىدى ئەپقاچتى مەجىددىندىن.

مەجىددىن بىرەر مىنۇتچە ئويلاندى، ئەتراپقا قارىدى ۋە ئەقىل تاپـقانـدەك بولۇپ كىرلەشكەن، تويا باسقان كۆڭلىكىنى يىرتىشقا باشلىدى.

— زەمـبىل ياسايـمىز، — دېـدى ئۇ ھەيـران بولۇپ قاراپ قالـغان ھەمـراھـلىرىغا چۈشەنـدۈرۈپ، — سىلەر تومـراق، تۈزرەك بادىرىسىمان بىر نەرسىلەردىن تۆت تال تېپىپ كېلىڭلار، ئۇنى كۆڭلەكتىن چىقارغان شوينا بىلەن چېتىپ زەمبىل قىلىمىز.

چۆل يۇلغۇنـغا باي ئىدى. ئۇچەيـلەن ئەتـراپـقا تارقىلىپ ساپ بولغۇدەك قۇرۇق شاخلاردىن بىرمۇنـچە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر ھازا ھەپىلىشىپ ئىككى ئۇچىنى چېتىپ ئىككى ساپ ۋە چېتىق ياسىدى، باكىنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشتۇردى. ئەمدى ئۇ خېلى ئوبدانلا زەمبىلگە ئوخشىغانىدى. ئاندىن كىم ئاۋۋال كۆتۈرۈپ مېڭىشنى ئويلىشىشتى.

— ئەتىگەن ـ كەچتە ھاۋا سالـقىن بولىدۇ، ھوشۇر بىلەن قادىر كۆتۈرسۇن، باشـقا چاغلاردا ئىككىمىز كۆتۈرسەك قانداق؟ — سورىدى مەجىددىن چاۋاردىن.

چاۋار تېتىك، چاچقۇن بولغىنى بىلەن بۇنداق يەردە مەردلىكىنى كۆرسەتتى:

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.

زەمبىلنى ھوشۇر بىلەن قادىر كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئەپقاچتى ئالدىنى، قادىر كەينىنى



كۆتۈردى. باكتا سۇ كۆپ قالمىغان، سۇغا نىسبەتەن بىرمۇنچە ھەسسە ئېغىرلىقتىكى باكنى كۆتۈرۈپ مېڭىش چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى. ئۇلار قاچانكىن، يالغۇز ئاياق بولۇۋېلىشقان (ئاياغلىرى تۆگە بىلەن تەڭ يوقالغانىدى) بولسىمۇ ئوتتەك قىزىق قۇمغا دەسسەپ مېڭىپ يول ئاۋۇتالمايتتى، پات-پات توختاشقا، ھېرىپ كەتكەندە قىزىق قۇم ئۈستىدە ۋايجانلاپ ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇلار ئۈچ كۈن مېڭىشتى، كەچكە يېقىن ھوشۇر ئەپقاچتى بولالماي يېتىپ قالدى. ئاغزىغا تېمىتىلغان سۇنى يۇتالماي، قان قۇسۇپ جان بەردى. قالغان ئۈچەيلەن يىغلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقمىدى. ئۇلار ئۇندەك يۇمشاق قۇملارنى ئالقىنىدا كولاپ ھوشۇرنى كۆمۈپ قويۇشتى.

ئەمدى ئۈچەيلەن قالدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ كېيىنكى ئۈچ كۈندە ماڭغان يولى سەككىز ئون كىلومېتىرمۇ كەلمەيتتى. ئەمما ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن مېڭىش لازىملىقىنى، بىر كۈندە ئون قەدەم بولسىمۇ ئالغا يۈرۈش، ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن يېنىكرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشاتتى.

كەچتە ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ گەپ-سۆز قىلمايلا ئولتۇرۇشتى. گەپ قىلغۇدەك مادار يوق ئىدى. گۇلخانمۇ يېقىشمىدى، ئوت قالايدىغانغا سەرەڭگە يوق ئىدى. بۇ ئاخشام باك ئىچىدە ئىككى كۈرۈشكىچە سۇ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، بۈگۈن ئاخشام ۋە ئەتە ئەتىگەن بىر ئىككى يۇتۇمدىن ئىچىلسە، ئۇمۇ تۈگەيتتى.

مەجىددىن بىلەن چاۋار باكنى تەستە سىڭايان قىلىپ ئۈچ يۇتۇمچە سۇ چۈشۈردى. كۈرۈشكىغا چۈشكەن سۇدىن چاۋار ئىچمىدى. ئۇ گەپ-سۆز قىلماي كۆڭلى ئايىنىۋاتقىنىنى ئىپادىلىدى. ئەمما، مەجىددىن بىلەن قادىر ئۇنىڭ قەستەن ئىچمەيۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇشتى. مەجىددىن ئۇ ئىچمىسە ئۆزىنىڭمۇ ئىچمەيدىغانلىقىنى ئىشارە قىلىپ قادىر سۇنغان كۈرۈشكىنى پەسكە قويۇپ قويدى. چاۋار پەقەت شۇ چاغدىلا كۈرۈشكىنى لېۋىگە تەگكۈزدى. ئۇ كۈرۈشكىنى قايتۇرۇپ مەجىددىنگە بەرگەندە ئۇنىڭ لېۋى گەز باغلاپ كەتكەن، چاڭ قونغان يېتى تۇراتتى. مەجىددىن ئۇنىسىز يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى چىرايىدىكى ئۆزگىرىش-

www.uyghurkitap.com



تىن بىلگىلى بولاتتى. چۈنكى كۆزىدىن ياش چىقمايتتى. مەجىددىن كورۇشكىنى ئېلىپ ئۇچىشقا مەجبۇر بولدى. يەنىلا تارتىشسا سۇ پارغا ئايلىنىپ خوراپ كېتەتتى.

ئۇلار يېتىپ ئۇخلاپ، تاڭ ئاتقاندا ئويغانغىنىدا چاۋارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈشتى. ئىزلارغا قارىغاندا چاۋار ئۆمىلەپ، سۆرىلىپ، بەزىدە تەمتىلەپ مېڭىپ بىر كىچىك دۆڭنىڭ نېرىسىغا — كۈنپېتىش تەرەپكە كەتكەنىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر كورۇشكىدىن جىقراق سۇنى ئىككى ھەمراھىغا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۆلۈمگە قاراپ كەتكەنىدى.

مەجىددىن سۆرىلىپ قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا:

— ئەمدى ئىككىمىز قالدۇق باكنى تاشلىۋېتەيلى، — دېدى.

قادىر باش ئىشارىسى بىلەن ماقۇل بولدى ۋە ئۇلار باكتىكى سۇنى كورۇشكىغا ئاغدۇردى. كورۇشكىنى مەجىددىن ئالقىنىدا كۆتۈردى. ئۇلار يەنە يولغا چىقىشتى. بۇنداق مېڭىش بىئەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ لەپەڭشىپ تۇرغانلىقتىن يەنە ئىككى يۇتۇمدىن ئىچىپ يېرىمىلىتىپ مېڭىشتى. قۇم دۆڭلىرىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈشكە ئۇلارنىڭ ماغدۇرى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەخەس بولۇپ ماڭمىغاندا سۇ تۆكۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇلار يىقىلىپ چۈشسىلا قوپالمايدىغانلىقلىرىنى ئېنىق بىلەتتى. ئاسمان ئىسسىق ئوت چېچىۋاتقاندەك، زېمىن كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار ئاخىرقى مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ھاياتى ئاخىرلىششقا ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى تۇيۇشاتتى ۋە پات ـ پات توختىغاندا بىر ـ بىرىگە قىيماسلىق بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. كورۇشكىدىكى سۇ قانچە ئايىغان بىلەنمۇ ئىسسىق تەپتىدىن ئازلاپ بارماقتا ئىدى.

ئۇلار پەسرەك بىر دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشكەندە تۈزلەڭ كۆرۈندى. تۈزلەڭدە ئاندا ساندا يۇلغۇنلار بار ئىدى. مەجىددىن يېقىنراقتىكى بىر تۇپ يۇلغۇننى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ دەم ئېلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە كورۇشكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىمىلاپ قويدى. بۇ شۇ يەردە سۇ ئىچىشكە بولىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

قادىرنىڭ ئۇ كۆرسەتكەن يۇلغۇن بار يەرگە بارالىشىغا كۆزى يەتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىداشلىق بېرەلمەيۋاتقىنىنى سەزمەكتە ئىدى. قىزىق ھاۋانىڭ تەپتى ئۇنىڭ قېنىنى قۇيۇقلاشتۇرۇۋەتكەچكە بېشى غوڭۇلداپ ئاغرىيتتى، ئاسمان ـ زېمىن كۆزىگە گىلدە بوياپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. پۇت ـ قولى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، تىلى ئاغزىغا پاتمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ يۇلغۇن يېنىغا بارالىدى، سەنتىرەكلەپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك باردى. شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن تۈۋىدە سۇنايلىنىپ ياتقان مەجىددىننىڭ يېنىغا بارغاندا، مەجىددىن بىر تەرەپكە بىلەن يەرنى بېسىپ يېتىپ ئۇنىڭغا كورۇشكىنى ئىشارە قىلىۋاتاتتى. قادىر سۇ ئىچتى، قىزىق سۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتقان بولسىمۇ پۇت ـ قولىغا كىچىككىنە جان كىرگەندەك بولدى. پۈتۈپ كەتكەن قۇلىقى يەنە غوڭۇلداشقا باشلىدى. شۇچاغدا ئۇ مەجىددىننىڭ:

— ئۇكام، ئۇكام، — دېگىنىنى ئاڭلاپ، كۆزىنىڭ قىرىدا مەجىددىنگە قارىدى. مەجىددىن كۆزىنى ئاچماي يېتىپ پىچىرلىماقتا ئىدى. قادىرنىڭ ئېغىز ئېچىپ جاۋاب بەرگۈدەك ماجالى بولمىغانلىقتىن قولى بىلەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنى سىيلىدى. مەجىددىن بۇنى سەزدى

ۋە زەئىپ ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — مەن ئۆلۈۋاتىمەن ... مەندىن رازى بول ئۇكام ... مەن باشقىچە بولار دېۋىدىم ... — قادىرنى يىغا تۇتتى. ئۇ مەجىددىننىڭ بارماقلىرىنى بەكرەك سىقتى، — سەن ئۆلمە ئۇكام، سۇنى تۈگىگىچە ئىچ ... بىز ئەمدى ھاياتلىققا يېقىن كەلگەن ئوخشايمىز ... بىز ياتقان مۇشۇ يەردە ھاياتلىق بار ... يۇلغۇننىڭ يىلتىزلىرى ئارىسىدا مەن ھاشاراتتەك بىر نېمىلەرنىڭ كىتىرلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاۋاتىمەن ... دېمەك ئۆلمىگىلى بولىدۇ ... مۇشۇ ئەتراپتا سۇ بولۇشى مۇمكىن ... سۇلا بار يەردە ھايۋانلار ياكى ئادەملەر ياشايدۇ ...

مەجىددىن سۆزلىيەلمىدى، ئۇ لەۋلىرىنى يالاشقا ئۇرۇناتتى، ئەمما تىلىنى لېۋىگە تەگكۈزەلمەيتتى. ياتقان يەرنىڭ تېگىدە بىر نېمە مىدىرلىغاندەك قىلغىنىنى قادىرمۇ تۇيغاندەك بولدى-يۇ، ئۇ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي جەينەكلەپ تۇرۇپ كورۇشكىنى ئېلىپ، مەجىددىننىڭ لەۋلىرىگە سۇ تېمىتتى. مەجىددىننىڭ لەۋلىرى، ئاندىن تىلى نەملەشتى، ئاخىرىدا بىرنەچچە تېمىم سۇنى يۇتۇپ كۆزىنى ئاچتى.

— بۇ سۇنى سەن ئۆزۈڭگە قالدۇر، — دېدى ئۇ لېۋىنى چىڭ-چىڭ يالاپ قويۇپ زەئىپ ئاۋازدا، — ئۈمىدۋار بولۇپ ئۇدۇل مېڭىۋەر ... ئەمدى ماغدۇرۇڭ يەتكەنچە يۇلغۇن ئاستىنى تىماقلاپ قاز ... ھاشاراتلار ئۈزۈك، قېنى ئۇسسۇلۇق بولىدۇ ... ھاشاراتلارمۇ ھايات، ئۇلار ئادەملەردىن بەك نېرى ئەمەس ...

قادىرنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق، جىمجىت، ئۆلۈك چۆل ئىچىدە ئۆزى يالغۇز قالغۇسى كەلمەيتتى. ھامان ئۆلۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، مەجىددىندىن كېيىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق ئۆلۈشنى خالايتتى. شۇڭا ئۇ مەجىددىن تەقدىم قىلغان سۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئىچۈرۈشكە ئۇرۇناتتى.

مەجىددىن قادىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، ئۇنى توسۇشقا كۈچ، قايىل قىلىشقا سۆز تاپالمىغانلىقتىن:

— ماقۇل، بىللە ماڭايلى، سەنمۇ ئىچكىن ... — دېدى.

قادىرنىڭ قوللىرى تىترەپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى. كورۇشكىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەگەر بۇ سۇنى ساقلىسا بىر سائەتكە قالماي پارغا ئايلىنىپ تۈگەيتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۇ ئۇلارغا كۈچ، ئۈمىد ئاتا قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، بىر-بىرىگە ئېسىلىشىپ ئالدىغا مېڭىشتى. كورۇشكا ئەمدى قادىرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئىككى يانغا مىدىرلايتتى، بىر پەسلەپ بىر كۆتۈرۈلەتتى. سۇ پارغا ئايلىنىپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. مەجىددىن كۆڭلىدە ئالدى تەرەپتىكى 20 - 30 غۇلاچچە يەردە تۇرغان خېلى باراقسان بىر تۈپ قۇرۇغان يۇلغۇنغا ئۇلىشىۋېلىپلا سۇنى ئىچىۋېتىش، ئاندىن يۇلغۇن تېگىنى كولاپ كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق ياكى قۇلىيلىن دېگەندەك ئۆمىلىگۈچى چۆل ھايۋانلىرى ئوۋلاپ يېيىش قارارىغا كەلدى. «بۇنداق نەرسىلەرنى يۇمشاق قۇمنى قول بىلەن كولاپ تېپىشقا بولار، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ياكى قۇرت، قوڭغۇزسىمان بىر نېمىلەر چىقىپ قالار ... قاراپ تۇرۇپ ئۆلگەندىن ...»

ئۇ خىيالىنى داۋام قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان قادىر بىرسى كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتكەندەك گۈپپىدە دۈم يىقىلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كورۇشكا بىر

مېتىرچە نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە ئىچى قۇمغا توشۇپ قالدى. مەجىددىننىڭ بېشى قايدى، ئاللىكىملەر ئۇنى پىرقىرىتىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ قادىرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ ئېگىشكەندى، ئۆزىمۇ دۈم يىقىلىپ چۈشتى.

قادىر ئاستا-ئاستا ئېسىدىن كېتىۋاتاتتى. قولىدىكى كۈرۈشكىنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىنى، مەجىددىننىڭ يىقىلغىنىنى سېزىپ ياتاتتى. «يەنە بىرنەچچە تىنىق ئۆمرۈم قالدى ... ئاكام بۇ چۆلدە غايىب بولدى ... ئەمدى مەنمۇ غايىب بولۇۋاتىمەن ... ئاكام قايسى تەرىقىدە ئۆلدىكىن، ئۇنىڭ سۈيى يوق ئىدى ... — دەپ خىرە-شىرە ئويلايتتى ئۇ، — بىچارە ئانام بالىلىرىم شەپكە سېتىپ كېلىدۇ دەپ ساقلاۋاتقاندۇ. يولىمىزغا قاراۋاتقاندۇ ...»

ئانىسىنى ئويلاش بىلەنلا ئۇنىڭ تۇتۇق سېزىملىرى سەل-پەل سۇزۇكلەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۆلدە ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ئاغزى-بۇرنىغا قۇم كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىنى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك سېزىشكە باشلىدى. يۈرىكى ئوتتا كۆيگەندەك قورۇلۇپ ئېچىشاتتى. «ئوڭدا يېتىپ ئۆلسەم بولاتتى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — يۈرىكىم بېسىلىپ قالدى، ۋاي ئىسىت ئوڭدا يېتىپ ...»

ئۇ خۇدىنى يوقاتتى. ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، خېلىلا ماغدۇرىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ھېلىمۇ سوزۇلۇپ ياتاتتى، پۇتىغا يېقىن يەردە چاراسلاپ گۈلخان يانماقتا ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئەتراپ جىمجىت، قاراڭغۇ ئىدى. شامال بولمىسىمۇ خېلى سوغۇق بىلىنەتتى. ئاسماندا ھېسابسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئۇ چۆلگە كىرگەندىن بۇيان شۇنچە كېچىلەرنى ئوچۇق دالىدا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ پايانسىز چۆلنىڭ كېچە ئاسمىنىنىڭ بۇنچىۋالا يۇلتۇزلارغا باي ۋە چىرايلىق بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باراقسان بىر توپ قۇرۇق يۇلغۇن تۈۋىدە ياتقانلىقىنى، يېنىدا گۈلخان كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇدىنى يوقىتىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىنى يادىغا ئالدى. ئۇ تاقىر قۇملۇقتا يىقىلغان ئىدىغۇ؟ ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ قالدى؟ ئوتنى كىم ياقتى؟

ئۇنىڭ يادىغا مەجىددىن كەلدى-دە، گۈلخان ئەتراپىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېقىدىن بىر غۇلاچچە نېرىدا مەجىددىن ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھاياجانلىنىپ كەتكەن قادىر تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە مەجىددىننىڭ يېنىغا باردى-دە، ئۇنى كۈچ بىلەن تۇرتۇپ:

— مەجىددىن ئاكا، تۇرۇڭ ... تۇرۇڭ! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

مەجىددىن كۆزىنى ئاچتى، ھېجىيىپ ئېگىشىپ تۇرغان قادىرنىڭ چىرايىدا ئوت شولىسى ئوينايتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قادىرغا بىر ھازا قارىدى-دە، چاچراپ ئۆرە بولدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى قادىردىن قاتتىقراق ئىدى.

— مېنى بۇ يەرگە ئەپكېلىپ قويدىڭىزمۇ؟ ئوتنى قانداق ياقتىڭىز؟ مەن ئاچمۇ ئەمەس، ئۇسسۇزمۇ ئەمەس بولۇپ قاپتىمەنغۇ؟ — قادىر ئۇنىڭ بىراقلا جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن سوئال سورىدى.

مەجىددىن تېخىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر دەم قادىرغا، بىردەم ئوتقا، بىر دەم قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئەتراپقا چەكچىيىپ قارايتتى.

— ئاسمانغا قاراڭ، — دېدى قادىر، — بۇ خۇدا ئۇرغان چۆلنىڭ ئاسمىنى نېمىدېگەن چىرايلىق؟ يۇلتۇز، يەنە يېڭى چىققان ئايغا قاراڭ...

مەجىددىن قادىر كۆرسەتكەن ئاسمانغا قارىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى خۇشاللىققا ئۆزگەرمىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — سورىدى ئۇ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ، — ئوتنى كىم ياقتى، مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟

— مەن تېخى سىزدىن بالدۇر ئۆلگەنىدىم. دېمەك، مېنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن، ئوت ياققان سىز ئەمەسكەنسىز-دە؟

— مەن ئەمەس، — ھەيران بولغان ئاۋازدا جاۋاب بەردى مەجىددىن، — دېمەك بىز تېخى ھايات؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى، بىلىكىنى تۇتۇپ بېقىپ قادىرنىڭ يەلكە ۋە بىلىكىنىمۇ سىقىپ باقتى، — بۇ چۈش ئەمەستۇ؟ بۇ سەرەپ ئەمەستۇر...

ئۇلار بىر-بىرىنى تۇتۇپ چىمدىپ بېقىشتى، گۈلخاندىن بىر چۇچۇلا ئېلىپ قوللىرىغا تەگكۈزۈپ بېقىشتى. شۇنداق، ئۇلار ھايات ئىدى، ئۇلاردا ۋە ئەتراپتا بولغان ئۆزگىرىش چۈشمۇ، سەرەپمۇ ئەمەس ئىدى.

— بىزنى بۇ يەرگە كىم ئېپكېلىپ قويدى، ئوتنى كىم ياقتى؟ — سورىدى مەجىددىن بۇنى قادىر بىلىدىغاندەك، — بىز نېمىشقا بۇنچىۋالا بېجىرىم بولۇپ قالدۇق؟ بۇلارنى كىم قىلغاندۇ؟

قادىر ئاكىسىنىڭ ۋە بەش تۆگىنىڭ غايىب بولۇشى، بورانىنىڭ سەۋەبىدىن دۆڭنىڭ ئويى، تۈزنىڭ دۆڭ بولۇپ قېلىشى، ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن كۆرۈنگەن سېپىل... قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ شۇنداق جاۋاب بەردى:

— تىلسىمات يەر ئىكەن بۇ مەجىددىن ئاكا، بەلكى پەرىشتە بىزگە غەمخورلۇق قىلغاندۇ.

ئۇ ئەزەلدىن پەرىشتىلەر بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، لېكىن شۇ تاپتىكى ئىشلارنى ئۇ باشقىچىمۇ چۈشەندۈرەلمەيتتى. مەجىددىننىڭ ئۇنىڭ جاۋابىنى رەت قىلغۇدەك پاكىتى بولمىغانلىقتىن ئۈنچىقمىدى. ئەمما، ئارام بەرمەيۋاتقاندەك تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن:

— ئوتنى ئۇلغايتىپ ئەتراپنى تەكشۈرۈپ باقايلى، — دېدى.

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىكى قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرىنى گۈلخانغا تاشلاشقا باشلىدى ۋە شۇئان يۇلغۇن كۆتىكى يېنىدا، باياتىن قادىر ياتقان يەرنىڭ باش تەرىپىدە تۇرغان ئىككى چاناچنى كۆرۈشتى. بوغۇچىنى يېشىپ قاراپ، چاناچلارنىڭ بىرسىدىكى سۇ يەنە بىرسىدىكى قېتىق ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. يۇلغۇننىڭ غولىدا بىر تېرە تۈگۈنچەك ئېسىقلىق تۇراتتى. تۈگۈنچەكنى يېشىپ قاراپ بېقىشتى. ئۇنىڭدا پىشۇرۇلغان توشقان گۆشى بىلەن كۈلى تولۇق پۇۋۇلۇۋېتىلمىگەن يېرىم كۆمەچ بار ئىدى.

— قاراڭ، قاراڭ، — خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى قادىر، — بىزنى قۇتۇلدۇرغان ۋە چۆلدىن چىقىۋالسۇن دەپ يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرگىچە تەييار قىلىپ قويغان كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ جەزمەن پەرىشتە...

www.uyghurkitap.com

مەجىددىن گەپ ـ سۆز قىلماي گۈلخاننى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئوت يورۇقى يېتىپ بارالىغان دائىرىنى بىرەر قۇر كۆزىتىپ چىقتى. ئاندىن ئوت يېنىغا قايتىپ كېلىپ چاناچلار بىلەن تېرە تۇگۈنچەككە بىر قارىدى ـ دە:

— پەرىشتىلەرمۇ سۇ، قېتىق ئىچىپ، كۆمەچ يەيدىكەن ـ دە؟ — دېدى.

— بىزنى دەپ تەييار قىلىنغاندۇ؟ — دېدى قادىر مەجىددىننىڭ شۈبھىلىنىشىگە رەددىيە بېرىپ.

— ئۇنداقتا چاناچلار نېمىشقا لىق ئەمەس، توشقاننىڭ تۆشى بىلەن بىر پۇتى قېنى؟ — سورىدى مەجىددىن، — كۆمەچنى كىم ئۇشتۇپ يېرىم قىلىپ قويىدى، قالغان يېرىمى قېنى؟ — ئۇ تېڭىرقاپ قالغان قادىرغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۇكام!

— ئەمىسە ئۇ ئادەم قېنى؟ — قادىرمۇ شۈبھىسىنى يوشۇرمىدى، — ئۇ ئادەم نېمىشقا مەخپىي ياخشىلىق قىلىدۇ؟

بۇنىڭغا مەجىددىن بىر نېمە دېيەلمىدى. دېمىسىمۇ، بۇ بىر چۈشىنىكسىز مەسىلە ئىدى. بۇ ئىشنى ئادەم قىلغان بولسا ئۇ نېمىشقا يوقاپ كەتتى؟ پەرىشتە قىلغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرالىغان پەرىشتە نېمىشقا بىراقلا يۇرت ئىچىگە يۆتكەپ قويمىدى؟

ئۇلار ئاشۇنداق سوئاللارنى قويۇشۇپ، ئۆزلىرىچە جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىچە مۇلاھىزە قىلىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى ۋە ئاخىرى ئەتە يولغا چىقىۋېرىش، بار ئوزۇق ۋە ئىچىملىك بىلەن بىرەر يۇرتقا ئۇلىشىۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

قادىر ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپلا كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشتىن تېنى ئەيمىنىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەرگە قورشالغان، قاپقارا بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزنى كۆرگەنىدى. ئۇ بۇنى چۈش دېيەلمەيتتى. چۈشىدە ئۇ قۇملۇق چۆلنى كۆرگەن، پۇتى ئوتتەك قۇملارنى كېچىپ يۈرگەنىدى. بايىقى كۆزلەر چۈش ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ قۇلاقلىرى بۇلاق سۈيى شىرىلدىغاندەك يۇمشاق، يېقىملىق كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ كۆزىنى يەنە ئاچتى.

ئۇنىڭغا ھېلىقى كۆزلەر يەنە قاراپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ كۆزلەر ئۇنداق يېقىن ئارىلىقتىن ئەمەس، بىر مېتىرچە نېرىدىن، خېلى ئېگىزدىن قاراپ تۇراتتى. قادىر كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېلىم چېپىپ قىرىق كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈلگەن قۇندۇزدەك چاچلىرىنى باستۇرۇپ ئاق تۇماق كىيگەن، بويىنىغا كۈمۈش تەڭگە ۋە ئۇششاق قوڭغۇراقلاردىن چاچتەڭگە ئاسقان، قۇلىقىغا قارىداپ كەتكەن كۈمۈش زىرە تاقىغان، ئۇستىگە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تاشلانمىغان جۇۋا كىيگەن بىر قىز تۇراتتى. قىزنىڭ ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ ئاستىدىن چېكىم گۈللۈك سەگەز كۆڭلىكىنىڭ پېشى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۈندە ۋە قۇمدا كۆيۈپ قارىداپ يېرىكلەشكەن قۇۋۋەتلىك پۇتلىرى يالاڭغىداق ئىدى.

قادىر قىزنىڭ جۇۋىسى ئۇستىدىن باغلىۋالغان قوپال، كەڭ تېرە بەلبېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تېرە غىلاپقا ۋە بىر غېرىچچە چىقىپ تۇرغان پىچاقنىڭ سۆڭەك سېپىغا دىققەت قىلدى. ئۇ كۆرگەنلىرى ئۇستىدە نېمە ئويلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا قىز ئېنىق، دانە ـ دانە قىلىپ:

— ئۇخلاپ قالغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى ۋە زىناقلىرىغىچە يېقىملىق كۈلدى.

قادىر مەڭدەپ قالغىنىدىن دەرھال جاۋاب بېرەلمەي ئۇپۇل-تۇپۇل پۇتلىرىنى تۆگۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق چۆلدە، ئۆلۈپ بولدۇم دەپ ئويلاپ يەنە تىرىلىپ قالغان ۋاقىتتا ئادەم ئاۋازىنى، يەنە كېلىپ يېقىملىق بىر قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ:

— ھە... ھە... — دەپلا توختاپ قالدى ۋە كۆزىنى قاچۇرۇپ گۈلخانغا قارىۋالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ھېلىقى چىرايلىق بۇلاقتەك كۆزلەرگە قاراپلا ئولتۇرغۇسى بار ئىدى.

— سەپەرداشلىرىنى ئويغاتسىلا، بىز ناشتا قىلىۋېلىپلا ماڭايلى، — دېدى قىز ۋە بۇرۇلۇپ يۇلغۇن شېخى تېرىشكە باشلىدى. قادىر شۇ چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان موزايدەك چوڭلۇقتىكى بىر ئىتنى، نېرىدا چۆكتۈرۈپ قويۇلغان ئۈچ تۆگىنى كۆردى.

«بىزنى قۇتقۇزغان مۇشۇ قىز ئىكەن-دە، — ئويلىدى قادىر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئۇ نېمىشقا قۇتقۇزۇپ قويۇپ تاشلاپ كەتكەندۇ؟ قىز بولغانلىقتىن نېرىراق بېرىپ تۈنىگەنمىدۇ ياكى باشقا ھەمراھلىرىمۇ بولسا شۇلارنىڭ يېنىغا كەتكەندىمۇ؟ ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق، — ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ كەتتى، — گېپىدىن قارىغاندا ئۇيغۇردەك قىلىدۇ، كىيىنىشى بولسا باشقىچە...»

ئۇ مەجىددىننى تۈرتۈپ ئويغاتتى. مەجىددىن شاخ سۆرەپ كېلىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— بىزنى قۇتۇلدۇرغان شۇ قىز ئوخشايدۇ، ھە؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ئالدىغىلا مۇلاھىزە قىلىپ.

ئاڭغىچە قىز يېتىپ كەلدى. شاخلارنى گۈلخان ئۈستىگە تاشلىدى. چوغنى پۈۋلەپ بىردەمدە ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ تېرىلمىگەن قويۇق، قارا، ئەگىم قاشلىرىغا، تۇمىقىدىن چىقىپ تۇرغان چېكە چاچلىرىغا ئاپئاق كۈل قونۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قىز ئۇلارنى سۈرتۈۋېتەي دېمەي ئورنىدىن تۇرۇپ تۆگىلىرى بار تەرەپكە كەتتى. قادىر بىلەن مەجىددىن ئۇنىڭ بىر قولىدا قۇم چۆگۈن، بىر قولىدا تۈگۈنچەك كۆتۈرۈپ يانغىنىغا ئۈنچىقماي قاراپ ئولتۇرۇشتى.

— سۇ، قېتىق تۈگىدىمۇ؟ — سورىدى قىز قادىرغىلا قاراپ.

— ياق، ياق... بىز ھېچ نەرسىگە تەگمىدۇق، — دەپ دۇدۇقلاپ كەتتى قادىر ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇلغۇن كۆتىكى يېنىدىكى ئىككى چاناچ بىلەن تېرە تۈگۈننى ئەپكېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

قىز بۇ ئىككىيلەنگە قارىمايلا سۇ بار چاناچنى ئېگىشتۈرۈپ قۇم چۆگۈننى ئوتقا قويدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە قادىردىن سورىدى:

— نېمىشقا يېمەي، ئىچمەي يەنە ئۇخلىدىڭلار؟

— بىز بۇلار بىلەن جان ساقلاپ بىرەر يۇرت ئىچىگە بېرىۋالايلى، دەپ ئويلىغانىدۇق، — قادىرنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى مەجىددىن، — چۆلدىن چىقىۋالغۇچە ئاياپ يەپ-ئىچمەكچىدۇق...

www.uyghurkitap.com

ــ ئۇن چاناچ سۇ بولسىمۇ بۇ چۆلدىن چىقالمايسىلەر، ــ قىز خاتىرجەم، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەيتتى. ئەمما، بۇ سۆزلىرىنىڭ ئىككىيلەننى قانچىلىك ساراسىمىگە سالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ــ ئايلىنىپ ــ ئايلىنىپ يەنە ئۆز جايىڭلاردا تۈنەيسىلەر...

قادىر بىلەن مەجىددىن بىر ــ بىرىگە قارىشىپ قويىدى. قىز ئۇلارغا قارىمايلا تۆگىسى بار تەرەپكە بېرىپ، كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغى بىلەن بىر چۆچەك ئېلىپ كەلدى. قوي يېغىنى باياتىن قادىر قايتۇرۇپ بەرگەن گۆش بىلەن كومەچ بار تۈگۈنچەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چۆچەكنى ئۇتقا يېقىن قويدى. ئاندىن قوينىدىن تۈنۈگۈن قادىرنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن كۇرۇشكىنى چىقىرىپ:

ــ نېمە بۇ؟ ــ دەپ سورىدى قادىردىن.

ــ كۇرۇشكا، ــ جاۋاب بەردى قادىر.

ــ نېمىگە ئىشلىتىسىلەر بۇنى؟ ــ قىز كۇرۇشكىنى ئايلاندۇرۇپ چىرايلىق كۆزلىرىنى قىسىپ قارايتتى.

ــ سۇ، چاي ئىچىمىز، ــ دېدى مەجىددىن قادىرغا بىر قاراپ قويۇپ.

قادىر ئاۋۋال مەجىددىنگە كېيىن قىزغا قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ كۇرۇشكىنى بىلمەسلىكى بۇ ئىككىيلەننى ھەيران قالدۇردى.

قۇم چۆگۈن قايناپ تاشقىچە قىز باشقا گەپ قىلماي كۇرۇشكىنى تاماشا قىلدى ۋە كۇرۇشكىنى قادىر بىلەن مەجىددىننىڭ ئالدىدا قويۇپ قۇم چۆگۈننى ئوتتىن ئالدى. ئۇ ئاۋۋال پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قوي يېغىنى توغراپ ئىككى ــ ئۈچ پارچىنى كۇرۇشكىغا، ئىككى ــ ئۈچ پارچىنى چۆچەككە سالدى. ئاندىن قايناق سۇ قۇيدى. تۈگۈنچەكنى يېشىپ داستىخان قىلىپ يېيىپ توشقان گۆشىنى پارچىلاپ، ناننى توغرىدى.

ــ قېنى، داستىخانغا بېقىڭلار، ــ دېدى ئۇ.

ئۇچەيلەن ئالسلا ــ باقسلا دېيىشىپ ئۇزاق غىزالىنىشتى. كېيىن قىز بىر مەجىددىنگە، بىر قادىرغا قاراپ:

ــ دۇئا قىلىپ بېرىشىسلە، ــ دېدى.

قادىر بۇ قىزنىڭ بۇنچىۋالا تەقۋادار مۇسۇلمانلىقىنى كۆرگىنىدە تېخىمۇ ئەجەبلەندى. چۈنكى، ئۇلار ئۇزاق كۈنلەردىن بۇيان دۇئا قىلماي كەلگەنىدى.

ــ ئەمدى بىز تەرەپكە بارايلى، ــ دېدى قىز قادىرغا قاراپ.

مەجىددىن بىلەن قادىر خۇشاللىقتا چۆمۈپ تۆگىلەر تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلار چۆلدىن قۇتۇلمىغان بولسىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان، ئادەملەر ئارىسىغا بارىدىغان نىجاتلىقىنى تاپقانىدى. تۈنۈگۈنكى جان تالىشىش تېخىچە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى سىقىرىتىپ تۇرسىمۇ، بەربىر ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن چۈشتەك تەسىر قىلماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە ۋە ئەتىسى پېشىن ــ نامازدىگەرگىچە ئۇلار چېكى يوق قۇم بارخانلىرى ئىچىدە مېڭىشتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

خەن رۇيتىڭ

# سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆزى بېقىندىغان ئىدىيىۋى سىستېما ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە ئون يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىنى باشتىن كەچۈردى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي نەتىجىلىرى خېلى كۆرۈنەرلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تونۇشى ئانچە يېتەرلىك بولمىدى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ماھىيىتىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە مۇھاكىمە قىلىش گويا سوتسىيالىزم تۇرمۇشى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەمەلىيىتى بويىچە مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلاردىن خېلىلا ئۇستۇندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنى مۇشۇنداق ئەمەلىيەت ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلمىغاندا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىگە ۋە ماھىيىتىگە قارىتا نەزەرىيە جەھەتتە ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. بۇنداق مۇھاكىمىدە «ئۆز مەزمۇنىنى ئۆزى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ» كى، ماركس 19 ـ ئەسىردىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھلىگەندە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئىلگىرىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابلىرىغا ئوخشاش، ئەرۋاھلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز مەزمۇنىنى ئۆزىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇچىلار كاپىتالىزم شارائىتىدا، پرولېتارىيات مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە ئەمدىلا چىققاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىزم خاراكتېرىگە ئىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەشەببۇس ۋە تەرغىب قىلغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى يازغۇچىلاردىن گېئورگى ساند، يېۋگېنى سۇ، چارلېز دىكېنس قاتارلىق يېڭى ئېقىم تەرەپدارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، يەنە بىر

تەرەپتىن، ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنىڭ خا-
راكتېرى جەھەتتە ئۆزۈل-كېسىل ئىنقى-
لاب قىلىپ، نامراتلارنى ۋە كەمسىتىلگۈچى-
لەرنى سىنىپ كىشىلىرىنى ئىلگىرى ئەسەرلەر-
نىڭ باش قەھرىمانى بولۇپ كەلگەن پادى-
شاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ،
ئاشۇ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەقدىرىنى،
خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقىنى ئەسەرلەرنىڭ
مەزمۇنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۇلار نامراتلار ۋە ئاددىي ئادەملەرنىڭ
تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىنغان ۋە كۆ-
ڭۈل بۆلۈنگەن ئەسەرلەر بىلەن قانائەتلى-
نىپ قالماستىن، «توقۇمىچىلار ناخشىسى»،
«سىلېزىيە توقۇمىچىلىرى ناخشىسى» غا ئوخ-
شاش ئەسەرلەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ،
پرولېتارىياتنىڭ قەيسەر، باتۇر ئىنقىلابچى-
لىرى باش قەھرىمان قىلىنىدىغان ئەدەبى-
يات-سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ
قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، پرولېتارىياتقا
ۋە خەلق ئاممىسىغا بىۋاستە يۈزلەنمەيدى-
غان ئەسەرلەرگە قارىتا، قانداق قىلغاندا
ئۇلارنى سوتسىيالىستىك خاھىشقا ئىگە قىل-
غىلى بولىدىغانلىقى يەنى رېئال مۇناسىۋەت-
نى ئەينەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇ مۇنا-
سىۋەتلەر توغرىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئەنئە-
نىۋى قاراشلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۇرژۇئا
دۇنياسىدىكى ئۈمىدۋارلىقنى تەۋرىتىپ،
ھازىرقى شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرۇشىغا قارىتا مۇقەررەر گۇمان پەي-
دا قىلىشتەك پرىنسىپلىق تەلەپنى ئوتتۇر-
غا قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، پرولېتارى-
يات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كونا دۇنيانىڭ
زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، يېڭى دۇنيانىڭ
خوجايىنلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى
كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات-
سەنئەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى رې-
ئالىزم ساھەسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە قى-
لىشنى قىزغىن تەشەببۇس قىلدى، 20-
ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پرولېتارى-
ياتنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش
يولىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈرىشىنىڭ ھارپى-
سىدا، لېنىن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-
سەنئەت پرولېتارىيات بىلەن ئاشكارا ئا-
لاقە قىلىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت، يەنى
مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئەمگەكچى خەلقتىن
ئىبارەت مۇشۇ دۆلەتنىڭ جەۋھەرلىرى،
دۆلەتنىڭ كۈچلىرى، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات-
سەنئەت، دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆت-
كەنىدى.

بىز ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇ-
چىلارنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلىش-
تىن ئىلگىرىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-
سەنئەت ھەققىدە ئېيتقان بەزى بايانلىرى
ۋە تەلەپلىرىدىن ھېچ بولمىغاندا سوتسىيا-
لىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خاراكتېر
ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئىككى مۇھىم بەل-
گىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭ بىرى، سوت-
سىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆزىنىڭ
پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرە-
شى بىلەن بولغان ئاشكارا ئالاقىسىنى قىلچە
دىلىغۇل بولماي جاكارلاپ، «پارتىيىۋىلىك
يوق»، «خاھىش يوق»، «سىنىپتىن تاشقى-
رى»، «دەۋردىن يۇقىرى» دېيىدىغان ھەم
«پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ۋە غايى-
سى» نى كۆزلەيدۇ دەپ كوز-كوز قىلى-
دىغان قۇرۇق، ساختا گەپلەرنى چۆرۈپ
تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇ پرولېتارىيات ۋە
خەلق ئاممىسىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىش-
لىرىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى بىۋاسىتە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. شۇڭا «ئۇ مۇشۇ ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇشى، مۇشۇ ئاممىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئىرادىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنى ئۆستۈرۈشى شەرت». دېمەك، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن چوڭقۇر ھەم كەڭ ئالاقە ئورنىتىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ھەم ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئەدەبىيات - سەنئەتتىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ماركسىزمچى كلاسسىك يازغۇچىلار ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، پرولېتارىياتقا ۋە خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. ئېلىمىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك نەرسىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئىپادىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيىتى جەھەتتىكى كونكرېت مەزمۇنلار بېيىتىلدى ۋە تولۇقلاندى. ئاز - تولا ئەسلىسەكلا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى ئىپادىسىنى بايقىماق تەس ئەمەس.

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدىكى جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى ھەمدە بۇ جەڭگىۋار تۇرمۇشنى ئەينەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق تارىخ ھەرىكىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەيلى 50 - ، 60 - يىللاردا بارلىققا كەلگەن ئىنقىلابىي، تارىخىي، جەڭگىۋار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ياكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر بولسۇن، ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ھاياتى، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان تارىخىي ئىجادىيەت ھەرىكىتىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى سۈپىتىدە كەڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن چۈشىنىلدى ۋە قوبۇل قىلىندى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت دەۋر شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن يېڭىچە دۇنيا ۋە يېڭىچە ئوبيېكتلارغا دۇچ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كاپىتالىستىك كونا دۇنيادىكى رېئال مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەش، ئۇنىڭغا بولغان خام خىيالنى تۈگىتىش، ئۇنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قارىتا گۇمان پەيدا قىلىشتىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى يېڭى رېئال مۇناسىۋەتنى پائال تەسۋىرلەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۆتۈش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇنداق تەسۋىرلەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى تەلەپ قىلىپلا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالماستىن، سوتسيالىستىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ـ
دىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى
بەلگىلىگەن. ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىلدا
بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئېغىشلارنىڭ
يۈز بېرىشى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش
پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەل ـ
گەن بەزى ئەسەرلەردە خاتالىقلارنىڭ يۈز
بېرىشىدىكى سەۋەبمۇ سوتسيالىستىك ئە ـ
دەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھى ـ
دىلىكىنى خاتا چۈشەنگەنلىك ۋە ئۇنىڭغا
خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، سوتسيالىستىك ئە ـ
دەبىيات ـ سەنئەت بىر خىل ئىجتىمائىي
ئاڭ شەكلى بولغاچقا، سوتسيالىستىك جەم ـ
ئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسا ـ
دىي بازىسى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى
يوقىتىپ قويۇشى، بۇ ئۈستقۇرۇلما بىلەن
ئىقتىسادىي بازىسقا ئاكتىپ تەسىر كۆر ـ
سەتمەي تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە
كېلىپ بۇنداق تەسىرنىڭ كۈچى سوتسيا ـ
لىستىك ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ كېڭىيىشى ـ
گە ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە باغلىق بولىدۇ.
شۇڭلاشقا، سوتسيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەن ـ
ئەت سوتسيالىزم دەۋرىدىكى تۇرمۇشنى
چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق سوت ـ
سيالىزم ئىدىيىسىنى ۋە يازغۇچىلارنىڭ
ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەپ بېرىشى
ھەمدە بۇ خىل ئىدىيە ۋە غايە ئارقىلىق
خەلق ئاممىسىغا ئىلھام بېرىشى، تەسىر
كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى يۈكسەك ـ
لىكىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ
سوتسيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى، خەلق ئاممىسى
ئىچىدە كەڭ تەسىر قوزغىغان مۇنەۋۋەر
ئەسەرلەردىكى تەجرىبىلەر سوتسيالىستىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ سوتسيالىزم
ئىشلىرىغا نىسبەتەن پەرۋا قىلماسلىق پو ـ
زىتسىيىسىنى تۇتسا بولمايدىغانلىقىنى،
خەلق ئاممىسىنى جەڭگىۋار ئىدىيە ۋە مەن ـ
ۋى كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشى، سوت ـ
سيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگى ـ
رى سۈرۈشى لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى.
ھالبۇكى، بۇنداق ئىدىيە ۋە مەنىۋى كۈچ ـ
نى خۇسۇسىي نەپ، ھەۋەسىنىلا كۆزلەيدىغان،
ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مىللىي
ئىنكارچىلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈن ـ
لۈك قاتارلىق كىشىلىك ھايات پوزىتسىيە ـ
سى ۋە قىممەت قارىشى ئەمەس، بەلكى
سوتسيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈ ـ
زۈمىگە ماس كېلىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەر ـ
ۋەرلىك، كوللېكتىۋىزمىلىق، قەھرىمانلىق
ۋە سوتسيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىغا
كىرىدىغان نەرسىلەرلا پەيدا قىلالايدۇ.
سوتسيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆزى ـ
نىڭ سوتسيالىستىك ئىدىيىۋى سىستېمى ـ
سىنى تەرغىب قىلىش ۋە قوغداش ۋەزىپى ـ
سىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇ «سەنئەت ئۈچۈن
سەنئەت» دەيدىغان، مەنپەئەت خاراكتېرى ـ
دىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىنكار قىلىدى ـ
غان، ئىجتىمائىي ئاڭ خاراكتېرىنى غەيرىي
ئەدەبىيات ئامىلى دەپ چەتكە قاقىدىغان
«نوقۇل ئەدەبىيات» قا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ،

سوتسيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت
كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قى ـ
لىش نىشانىغا ئىگە بولغانىكەن، ئىلگىرى ـ
كى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە
سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان بىپايان، زور
تۇرمۇش مۇھىتى ۋە سەنئەت ماكانىغا دۇچ
كېلىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەتكە قارىتا

كۆنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى ۋە ئۇنى قاندۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. روشەنكى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ناھايىتى مول ۋە كۆپ خىل بولۇشى شەرت. تېماتىكا ۋە تېما، تەپەككۇر ۋە خىيالەت، ئۇسلۇب ۋە رەڭ، ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدىغان بىپايان زېمىن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئېقىملىرىنىڭ ئەركىن رىقابەتلىشىشىگە تولۇق پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنى كۆپ خىللاشتۇرۇلغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بىراق، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى نىشان بىرىدەك بولۇش شەرتى ئاستىدىكى كۆپ خىللاشتۇرۇش بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. بۇ ئالدىنقى شەرت يوقىتىپ قويۇلسا، بۇ نىشاندىن چەتنەپ كېتىلسە، جاندىن ئايرىلىپ ئېزىقىپ، قالايمىقانلىشىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، سوتسىيالىزم بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدىغان نەرسىلەر يامراپ كېتىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدىكى بىر يېپيېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدە بەلگىلىرىگىمۇ ئىگە. بارلىق كونا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى مىزان قىلىۋېلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى ۋە ماھىيىتىنى ئەبجەش قىلىۋېتىش، يوقىتىۋېتىش يولىدىكى بىھۇدە ئۇرۇنۇشلار تېخىمۇ بىمەنىلىكتۇر. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دەرۋەقە، ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدىكى ئېسىل نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش شەرتى ئاستىدىلا راۋاجلىنالايدۇ. لېكىن ئۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىدىيىۋى سىستېمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەنئەت بىناسىنى تېخىمۇ يارىتالايدۇ ۋە قۇرالايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ماركسنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتىنى ئۆتمۈشتىن ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىن ئالالايدۇ، دېگەن ھۆكمى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1990 ـ يىل 29 ـ نويابىر سانىدىن)

ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئەختەم ئۆمەر

# يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ

بۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئۆزۈمگە ئىشەنگەندىم، چۈنكى يازغانلىرىمنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمگە يارايدىغانلىرى خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن بۇلارنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان - قىلىنمايدىغانلىقىغا كۆڭۈل توختىتىپ بىر نەرسە دېيەلمەي يۈردۈم. چۈنكى مىڭلىغان ئەسەر، يازغۇچى ۋە ئالىملار بۇ يولدا قويۇق تۇمان ھاسىل قىلىپ، كىشنەپ زورۇقۇپ كېتىۋاتقان يىلقا توپىغا ئوخشايتتى. ئاشۇلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئارقىسىدىن ئەگىشىۋالغان تايچاقنىڭ بۇ توپقا قوشۇلۇۋېلىشى بۇياقتا تۇرسۇن، يېتىشىپ مېڭىشىمۇ بەسى مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. يازىمەن، تۈزىيمەن، ئوقۇيمەن، يەنە يازىمەن، ئەۋەتىمەن. سادا يوق. «‹ئورۇق ئاتقا ئېگىز ئوقۇر› دېگەندەك، تۈزۈك خەت يېزىشنى، ئاندىن خەۋەر يېزىشنى ئۆگەن» دېدى دادام بىر كۈنى ئاخشىغا يېقىن شام يورۇقىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئىچى پۇشقان ھالدا. غەزەبتىن بوغۇلۇپ تىنالماي قالدىم. گەپ قىلاي دېسەممۇ زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. دادامنى قايىل قىلىدىغان گەپلىرىم ئىچىمگە پاتماي قالدى، ئەمما بىرنىمۇ چىقىرالمىدىم، تىنالمىدىم. ياتسامۇ، ماڭسامۇ، ئولتۇرسامۇ، قوپسامۇ ئارام بەرمەي ئىچىمنى تاتىلايدىغان سەۋدادىن بىر يوللا ئازاد بولارمەن دەپ، مەجبۇرىي تىنماي تۇرۇۋالدىم. نەپسىم بارغانچە سىقىلىپ، كاللام چىڭقىلىپ، يۈزلىرىم قىزىپ كەتتى. كۆزۈمدىن مۇزدەك ياش چىقىپ، بۇرنۇمدىن قان كېتىش بىلەن ئىرادەمگە خىلاپ تىنىپ سالدىم. شۇ ئان كۆڭلى - كۆكسۈم بوشاپ، يەڭگىللەپ قالدىم. ئالدىمدا دۆۋىلىشىپ تۇرغان قەغەز بىلەن كۆڭلىكىم قان بولۇپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايىمغا بىر راھەتلىك سېزىم تارىلىپ، بۇرنۇمدىن چىققان قاننىڭ ئاستىلاپ تامچىشىغا قاراپ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەترەت باشلىقىنىڭ قوشنىمىزنى ھاشارغا چاقىرغان ئاۋازى مەستخۇشلۇقىمنى بۇزدى. تۇمشۇقىمدىكى قاننىمۇ يۇماي، قان بولغۇۋەتكەن قەغەزلىرىمگە قاراپ،

باشقىدىن يېزىپ چىقمىغىچە قويمايمەن، دەپ ئولتۇرۇۋالدىم. «قان يالىغان كۆچۈكتەك سىدىت ئولتۇرۇۋەرمەي، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ، تاماقىڭنى يېگىن. كىيىملىرىڭنىڭ سەت بولۇپ كەتكىنىنى قارا! جاھىللىقىڭدىن كىيىمىڭنىڭ كىرىنى چىقىرىپ بولغىچە، قولۇمنىڭ بېغىشى تېلىپ مادارى كېتىدۇ» دېدى ئانام ۋايساپ. شۇ كۈنى چۈش بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھازىر شۇ ئىشلىرىمنى ئويلىسام ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

راست، شۇ چاغدا بۈگۈنگە ئىشەنمىگەنىدىم. تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ھېكايەم بېسىلغان چاغدىكى ھاياجان ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ، پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەن يازغان ماۋزۇ، مەن يازغان قۇرمۇ - قۇر گەپلەر. گېزىتنى يەنە يېپىمەن، يەنە ئاچىمەن. مۇشۇ قۇرلارنى مانا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بۇ قولۇم بىلەن يازغان. قەلەمگە، قولۇمغا ۋە گېزىتكە سىنچىلاپ قارىدىم. ئىسمىم گېزىتكە مەن يازغاندىن چىرايلىق چىقىدىكەن، دەپ كۈلۈۋەتتىم. كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىنى ئايلاندىم. ئۆزۈم ناھايىتى يوغىناپ كەتكەندەك، باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەندىن پاكارلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ھەر كۈنى ئەيمىنىپ، يىراقتىن ئەگىپ كېتىدىغان يېزا شۇجىسىنى كۆرۈپمۇ قورقۇپ ئەيمىنىپ قالمىدىم. ئۇدۇل مېڭىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق تۇتۇپ، دەل شۇنىڭغا ئوخشاش گىدىيىپ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم. بۇ ئىشىمدىن ئۆزۈمچە تاغدەك لەززەت ھېس قىلدىم. ئىچىمدە «بىر چارەك قۇناقتا ھۆججەت يازالمايسەن. ئىسمىڭ گېزىت تۈگۈل ناھىيىنىڭ كارنىيىدا ئېلان قىلىنمىدى» دېدىم. خىيالىمدىن كۆڭلۈم كېلىپ ئارقامغا قارىسام، ئۇمۇ ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ، يېنىدىكى ئادەمگە مېنى كۆرسىتىپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقان ئىكەن. «تايىنلىق ئالدىمدىن توغرا ئۆتتى. ھاكاۋۇر ئىكەن دەۋاتقانسەن. قانداق بولدىكىن دەپ سېنى پەقەت بىر قېتىملا دوراپ قويدۇم» دېدىم ئىچىمدە. ھازىر ئاشۇلارنى ئويلىسام، خىجىللىقتىن كۈلگۈم كېلىدۇ.

بۇ لەززىتىم ئۈچ كۈندىن كېيىن بېشىمغا بالا كەلتۈردى. يېزا باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا سولىۋېلىپ، بۇرنۇمغا نوقۇدى ۋە كۆزۈمگە قولىنى تىقىپ تۇرۇپ: «سەن سىرىق تۈك ماڭقا ھېكايە يازىمەن دېگۈچە، چۆچەكىڭنى قىرىپ ئىچسەڭچۇ. ھېكايە - چۆچەك دېگەن ناۋائى، جەمشىتنىڭ زامانىدا يېزىلىپ تۈگىگەن. ھازىر نەدە ھېكايە بار ئىكەن؟! سەن شۇجى، ھاكىمنى كىنوغا بېلەت ئالماي كىرىدۇ دەپ يېزىپسەن. شۇمۇ ھېكايە بولامدا؟! بەش پۇڭلۇق بېلەتنى ئالماي كىرسە نېمە بوپتۇ؟! شۇنچىلىك ئىشقا ئەسقاتمىغان ھاكىملىق، شۇجىلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟! گېزىت چىقارغان نېمىلەرمۇ مەيدىسى قىچىشسا دۈمبىسىنى قاشلايدىغان بىر نېمىلەر ئوخشايدۇ. نەدىن چىقىرىدۇ بۇ بىرنېمىنى؟» دېدى. «ئۈرۈمچىدىن» دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ياندىقچىلىرى. يېزا باشلىقى تەھدىتلەر بىلەن مېنى بىر مۇنچە سەتلەپ، مېنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋەتتى، مەن لېۋىمنى چىشلەپ، شۇ كۈنى كېچىچە ئوخلىماي يەنە يازدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا يەنە بىر ھېكايەم

www.uyghurkitap.com

بىسىلدى. خۇشاللىقىمدا ژۇرنالنى يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر موللام بىر توپ ياش بىلەن كېلىپ ياقامدىن ئېلىپ، يۈزلىرى ئېسىلگەن ھالدا تىللاپ قارغاپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى جامائەتمۇ مېنى قارغىدى.

يازغىنىم بۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن تاسادىپىي ئوخشاش چىقىپ قاپتۇ. مەن يالۋۇرۇپ جىق چۈشەندۈردۈم. يۇرتىمىزدا بۇنداق ئىسمى بار ئاخۇنۇمنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە بىر دوستۇم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ: «بىر مەزگىل تالاغا چىقماڭ، مەھەللىنىڭ ياشلىرى سىزنى ئۇرۇپ، پۇت - قولىنى چېقىۋېتىمىز دەيدۇ» دېدى. قورقۇپ كەتتىم. ئانام يىغلاپ: «كېچىسى ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇپ يازغىنىڭ ساپ خەقنىڭ چىشىغا تېگىدىغان گەپكەن. سىڭگەن نانىنى يەپ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلىساڭ، مېنى ئارامىمدا قويساڭ بولمامدۇ؟! خەقنىڭ سەندەك باللىرى ئويناپ يۈرۈيدۇ. بۇ نەدىن چاپلاشقان جىن ساڭا» دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئانامغا چىدىمايمەن. بىچارە ئانامنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ، مەنمۇ كۆزۈمگە ياش ئالدىم. «بۇنىڭدىن كېيىن بىر نېمە يازغىنىڭنى كۆرۈپ قالسام، قولۇڭنى كېسىۋېتىمەن» دېدى ئاكام دەرۋازىدىن تۆمۈردەك كۆكەرگەن ھالدا كىرىپ. ئۇمۇ يىغلىۋەتتى. چۈنكى مەسچىتتە بىر توپ جامائەت ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدا مېنى قارغىغان ئىكەن. ئاكام جامائەت ئارىسىدا چىداپ تۇرالماي، يىغلىغانچە مەسچىتتىن قايتىپ چىقىپتۇ، مېنى دادام، ئانام ھەممىسى ئەيىبلىدى. مەھەللىدىمۇ چوڭ - كىچىك ھەممىسى كەمسىتىدىغان نەپرەتلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. يولدا كېتىۋاتسام، تونۇغانلار تونۇمىغانلارغا ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «گېزىتكە شۇجى، ھاكىم، ئىماملارنى يازغان سېرىدىق تۈك شۇمتەك ئاشۇ» دەيتتى. بەزىلەرنىڭ «مۇشتەك تۇرىدىغۇ بۇ شۇم، يۈرىكى ئەجەب ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئىكەن. يوقىلاڭ ئىشلارغا خەقنى قاماققا ئالدۇ. بۇ شۇمنى ئالماپتا» دەۋاتقانلىقىمۇ قۇلىقىمغا كىرىدۇ. پۈتۈن دۇنيا ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك، ئۆزۈمنى يېتىم، يالغۇز، مۇساپىر ھېس قىلدىم.

مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە قەلەم بىلەن قەغەز، دەسلەپكى ئۇستازىم تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ھەم قەيسەر دوستۇم ئىمىنجان ماڭا تەسەللى، مەدەت بەردى. بۇ كۈنلەردە مەن سىرۋانتېس، مەشرەپ، ناۋائى ۋە باشقا بۈيۈك ئەربابلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگەنتىم...

بېيجىڭدىكى «خەلق سارىيى» نىڭ سەھنىسىدە مۇكاپات ئېلىۋاتقىنىمدا، قەلەم تۇتقان دەسلەپكى كۈنلىرىم ئېسىمگە كېلىۋالدى. يازمىلىرىم ئېلان قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئىشىنىپ - ئىشەنمەي ھەيران قالغىنىمدەك ھازىرمۇ نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ بۇ مۇكاپاتنىڭ ماڭا كېلىپ قالغىنىغا ھەيران بولىمەن. سەھنىدە قورۇنۇپ تۇرالماي، پەسكە سۈنئىي كەيپىيات بىلەن چۈشۈپ ئاران ئولتۇرۇۋالدىم. كۆز ئالدىمغا ئاشۇ يىراقلاردا چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ، مۇكچىيىپ ئىشلەۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار كېلىپ، يېرىم چارەك كەتمەننى ئۆرۈپراتقان قاداقتىن پۈتكەن قوللار ئارىسىدا ئۆزۈمنى گويا لەيلەپ يۈرگەنسايىدەكلا

ھەبس قىلىپ، خىجىل بولدۇم. سەت،
خاتا خەتلىرىمنى مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ
ئوڭشاۋاتقان، مەن ئۈچۈن يەلكىلىرىنى
شۈتا قىلغان ئۇستازلار، ئاق كۆڭۈل مۇھەر-
رىرلەرنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سەمىمىي
كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇ-
يۇلدى. يەنە خەلق قەلبىگە چوڭقۇر ھۆر-
مەت تامغىسى باسالىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر،
ئاكىلار، ئاچا، ئىنىلار ئالدىدىمۇ روھىم قورۇ-
نۇۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. يىغىن* جەريانىدا
مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئاكاماڭا ئۆسۈپ يېتىلىشىم
توغرىلىق بىر نەرسە يېزىش ھەققىدە سەمىمىي
تەكلىپ بەردى. نەدىن باشلاپ نېمە يازىدىغانلىقىم
ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردۇم. دۆلەت مىللىي
ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىي-
يىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن سۆھبەت يىغىنىدا
دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىس-
مايىل ئەمەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قىزغىن
ئەكس ئەتتۈرۈش، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىش-
تۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى
قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش مەركەز
قىلىنغان بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە سۆز
قىلىپ، ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قوي-
ۋېدى، پۈتۈن يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن
ئالقىشىغا ئېرىشتى، شۇ چاغدا شىزاڭلىق ياز-
غۇچى يىشى دەنزىلىڭ سۆز قىلىپ «ئىسما-
يىل ئەمەتنىڭ پىكرى يۈرەكتىكى گەپ
بولدى. بىز ھەممىمىز ئاز سانلىق مىللەت-
لەر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى، دۇنياغا
يۈزلىنىشىنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىمىز. بىز
ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يۈرەكلىك تۈر-
دە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز زاڭزۇ-
لاردا ‹بىر مىللەتنىڭ ئىككى نەرسىسى
بولمىسا بولمايدۇ. بىرى، پادىشاھى، يەنە
بىرى، يازغۇچىسى. پادىشاھى بولمىسا بول-
مىسۇنكى، يازغۇچىسى بولمىسا بولمايدۇ›
دەيدىغان گەپ بار. يازغۇچى شۇ مىللەت
مەدەنىيىتىنى تازىلىغۇچى، ئاقارتقۇچى
سوپۇن» دېدى. بۇ سۆز شۇندىن بېرى
كۆڭلۈمدە توختىماي تەكرارلىنىدىغان
بولۇپ قالدى. راست، بىر مىللەتنىڭ ياز-
غۇچىسى بولمىسا، ئۇ چوقۇم يا ئەما ئادەم-
گە، يا گاس ئادەمگە، ئىشقىلىپ بىرەر
يېرى كەمتۈك بىچارە ئادەمگە ئايلىنىپ
قالىدۇ. مېنى يېزىقچىلىق يولىغا سالغان
خەلقىمگە، بولۇپمۇ ئۇستازلىرىمغا رەھمەت!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

* مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com



## ۋىلىيام باررى ئىجادىيەت ھەققىدە

ھازىرقى زامان ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىلىيام باررى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە باكلاۋرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان، كېيىن ۋېنا ۋە مېكسىكىدا مېدىتسىنا پەنلىرىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ھېكايىلىرى ئامېرىكىدا جىددىي بەس - مۇنازىرە قوزغىغان. بەزىلەر ئۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ماختىسا، بەزىلەر ئۇنىڭ ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغان، ھېچنېمىنى يوشۇرمايدىغان تۈزلۈكىنى ئەيىبلىگەن. ھازىر ئۇ نيۇيورك، كولورا شتاتىدىكى پورىدا يېزىقچىلىق قىلىدۇ ھەم ئوقۇتۇش، لېكسىيە سۆزلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

زادى قانچىلىك يازغۇچى يېزىقچىلىق ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ باققاندۇ؟ ئۇنداقلار بار، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، جامۇس. جونېس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەنە بىر خانىم بىلەن مۇشۇنداق بىر دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلدۇرغان. مەسىلەن، ئۇلارنى ھېمىڭۋايغا بىر ئاي، گېرىئىن. گېرىنگە بىر ئاي تەقلىد قىلدۇرغان. مېنىڭچە، بۇنداق مەشق ئەلۋەتتە زۆرۈر، لېكىن يېزىقچىلىق ھەققىدە دەرس ئۆتكەن يازغۇچىلار يەنىلا ئاز. بىز بۇ يەردە زادى ئىجادىيەت تېخنىكىسى دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ ئىجادىيەتنى ئۆگىنىپ قويغىلى بولامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز، شۇنىڭدەك بۇنداق سوئالغا ئاددىي ھالدا ھەئە ياكى ياق دەپلا جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىمىز.

ئىجادىيەت ماھارىتى ھەققەتەن كۆپ خىل بولىدۇ. بىر خىل ماھارەت بىر يازغۇچىغا ماس كەلسە، يەنە بىر يازغۇچىغا ئەسقاتماسلىقى مۇمكىن. دېمەك ئىجادىيەت بىر خىللا ئۇسۇل ۋە بىر خىللا يول ئەمەس. شۇڭا بىز يۇقىرىقى سوئالغا كۆپ تەرەپلىمە جاۋاب ئىزدىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ بىر خىل جاۋاب بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، يازغۇچى كۆزىتىشى قانچىلىك ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بولغانسېرى، يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى شۇنچە كۆپ بايقىۋالالايدۇ. مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر خىل مەشق ئۇسۇلىمنى ئېيتىپ ئۆتەي: كوچىدا كېتىۋاتقان

مەلۇم بىر كىشى سىزنى كۆرۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى سىز ئۇنى كۆرۈپ بولغان بولۇشىڭىز كېرەك. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ ھېچ تەييارلىقسىز ھالەتتە سىزگە بىر قېتىملىق كۆزىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەردە ئېرىشكىنىڭىزنى كەلگۈسىدە ئىشلىتىدىغان ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلاپ قويىسىز. مەن بۇنداق مەشىق ئۇسۇلىنى ئوھىئو شىتاتىنىڭ مەركىزى كولۇمبۇدا بىر قارا قول پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىدىن ئۆگىنىۋالغان. مۇبادا ھېلىقى كىشى سىزنى ئاۋۋال كۆرۈۋالسا، سىزنىڭ زېھنىڭىزنى ئىشلىتىپ ھەر خىل پەرەزلەر بىلەن ھەپىلىشىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز بىرەر دېتال ياكى بىرەر پېرسوناژنى قولدىن چىقىرىپ قويىسىز. سىزنىڭ يولدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالغان ۋە قاراپ سالغان ئادىمىڭىز بەلكىم بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن مەلۇم ئەسىرىڭىزنىڭ پېرسوناژى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىز كۆرگەن بەزى ئىشىكلەر ياكى ماگىزىنىنىڭ جاھازىلىرى ئەسىرىڭىزگە كېرەكلىك بىرەر كۆرۈنۈش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىلىش كېرەككى، يازغۇچىنىڭ بىپەرۋالىقى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆز سەزگۈلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋالغىنى بىلەن باراۋەر. جۇۋان. جىنەيىت بىر فرانسۇز يازغۇچىسى توغرىسىدا توختىلىپ (بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ھاجەتسىز): «ئۇنىڭ يازغۇچىغا خاس جاسارىتى كەمچىل» دېگەنىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «جاسارەت» ئىچكى (روھى) دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھېلىقى يازغۇچى ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنىڭ قاينىمىغا بېشىچىلاپ كىرىپ قېلىپ چىقالمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۇنى ھەيرانۇ ـ ھەس قىلىۋەتكەن، ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويغان ياكى ئۇ كىتابخانىلارنىڭ باشقىچە پىكرىدىن قورققان. بىلىش كېرەككى، بۇنداق جاسارەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدە چىڭ تۇرۇش ۋە كوتۇلداشلارغا، ئۈمىدسىزلىكنىڭ زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرىش بىلەن مەنىداشتۇر. ھەر قانداق يازغۇچى نۇرغۇنلىغان ناچار ئەسەرلەرنى يازماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ئاشۇ ئەسەرلىرىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ناچارلىقىنى بىلىپ يېتەلىشى ناتايىن، شىنكراي. لوئىس: «مۇبادا سەن ئۆزۈڭچە ناھايىتى ياخشى چىقتى دېگەن ئەسەرلىرىڭنى باشقىلارغا كۆرسىتىپمۇ باقماي يىرتىپ تاشلىغان بولساڭ، بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىش بولار ئىدى ـ ھە» دېگەنىدى.

مەن بېشىمدىن مۇنداق ئىشلارنىمۇ ئۆتكۈزگەن: ئۆزۈمچە ئىنتايىن نادىر ئەسەر دېگۈچىلىكى بار ئەسەرلەرنىمۇ يازغان، لېكىن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتا ئوقۇپ بېقىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ئاھ خۇدا، دەررۇ يىرتىۋېتىپ خەق كۆرمەستە باشقىلارنىڭ ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋەت!» دەپ تاشلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز ۋاقتىدا ئانچە باش قاتۇرمايلا يازغان بەزى ئەسەرلىرىمنى قايتا ئوقۇپلا ئۇلارنىڭ راستىنلا ئەسەر بولۇپ قالغانلىقىنى بىردىنلا بايقاپ قالغانىدىم. دېمەكچىمەنكى، بىر كەسىپى يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئىشلەشكە ھەمدە پىشقان ئەسەرلىرىنى نەشرگە بېرىش ئالدىدا تۈجۈپىلەپ تاللاشقا ۋاقتى يېتەرلىكمۇ؟! مەن ھەر دائىم: «يازغۇچى مەلۇم بىر مەزگىل تەشنا ھەم قىزغىن كىتابخۇمار بولۇشى كېرەك» دېگەن گەپنى ئاڭلايمەن. ئېسىمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشچە، ئەيلوت: «مۇبادا مەلۇم بىر يازغۇچى قالتىس بىر بەدىئىي ئۇسلۇب ئىگىسى دەپ قارالغان بولسا، روشەنكى، ئۇنىڭ كىتابلىرى تەلتۆكۈس ئوقۇلۇپ بولمىغان» دېگەنىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان بەزى بىلىملەرنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىر دوختۇر ياكى ئادۋوكاتنىڭ ئۆز كەسپىگە ئائىت ئىلىمگە كامىل بولۇشى زۆرۈر بولغىنىدەكلا بىر ئىش.

بىر كەسپىي يازغۇچى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن چاغدا گويا قايسىبىر تۈزۈمنى ئىجرا قىلىۋاتقاندەك ناھايىتى كۆپ ۋاقىتنى چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيالىشى ناتايىن. شۇڭا كىتاب ئوقۇشنى ئىمكان قەدەر بالدۇرراق باشلىغان ياخشى.

ئاددىيراق قىلىپ خۇلاسىلىگەندە، پايدىلىق، لېكىن كەم بولسا زادى بولمايدۇ. دېگەنلىك بولمايدىغان شەرتلەرنى، مەسىلەن، ماشىنىكا ئالدىدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۇزۇنغىچە چارچىماي داۋاملاشتۇرۇش، بېسىپ ئولتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، ئۆز ئەسىرى قايتۇرۇۋېتىلگەندە بولىدىغان ئۈمىدسىزلىككە چىداش، ھەتتا ئىنتايىن ناچار ئەسەر يېزىپ قويغاندا ئۇچرايدىغان قاخشاتقۇچ زەربىگە چىداش ئىقتىدارى، باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى تەلتۆكۈس بىلىۋېلىش ئىقتىدارى، كونكرېت، كۆرگىلى بولىدىغان ئىبارە (سۆز) لەر ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشنى بىلىش ئىقتىدارى، كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇشقا ئىنتىلىش ئىقتىدارى ۋەھاكازالارنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ئوقۇغۇچىغا يېزىقچىلىق توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى ئۆگىتىش مۇمكىن؟

باشقىلارغا «ئۇنداق يازساڭ بولمايدۇ، بۇنداق يازساڭ بولمايدۇ» دېيىش «ئەسلى بۇنداق يېزىش كېرەك ئىدى» دېگەندىن ئوڭاي. ماۋزۇنىڭ ياخشى قويۇلماسلىقى بىلەن بىر ياخشى كىتاب خاراب بولۇشى مۇمكىن، ئەكسىچە ياخشى قويۇلغان ماۋزۇ ناچار بىر كىتابنى بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. نامى ناچار قويۇلغان كىنونىڭ پالاكەتكە يولۇقۇشى تېخىمۇ تېزرەك، يېگەن زەربىسى تېخىمۇ پاجىئەلىكرەك بولۇشى مۇمكىن. ماۋزۇسى ناچار قويۇلغان ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى دەرھال ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمىسا، ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇشقا بولىدۇ، لېكىن كىنودا بولسا، پەقەت بىر قېتىملا پۇرسەت بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇتلەق قائىدە بولمىغان بىلەن يەنىلا مەلۇم ئۆلچەم بولىدۇ. بىر ياخشى ماۋزۇ كىتابخان ۋە تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ، كىتابخانىنى ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ناچار ماۋزۇ كىتابخانىنىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. شۇڭا كىتابخان ياكى تاماشىبىن ئەسەرنى، جۈملىدىن فىلىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىنلا باش تېمىدىن خەۋەردار بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئۇلانما تەسەۋۋۇرغا ئورۇن قالمايدۇ.

چۈش — يېزىقچىلىق ماتېرىيالى چىقىدىغان مۇنبەت تۇپراق. مەن مۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى جون. دېئىن يازغان «ۋاقىتنىڭ سىنىقى» (1924 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابنى ئوقۇغانىدىم. دېئىن ئەنگلىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشىگە دىققەت قىلىپ، چۈشىنىڭ ئۆتمۈشنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماي، كەلگۈسىدىنمۇ بېشارەت

بېرىدىغانلىقىنى بايقىغان. بىلىش كېرەككى، چۈشتىكى كەلگۈسىگە دائىر ماتېرىياللار هامان پارچە - پۇرات، ئۆزئارا باغلىنىشسىز هالەتتە بولۇپ، خاتىرىلىۋالمىسا ئەستە ساقلىماق تولىمۇ قىيىن. مانا بۇ ئالاھىدىلىك مەندە چۈشنى خاتىرىلەپ ماڭىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردى. مېنىڭ بۇنداق خاتىرىلەپ كېلىۋاتقىنىمغا 30 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. مېنىڭ چۈش خاتىرىلەپ مېڭىشىم يېزىقچىلىققا كىرىشىشىمدىنمۇ بالدۇراق باشلانغان. مەن چۈش خاتىرىلەشكە ئادەتلىنىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولغانىدىم. مەن چۈشۈمگە كىرگەن بىر نەچچە پېرسوناژ ھەم ۋەقەلىكتىن بىۋاسىتە پايدىلاندىم. يازغانلىرىمنىڭ ئەڭ كەم دېگەندە 40% چۈشۈمدىن كەلگەن.

مەلۇم بىر پېرسوناژنى تەسۋىرلىمەكچى بولغىنىمدا، مېڭەمدە چۈش بىلەن پۈتۈنلەي تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان بىر سۈرەت پەيدا بولىدۇ. مەن بىرەر ئادەمنى چۈشەپ قالسام، ئۇنىڭ چىرايىنى بىرەر ژۇرنالدا كۆرگەن مەلۇم ئادەمنىڭ چىرايى بىلەن سېلىشتۇرىمەن - دە، چۈشۈمدىكى ئادەمنىڭ بۇ سۈرەتتىكى ئادەم بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمەن. بەزىدە چۈشۈمدىكى ئادەمگە بەزى جەھەتلەردىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرەر ئادەمنى ئىزدەيمەن. ئادەتتە مېنىڭ قەلىمىمدىن چىققان پېرسوناژ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تۈرلەنگەن بولىدۇ. مەن ئالبومىمغا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىنى يىغىپ چاپلىۋالىمەن

(«چەت ئەل ھېكايىلىرى» نىڭ 1986 - يىللىق 2 - سانىدىن)

مۇھەممەت باغراش تەرجىمىسى

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

جەسسى ستۇيات (ئامېرىكا)

## مۇھەببەت

تۈنۈگۈنكى تومۇز ئاپتىپى كۆممىقوناقلارنى سولاشتۇرۇۋەتتى. مەن دادام بىلەن يېڭى ئېچىلغان ئېتىزنى چۆرىدەپ قاشالاپ چىقتىم. كالا تويى يارداڭلىقتىكى كاشتان دەرەخلىكىدىن ئۆتۈپ يوپۇرۇلۇشۇپ كېلىپ، پىشمىغان كۆممىقوناقلارنى چەيلىۋەتكەنىدى. ئۇلار قوناقلارنىڭ باشلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ، شاخلىرىنى دەسسەپ بىزەپ قىلىۋېتەتتى.

دادام قىردا، بوب ئاتلىق ئىتىمىز دادامنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. بىز يارداڭلىقنىڭ بويىدىكى شاخ-شۇمبىلار ئارىسىدىن دالا چاشقىنىنىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

— ھەي بوب، ئۇنى تۇت! — دەپ توۋلىدى دادام.

دادام سۆز ئارىلىقىدا بىرتال قوناق شېخىنى ئېلىۋالدى. بۇ شاخ سولىشىپ قالغانىدى، دالا چاشقىنى قوناق غولىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، تاتلىقىنە قوناق بېشىنى يەپ كەتكەنىكەن. چاشقانلار مۇنداق كۆممىقوناققا ئامراق ئىدى. ئۇلار نۇرغۇن قوناق شاخلىرىنى كولاپ يىقىتىپ، كۆممىقوناق دانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتەتتى، نەتىجىدە كۆممىقوناقنى يېڭىباشتىن تېرىشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

مەن دادامنىڭ بوبىنى سۆرگىنىچە دالا چاشقىنىنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بوب قىڭغىيىپ قالغان قوناق شاخلىرىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، دالا چاشقىنىغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. مەنمۇ بوبقا قاراپ يۈگۈردۈم، كەينىمدىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— يوغان بىر قارا يىلان، تېخى ئەركىكى، — دېدى دادام، — ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، بوب! ئۆلتۈرمەمسەن!

بوب سەكرىگىنىچە بېرىپ قارا يىلاننى چىشلەشكە، ئۆزىنى ھەريان ئېتىپ ئۇنى مەلكە قىلىشقا باشلىدى. بوب بۇ يىل ئەتىيازدا 28 زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرگەنىدى، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەتتى. شۇڭائازراقمۇ تەمتىرىمەيۋاتاتتى، بەلكى، پەم بىلەن جايلاش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتاتتى.

— بۇ يىلاننى ئۆلتۈرمىسەك، — دېدىم مەن، — قارا يىلاننىڭ زەھىرى يوق. ئۇ تېخى زەھەرلىك يىلانلارنى ئۆلتۈرىدۇ، مۈشۈكتىنمۇ كۆپ چاشقان تۇتىدۇ.

مەن بۇ يىلاننىڭ ئىت بىلەن ئېلىشىشنى خالىماي قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. ئەمما، بوب ئۇنى قويۇۋەتكىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. مەن بۇ يىلاننىڭ تاغ قاپتىلىدىكى بۇ مۇنبەت زېمىنغا نېمىشقا كېلىپ

قالغىنىنى، كاشتان دەرىخى ئاستىدىن نېمىشقا ئازغان تىكەنلەر قاپلىغان يارداكلىققا چىققانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. بوب لىككىسىدە سەكرىگەن چاغدا يىلاننىڭ بېشىنى كۆتۈرگىنىنى كۆردۈم.

— ئۇ ئەركەك ئەمەس، چىشى يىلانكەن، — دېدىمەن، — ئۇنىڭ بويىنىدىكى ئاق سىزىقلارغا قارىمامسىز.

— يىلان مېنىڭ دۈشمىنىم، — دەپ ۋارقىرىدى دادام، — مەن يىلانغا ئۆچ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، بوب، بارە، تۇت ئۇنى، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشما!

بوب دادامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇنىڭ يىلاننىڭ بويىنىدىن چىشلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىدىيالماي قالدىم. ئۇ كۈن نۇرىدا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈندى. بوب ئۇنىڭ بويىنىدىكى ئاپئاق يەردىن چىشلىۋېلىپ، ئۇنى شامالدا قامچا ئوينىتىۋاتقاندەك سىلكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەگرى - بۈگرى سىزىقلىق بويىنىدىن ئىسسىق قان ئېتىلىپ چىقتى. بىردىنلا پۇتۇمغا قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇقتەك تەگدى. قارىسام بوب يىلاننى يەرگە ئۇرغاندا ئېتىلىپ چىققان يىلان تۇخۇمى پۇتۇمغا تەگكەنىكەن. بۇ يىلان ئەسلىدە قۇم دۆۋىسىگە بېرىپ تۇخۇمدىماقچى، ئاندىن ئاپتاپتا تۇخۇم باسۇرماقچى بولغانىكەن.

بوب ئۇنى يەنە چىشلىدى، بۇلدۇقلاپ ئېقىپ چىققان قان كۆلرەڭ توپا دۆۋىسىنى قىزارتىۋەتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى يەنىلا ئازاب ئىچىدە تولغىنىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇ ئوتقا چۈشكەن سالجىدەك تۈگۈلۈپلا قالغانىدى. بوب ئۇنى ھەدەپ سىلكىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىنچىكە، ئاجىز گەۋدىسى شامالدا بەئەينى ئاياغ بوغقۇچىدەكلا تىترەۋاتاتتى. بوب ئۇنىڭ ئۆتمەس تۆشۈك بولۇپ كەتكەن گەۋدىسىنى قۇملۇققا يەنە ئۇردى. ئۇ شىددەتلىك بوراندا قالغان يوپۇرماقتەك بىردەم تىترەپ، كېيىن بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئەتراپتىكى تۇپراق قىزغۇچ ھالەتكە كىردى.

— سەن ماۋۇ يىلان تۇخۇملىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دادام مەندىن. بىز بۇلارنى سانىۋىدۇق، جەمئىي 37 تال چىقتى. مەن ئۇلاردىن بىرىنى قولۇمغا ئالدىم، ئۇ تېخى بايىلا جېنى بار نەرسە ئىدى، ئەمما سەل بالدۇر تۇغۇلۇپ قالدى. مۇنداق تۇخۇم يىلان چىقىرالمايتتى، قۇياش ئانىمۇ ئۇنى ئىسسىق تۇپراقتا كۆز ئاچقۇزۇشقا ئامالسىز ئىدى. قولۇمدىكى تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقى بۆدۈنە تۇخۇمىدەكلا بار ئىدى، شاكىلى نېپىز، ئەمما قاتتىق بولۇپ، قولۇمدا بىر ئۇچۇم سۇدەكلا تۇراتتى.

— بوب، ئەمدى چۈشەنگەنسەن، بۇ يىلان، سەن بىلەن ئېلىشالمايدۇ، — دېدىمەن، — تۇرمۇش شۇنداق بولىدۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدۇ، ئادەملەرمۇ شۇنداق. ئىت يىلاننى، يىلان قۇشلارنى، قۇشلار كېپىنەكلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئادەم بولسا ھەممىنى يېگىدۇ. كىشىلەر بەزىدە جانلىقلارنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ.

بوب ئېغىر تىنغىنىچە ئالدىمىزدا ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چارچاپ ھالى قالمىغاچقا، تىلى ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئۇستىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ساڭگىلاپ يەرگە تېگەي دەپ قالغان تىلىدىن ئاپئاق كۆپۈك ئۆرلەۋاتاتتى. ئىككىمىز ئۈنچىقماي ئۆيگە قاراپ مېڭىۋەردۇق. قۇياش پېتىۋاتاتتى، كاشتان دەرەخلىكى ئارىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

بوز تورغاي ۋىچىرلاپ سايراۋاتاتتى. تۈن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. تاغ ۋە ئورمانلارنى قىزىل شەپەق پۈركىدى. دادام يولنىڭ بويىدا تۇراتتى، مەيىن شامال ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى يەلپۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، كۆزلىرى يېپىتىپ كېتىۋاتقان كەچكى قۇياشقا تىكىلگەنىدى.

دادام يىلانغا ئۈچكەن، دەپ ئويلىدىم مەن.

خىيالىمغا ئايالارنىڭ تۇغۇت ئازابى كەلدى. ئۇلار بالىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن جان تالىشىدۇ. مەن يەنە ھېلىقى يىلاننى ئويلىدىم. بۇ ئىشلارنى ئويلاش ماڭا ناھايىتى ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلدى.

دادام ئىككىمىز ئەتىگەندە باش توخۇ بىلەن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىز تۆشۈك تېشىدىغان قوزۇق، پالتا، ئوتىغۇچ، ئۆلچىگۈچ ۋە جوتۇلارنى ئېلىپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدۇق، بوب كەينىمىزدىن ئەگەشمىدى. كۆممىقوناقلاردا شەبنەم تامچىلىرى يالتىرايتتى. دادام تۆشۈك تېشىدىغان قوزۇقنى دولىسىغا ئارتىپ كەينىمدە كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتىم. مەيىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ شامال كىشىگە راھەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپ، سېنى خۇددى تاغنى ئۆرۈۋېتەلەيدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

مەن تۈنۈگۈنكى قوناق شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئالدىمدا بىر نەرسىنىڭ چىغىرىقتا يۆگىلىۋاتقان قارا ئارغامچىدەك مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

— توختاڭا، — دېدىمەن دادامغا، — بىر ئەركەك يىلان تۇرىدۇ.

دادام بىر چەتكە داجىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

— سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەركەك يىلان دەپ مۇشۇنى دەيمىز، — دېدىمەن، — ئۇنىڭغا ئوبدانراق قاراپ بېقىڭ. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن جۈپتىنىڭ يېنىدا ياتىدۇ. ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئىزىنى بويلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

بۇ ئەركەك يىلان چىشىسىنى ئۇ جان بەرگەن يەرگىچە ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ كېچىسى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىدا كەلگەن، ئۇ جۈپتىنى بايقاپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۈگۈلۈپ ياتقان، ئەمما جۈپتى ئۆلگەنىدى.

ئەركەك يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ، چىشى يىلاننى بىز بىلەن تەڭ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ بىز بىلەن، شۇنداقلا بوب بىلەن جېنىنى تىكىپ ئېلىشماقچى بولۇۋاتاتتى.

— بىر تال تاياق ئەكەل، — دېدى دادام، — بۇ يىلاننى تاغ تەرەپكە تاشلىۋېتەيلى، شۇنداق قىلساق بوب ئۇنى كۆرمەيدۇ. سەن بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە ئىشنى كۆرگەنمۇ؟ مەن ئاڭلىغان، ئەمما بۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم.

مەن يىلاننى تاياق بىلەن ئېلىپ، يارداڭلىقتىكى شەبنەم چۈشكەن قوناقلىققا تاشلىۋەتتىم.

(«مەشھۇر ئەسەرلەردىن ھۇزۇرلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 5 - سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

# تۇرمۇش ۋە ئاپتور





ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com



《塔　里　木》　文学月刊　（维 吾 尔 文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑:《塔里木》编辑部
出　　版:新疆人民出版社
印　　刷:新疆新华印刷厂
发　　行:乌鲁木齐市邮局
订阅、零售:各地邮局所

1991 ـ يىل 3 ـ سان (361 ـ سان)، 41 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:　CN65-1010/I
本刊代号:58-66 定　价:1.40 元
邮政编码:830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 — 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى: